ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى

## 2

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى

# 2

تۈزگۈچى: ئازات سۇلتان
تەھرىرى: مۇھەممەد زۇنۇن
مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇسالام توختى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## 4 - باب. دراماتورگىيە

1 - §. يېڭى دەۋردىكى دراماتورگىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 283
2 - §. ئەنئەنىۋي تىياتىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە كونا-چۆي تىياتىرى «ئونبەش تىزىق داچەن»......... 336
3 - §. يېڭى ئوپېرالارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە «خۇڭخۇ پار-تىزانلىرى»، «لىيوسەنجىيې» ئوپېرالىرى.......... 345
4 - §. لاۋشى ۋە ئۇنىڭ درامىلىرى .................. 355
5 - §. تىيەن خەننىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ «گۇەن خەنچىڭ» دىرامىسى ........................ 381
6 - §. «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» دىرامىسى ........................................ 398

## 5 - باب. نەسر

1 - §. نەسر ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 417
2 - §. نەسرنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................ 419
3 - §. يېڭى دەۋردىكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي

ئەھۋالى ........................................................ 422
4 - §. ياك سۇ ۋە ئۇنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى ................ 436
5 - §. ۋېي ۋېي ۋە باجىنىنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى.............. 450
6 - §. ليۇبەييۇي ۋە چىگمۇنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى ...... 464
7 - §. بىڭ شىن، شۈيچى، خەنزى خې ۋېي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى............. 474
8 - §. دىڭ تونىڭ «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» ناملىق فېلىيەتونلىرى................................ 490

6 - باب. كىنو ئەدەبىياتى

1 - §. كىنو ئەدەبىياتى ھەققىدە ئاددىي ساۋات........... 499
2 - §. يېڭى دەۋر كىنو ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. ........................................ 504
3 - §. شيايەننىڭ كىنو ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى. ........................... 544
4 - §. «لى شۇاڭ شۇاڭ» ۋە «دۇگىسۇگرۇي» ناملىق سىنارىيىلەر ........................................ 553
5 - §. لۇ يەنجۇ ۋە ئۇنىڭ «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» ناملىق سىنارىيىسى.................................. 562
6 - §. «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» ۋە «يىلقىچى» ناملىق سىنارىيىلەر. ........................... 569

# 4 - باب. دراماتورگىيە

## 1 - §. يېڭى دەۋردىكى دراماتورگىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

دراماتورگىيە — مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا نەتىجىسى نىسبەتەن چوڭ، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان بىر ساھە. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دراما ئىجادىيىتى تېز يۈكسىلىپ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى بەختىيار تۇرمۇشى دراماتورگلىرىمىزنى كەڭ ئىجادىيەت زېمىنى بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئۇلارغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. شۇنداق بولغاچقا، دراماتورگلار نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈردى، بىر قاتار يارقىن ئوبرازلارنى ياراتتى ۋە مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. دراما — بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلىپ، ئاممىنى كەڭ كۆلەملىك تەربىيىلەش، ئۇلارغا بەدىئىي زوق بېرىش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئېلىمىزنىڭ دراما ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ تۆۋەن-

ددىكى ئۈچ باسقۇچ بويىچە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ.

1 - باسقۇچ: 1949 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان 17 يىل.

2 - باسقۇچ: 1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە بولغان ئون يىل.

3 - باسقۇچ: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغان 1976 - يىلىدىن باشلىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئاشۇ ئۈچ باسقۇچ بويىچە دراماچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلىمىز.

## 1 . دراماچىلىقنىڭ 17 يىلى

«4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ درامىلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن كۆپ يېڭىلاندى. خەلقىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشى، كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتى ۋە شۇ جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنىلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇنداق ئەنئەنىلەرنى مەيلى 30 - يىللاردىكى دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئائىت درامىلاردىن بولسۇن، ياكى 40 - يىللاردىكى ياپونغا قارشى كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن درامىلاردىن بولسۇن ئاشكارە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئازاد رايونلاردا بولسا 40 - يىللاردا ئوپېرا، دراما ۋە يەرلىك تىياتىرلارنىڭ ئىسلاھاتىدا مول تەجرىبىلەر يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى جۇڭگو دراماچىلىقىنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئوبدان ئاساس ئىدى.

كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىلا ئەدەبىيات سەھ-

ـنىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن داڭلىق دراماتۇرگ-
لاردىن تيەن خەن، لاۋشې، گومورو، ساۋيۈي، ياڭ خەنشىڭ،
شيا يەن، چېڭ بەيچېڭ قاتارلىقلار ۋە يەنە بىر قىسىم دېموك-
راتىك ئىنقىلاب دەۋرى ياكى ئازادرايونلاردا ئارمىيىمىز
ئىچىدە خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل تەشۋىقات، سەنئەت ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىپ چېنىققان ۋە ئىجادىيىتىنى باشلىغان خۇكې،
چېڭ چىتۇڭ، شىن شىمىڭ، دۇ فىڭ، زۇڭ شىن، دۇيىن قاتار-
لىق يازغۇچىلار دراما ئىجادىيەت قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى.
پېشقەدەم دراماتۇرگلار يېڭىچە ئىلھام، تولۇپ - تاشقان قىز-
غىنلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئىجادىيىتىنى
باشلىغان بولسا، ئىجادىيەت سەھنىسىدە يېڭىدىن تونۇلۇشقا
باشلىغان ياش دراماتۇرگلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى
نامايەن قىلىپ، ئىجادىيەت يولىدا ئىزدىنىشكە باشلىدى. بۇ
قوشۇن بارغانسېرى زورايدى، ئۆستى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى دراماچىلىقىمىزدا گەرچە بەزىدە
خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرىدە ئەگرى يوللارغا چۈ-
شۈپ قېلىپ، بىر مەھەل ئەمەلىيەتتىن، خەلقتىن ئايرىلىپ
قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئاسا-
سىي ئېقىمىغا قارىغاندا، ئۇ يەنىلا رېئالىستىك ئىجادىيەت يو-
لى بىلەن مېڭىپ خەلق بىلەن، تۇرمۇش بىلەن بولغان قو-
يۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايون-
لاردا ئىجاد قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرى ئاساسەن ئەكسىيەت-
چىلەرنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنى، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى

پاش قىلغان بولسا، ئازاد رايونلاردا يېزىلغان سەھنە ئەسەر-لىرى ئاساسەن خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلەش-نى مەزمۇن قىلغانىدى. 1949 - يىلى ئازاد رايونلاردىكى ۋە گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىكى دراماتورگلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بايرىقى ئاستىغا جەم بولغان-دىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت يېڭى مەنزىرە، يېڭى قىياپەت ۋە يېڭى كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. ئىشچى، دېھ-قان، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەسەرلەر بىر-نىڭ كەينىدىن بىرى ئىجاد قىلىندى. «قىزىل بايراق ناخشىسى» (لىۇ ساڭخەي قاتارلىقلار كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان) ۋە «كۈرەش ئىچىدە تاۋلىنىش» (خۇ كې) درامىلىرى يېڭى جۇڭگو بىلەن تەڭلا دۇنياغا كەلگەن ئەسەرلەر بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ.

خۇ كې ئۆزىنىڭ «كۈرەش ئىچىدە تاۋلىنىش» ناملىق درامىسىدا جاۋ تىيېجۇ ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ تەق-دىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كەڭ كەمبەغەل دېھقانلار ئامى-سىنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنىڭ تېگىدە ئېزىلىپ، تارتقان جەۋرى-جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى سۈرەتلەپ، يوقسۇللارنىڭ چىقىش يولى پارتىيىنىڭ رەھبەرلى-كىدە ئىنقىلاب قىلىپ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئىكەن-لىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەسەر تارىخنى ۋە رېئال تۇرمۇش-نى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەينى يىل-لاردا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى.

«قىزىل بايراق ناخشىسى» درامىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى 1948 - يىلى يېزىپ تاماملانغان بولۇپ، 1949 - ۋە 1950 - يىللىرى سەھنىلەردە ئوينالغاندىن كېيىن، خېلى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغانىدى. شۇ چاغدا بۇ دراما بىر تەرەپتىن قىزغىن ئالقىشلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دوگماتىزملىق ئاددىي ۋە قوپال تەنقىدكە ئۇچرىدى. ئەسەرنىڭ خاھىشى ساغلام ئەمەس، ئۇ «ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيىسىنى تەشۋىق قىلغان»، ئاساسىي پېرسوناژلىرى «چىن ئەمەس» دەپ ئەيىپلەندى. بۇ پىكىرلەرنىڭ ئاساسى يوق بولغاچقا، ئەلۋەتتە ئۆز ۋاقتىدىلا ئىنكار قىلىندى. يولداش جوياڭ بۇ دراما ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تۇنجى قېتىم ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەسۋىرلىگەن سەھنە ئەسىرى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسىدىكى يۇقىرى ئەمگەك قىزغىنلىقىنى بەدىئىي كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، بەزى ئاكتىپلارنىڭ ئارقىدا قالغان ئىشچىلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماي، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەرمەي، ئەكسىچە پەقەتلا مەسخىرە قىلىدىغان، زەربە بېرىدىغان خاتا پوزىتسىيىسىنى تەنقىد قىلغان. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى تۆرىچىلىكنى، بۇيرۇقۋازلىقنى تەنقىد قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق خاراكتېر ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن»①.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ئەمەلىيەتتە دراما

① : جوياڭ: «‹قىزىل بايراق ناخشىسى› ھەققىدە» ماقالىسىدىن. «ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» 1950 - يىل 5 - ئايلىق سانىدا.

ئىجادىيىتىدىكى رېئالىستىك ئەنئەنىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈش بولدى. بۇ ئەسەر سانائەت قۇرۇلۇشىدا كەڭ
كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو خەلقى
ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يېڭى جۇڭگو-
نىڭ دراما ئىجادىيىتىنى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش قاتارلىق
ماھارەت جەھەتتىكى تەجرىبىلەر بىلەن بېيىتتى.

پىشقەدەم دراماتۇرگ ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى لاۋشې
ئەپەندى يازغان، 1951 - يىلى تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئوي-
نالغان «لۇڭشۈيگۇ خەندىكى» ناملىق درامىنى خەلقىمىزنىڭ
تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن
نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بۇ درامىدا لۇڭشۈيگۇ-
دەيدىغان يۇندا خەندىكى بويىدىكى خەلقنىڭ ئازادلىقتىن
ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ كۈچلۈك سېلىشتۇرمىسى
ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قىزغىن
مەدھىيىلەيدۇ. بۇ دراما ئەينى يىللاردا جۇڭگونىڭ تىئاتىر
سەھنىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

دۇيىن بىلەن ليۇ شياگرۇ ۋە خۇلىگلار بىرلىكتە يازغان
«يېڭى شەيئى ئالدىدا» ناملىق دراممۇ 1951 - يىلى سەھ-
نىدە ئوينالغانىدى. بۇ ئەسەردە زاۋۇت باشلىقى شۆجيې-
گاڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىلىمىزدە داغدۇغىلىق ھال-
دا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە،
بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز يېڭى شەيئىلەرگە قان-
داق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك؟ يېڭى مەسىلىلەرنى قانداق
بىر تەرەپ، قىلىپ يېڭى ۋەزىيەتكە قانداق ماسلىشىشى لازىم؟

دىگەندەك ھەممە كىشى قىزىقىۋاتقان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئىجاد قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرى گەرچە ماتېرىيال، باش تېما، ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي ئۇنۇم جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلەنسىمۇ ئەمما ئۇلار ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ «4 - ماي» دىن بۇيانقى رېئالىستىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا يېڭى جەمئىيەتنى، يېڭى كىشىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دىرامىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك بولدى. تەسىرى بار ئەسەرلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. 1953 - يىلى ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا فورماتىزم، ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشلىرى تەنقىدلەنگەنلىكى ئۈچۈن دىرامىچىلىقنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى. 1956 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى، دىرامىچىلىقتا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. 1956 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دىراما كۆرىكىدە كۆرسىتىلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە 1959 - يىلى دۆلەت بايرىمىغا سوۋغا تەرىقىسىدە تەقدىم قىلىنغان ئەسەرلەر جۇڭگو دىراماچىلىقنىڭ تۇنجى قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەنىدى.

بۇ مەزگىللەردە سانائەت قۇرۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۇرۇ-

دىغان سەھنە ئەسەرلىرىدىن لى چىڭشىڭ قاتارلىقلارنىڭ «40 يىللىق ئارزۇ» شىيا يەننىڭ «سىناق» ئەي مىڭجىيىنىڭ «بەخت» سۇي دېجىننىڭ «لىيۇليەنيىڭ» ناملىق ئەسەرلىرى بار ئىدى.

پېشقەدەم دراماتورگ شىيا يەننىڭ «سىناق» ناملىق دراممىسى زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ توقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئاپتور ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ياڭ جۇڭئەن ئوبرازى ئارقىلىق 50-يىللاردىكى تۆرىچىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئەسەردىكى يەنە بىر مۇھىم شەخس — زاۋۇت رەھبىرى دىڭ ۋېينىڭ قىممەتلىك پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن.

سۇي دېجىننىڭ بىر پەردىلىك دراممىسى «لىيۇليەنيىڭ»، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى يېڭى كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلەتكە ئىگە ياش ئايال ئىشچى لىيۇ ليەنيىڭنىڭ تەسىرلىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر ئىچىدە خۇ دەنفۇنىڭ «باھار كېلىپ، گۈللەر ئېچىلدى»، سۈن يۈيىنىڭ «ئاياللار ۋەكىلى»، ياڭ لۈيفاڭنىڭ «كاككۇك يەنە سايرىدى»، خۇ كېنىڭ «خۇەيشۇ كەنتى»، ۋاڭ ليەننىڭ «قاخشال دەرەخ قايتا كۆكەردى» قاتارلىق ئەسەرلىرى خېلى ئۇتۇقلۇق چىققان.

«ئاياللار ۋەكىلى» دراممىسىدا كوللېكتىپقا كۆيىنىدىغان، جۇشقۇن، يېڭى جەمئىيەتتىكى يېزا خوتۇن - قىزلىرىنىڭ بە-

دېمەي تىپى بولغان جاڭ گۈيروڭ ئوبرازى ئوتتۇرىغا چىقارىلغان.

«قاخشال دەرەخ يەنە كۆكەردى» ناملىق درامىنى سوتسىيالىزمنىڭ مەدەنىيە ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ درامىدا ۋابا كېسىلى بىلەن بولغان كۈرەش يېزىلغان بولۇپ، كوممۇنىزم ۋە فاڭ دوگگېدىن ئىبارەت قىز - يىگىتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىزم قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. كونا جەمئىيەتتە دېھقانلارنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغاتتى. بۇ تۈگىمەس بالا - قازالارنىڭ تۈپكى مەنبەسى ئۆلۈمنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغ ئىدى. بىراق سىنىپىي زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن سىرت، يەنە تەبىئىي ئاپەت ھەتتا ۋابا قۇرۇتلىرىمۇ ناھرات دېھقانلارنىڭ پىلىكىنى قۇرىتاتتى. ئاپتور مانا مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ دېتېرىيال تاللىغان بولۇپ، ئۆز درامىسىدا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ۋە ئۆلارنىڭ يېڭى جەمئىيەتتىكى بەختىيار ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. «ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ئادەمنى ئالۋاستىغا ئايلاندۇرغان بولسا، يېڭى جەمئىيەت ئالۋاستىنى ئادەمگە ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن بۇ درامىنى خۇلاسىلاشقىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇ درامىنىڭ «ئاق چاچلىق قىز»غا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنىڭدا سىنىپىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي كۈرەش ئارقا كۆرۈنۈشكە قويۇلغان. بۇنىڭدا مەركەزلىك تەسۋىرلەنگىنى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ۋابا قۇرۇتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ئىپادىلەنگەن. مانا بۇ — درامىنىڭ ئالا-

ھىندىلەكى ھىسابلىنىدۇ.

دراماتۇرگ خۇكىپ 1959 - يىلى يازغان بەش پەردى-
لىك دراما «خۇەيشۇ كەنتى» دە 1947 - يىلىدىن 1958 -
يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جۇڭگو يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن
ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ درامىنىڭ باش قەھرىمانى
گو ئانا بولۇپ، ئەسەردىكى بارلىق زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسى
مۇشۇ ئوبرازغا مۇجەسسەملەشكەن. گو ئانا كونا ۋە يېڭى
دەۋرگە مەنسۇپ كىشى بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى بىر مالايدىن
پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇپ يېتى-
شىپ چىققىدۇ. كۈرەشلەردە جىددىي سىناقلاردىن ئۆتىدۇ. پو-
مېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى جەڭ قىلىش بىلەن
بىرگە ئۆز قوشۇنىنىڭ ئىچىدىكى تەۋرىنىشلەرگىمۇ تاقابىل
تۇرىدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ قۇربان بولغانلىقىدەك زور قايغۇ ئا-
لدىدىمۇ ئۆزىنى يوقۇتۇپ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ، بەلكى قەتئىي
بوشاشماي، باشتىن - ئاياق كوممۇنىستلىق سۈپىتىنى ساقلاپ
قالىدۇ. دراماتۇرگ بۇ درامىنى يېزىشتا ۋەقەنى ئەمەس،
بەلكى پېرسوناژلارنى ئەسەرنىڭ ئاساسى قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان. مەسىلەن: گو
ئانا ئوبرازىنى دەۋر قىلغان ھالدا ليۇلاۋچىڭلار ئائىلىسى،
لى لاۋكاڭ ئائىلىسى، لاۋمەنساڭ ئائىلىسى ۋە پومېشچىك سۈي-
لاۋكۈن ئائىلىسىنى تونۇشتۇرغان. ئەسەر ۋەقەلىكى پۈتۈنلەي
ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتى بويىچە ئىلگىرىلى-
گەن. شۇڭا بۇ دراما ئون نەچچە يىللىق تارىخىي جەرياننى
ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، يىلنامىگە، ئادەتتىكى چوڭ ئىش-

لار خاتىرىسىگە ئايلىنىپ قالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پېرسوناژ-لارنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق، تىپىك دېتاللار بىلەن يورۇتۇپ بېرىش بۇ درامىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدە يەنە «تىنچلىقنى قوغدايمىز» (سۇڭ جىدې) «ياڭ گېنسى» (شىن شىمىڭ) «فرونت جەنۇبقا يۆتكەلدى» (خۇ كې) قاتارلىق ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشىنى ھەم جەڭچىلەر تۇرمۇ-شىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىمۇ ئىجاد قىلىندى.

بۇ مەزگىلدىكى ئىنقىلابىي تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدى-غان ئەسەرلەر پۈتكۈل دراما ئىجادىيىتىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر جۇڭگو خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەر-لىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر زور بولغانلىرى: چېڭ چىنتوگنىڭ «مىگىلىغان تاغ - دەريالار» جىن شەننىڭ «قىزىل بوران» گۇ باۋجاڭ ۋە سۇ يۈنپېڭنىڭ «شەرققە يۈرۈش مۇقەددىمىسى» قاتارلىق دراملىرىدىن ئىبارەت.

1955 - يىلى ئېلان قىلىنغان «مىگىلىغان تاغ - دەريا-لار» دىرامىسى دراماتۇرگ چېڭ چىنتوگنىڭ ۋەكىللىك خاراك-تېرىگە ئىگە ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەردە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپىرى تەسۋىرلەنگەن. دراما قىزىل بىرىنچى يۆلىنىش ئارمىيە بىرىنچى باتالىيونىنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشى ئارقىلىق قىزىل ئارمىيىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا سان-سا-ناقسىز مۇشكۇلاتلارنى باتۇرلارچە يەڭگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈ-

رۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ قەھرىمانلىق ۋە ئۇمىدۋارلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان. يولداش ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىك قىلغان ھەربىي لۇشيەنىنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلىگەن. ئەسەردە لى يۇگو، لۇ-سۇنچىڭ، جاۋجىيفاڭ قاتارلىق قىزىل ئارمىيە كوماندىر — جەڭچىلىرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئىندى-ۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن. سىياسىي كومىس-سار لى يۇگو ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئاخىرقى نەپەسگىچە ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىگەن سىياسىي خىزمىتى جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ ئورنىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىنقىلابقا بولغان چەكسىز ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى لۇ شۇن-چىڭنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى كۈچلۈك، جانلىق ئوبرازى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قوزغايدۇ. ئۇ تۈز، قىزغىن، باتۇر. ئەمما نەزەر دائىرىسى تار، مەسىلىلەرنى ئاددىي ئويلايدۇ. يېڭى شەيئىلەرنى ئوڭاي قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەسەردە بۇ ئوبرازنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى كونكرېت تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا بۇ ئوبرازنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. بۇ ئوبراز كى-شىگە چىن ۋە يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئاپتور مەدەنىيەت ئىنقىلابىي جەريانىدا بۇ ئەسەرگە تۆزىتىش كىرگۈزدى. بىراق تۆزىتىلگەن ئەسەرنىڭ ئۇنۇمى ئەسلىدىكىسىگە يەتمەي قالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تېمىلاردىن باشقا يەنە زىيا-لىيلارنىڭ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «يورۇق كۈن» (ساۋ يۈي) مۇھەببەت تېمىسىدىكى «قايتىش»

(لو يەنجۇ) قېرىنداش مىللەتلەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان «قان - قېرىنداشلار» سىۇ يىپىڭ بىالىلار ئەدەبىياتىغا تەۋە «كۆلرەڭ بۆرى» (جاڭ تيەنيى)، «مالەن گۈلى» (رىڭ دېياۋ) قاتارلىق دراممىلار ئىجاد قىلىندى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، 50 - يىللاردا دراما ئىجادىيىتى جانلىنىپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇردى. ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى ئۆستى. «4 - ماي» دىن بۇيانقى رېئالىستىك ئەنئەنىلەر داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوبدان ۋارىسلىق قىلىندى.

لېكىن دراما ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. 1957 - يىلىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەشنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى، 1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى ئېغىشلار دراماچىلىقنىڭ تەرەققىيات يولىغا پۇتلىكا-شاڭلىق ۋە ئەگرى - توقايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. دەسلەپتە پەيدا بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى سولچىل خاھىش ۋە فورماتىزىملىق ئەدەبىي تەنقىد دراممىلارنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشىگە، تۇرمۇشقا چوڭقۇرلاپ كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ «قوش فاكچىن» ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەيدانغا چىققان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كالتەكلىدى. مەسىلەن: خەيمۇ يازغان «نەي ئاۋازى ياڭرىماقتا» دراممىسى كوپېراتسىيەلىشىش ھەرىكىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن نادىر ئەسەر ئىدى. بىراق ئۇنىڭدا ناھىيە كادىرى ئەي جىڭباڭنىڭ كۆز بوياپچىلىق قىلغانلىقلىرى تەنقىد قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ئەسەردە پارتىيە رەھبەرلىكى ئىنكار قىلىنغان ۋە رېئاللىق بۇرمىلانغان،

دەپ قارىلاندى. «كاككۇك يەنە سايرىدى» (ياڭلۇفاڭ) تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، ئەمگەك شاتلىقىغا تولغان لىرىكىلىق دراما ئىدى. ئۇنىڭدا ياچېيكا سېكرېتارى فاڭباۋشەننىڭ «پەقەت چوشقىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئادەم بىلەن كارى بولمىغان» تۆرىچىلىك ئىستىلى تەنقىد قىلىنغان بولغاچقا، ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى بۇرمىلانغان؛ پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى زەھەرلىك چۆپ، دەپ قارالدى. خېيچې يازغان ئېيتىشىش شەكلىدىكى تىيانتېر «مايمۇن سېتىۋېلىش» مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق باش قەھرىمان «بېيەرۋا» نىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى جانلىق يارىتىپ بەرگەنىدى. بۇ ئەسەر كەڭ تارقىلىپ ئامىمىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغىمۇ باشقا ساتىرىك تۈس ئالغان دراملار بىلەن بىللە بىراقلا «رېئاللىقنى خۇنۈكلەشتۈرگەن»، «سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلغان» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلدى. يۇقىرىقىدەك قوپال تەنقىدلەرنىڭ تەسىرى بىلەن دراما نەزەرىيىسىدە «زىددىيەتسىزلىك نەزەرىيىسى»، ئىجادىيەتتە تۇرمۇشنى پەدەزلەپ كۆرسىتىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن چەتنەش خاھىشى پەيدا بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى چوڭ سۆزلەش شامىلىنىڭ تەسىرىدە خېلى ساندىكى ئىدىيىسى بىر قەدەر ئازاد، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى خېلى يۇقىرى بولغان دراماتۇرگلارمۇ «سۇنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش» ۋە سان قوغلىشىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن چەتنەپ قالدى. شۇ مەزگىلدە پەيدا بولغان

«ئىدىيە رەھبەرلىكتىن، تۇرمۇش ئامىدىن، ماھارەت يازغۇ-چىدىن» دەيدىغان «ئۇچنى بىر لەشتۈرگەن»، كوللېكتىپ بىللە يازىدىغان ئىجادىيەت ھادىسىسى دراما ئىجادىيىتىگە يامان تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدە گەرچە تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئايال پىركازچىك» (لاۋشې). «خۇەيشۇ-كەنتى» (خۇكې) «قاخشال دەرەخ قايتا كۆكەردى» (ۋاڭلىيەن) دېگەندەك بىر قىسىم ئوبدان ئەسەرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىلدىكىلەر ئاز سانلىق ئىدى. كۆپ سانىدىكى ئەسەرلەر «چوڭ سۆزلەش» شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ۋاقىتلىق، يۈزە، ياساما ھادىسىلەرنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدى. تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى-نى توغرا ئىگەللىيەلمىدى. مەسىلەن: «يالقۇن ئىچىدىكى قى-زىل قەلب» (ليۇچۇەن)، «كوممۇنىزمنىڭ زەپەر مارشى» (چىڭ-تيەنمىن، ۋاڭ ليەن)، «شىمىلنىڭ سۇ ئامبىرىدىكى خىياللار پەرۋازى» (تيەنخەن) قاتارلىقلار مۇشۇنداق ئەسەرلەردىندۇر. ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئەسەرلەر سىناقتىن ئۆتەلمىدى.

كۆرسىتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ھادىسە شۇكى: بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم پېشقەدەم دراماتۇرگلار تارىخي تېمىلار-دا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. 1957-يىلى خەلق سەنئەتكارى لاۋشې ئەپەندى ئۆزىنىڭ «چايخانا» ناملىق دراممىسى ئارقىلىق تارىخي درامىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مۆجىزە ياراتتى. بۇ دراما ئۆزىنىڭ مۇكەممەل قۇرۇلمىسى، چوڭقۇر مەزمۇنى ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبى ئارقىلىق كەڭ

كۆلەمدە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. 1958 - يىلى داڭلىق درا-
ماتورگ تيەن خەن ئېلىمىزنىڭ 13 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ دراما-
تۇرگى گۇەن خەنچىڭنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنىڭ 700 يىل-
لىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «گۇەن خەنچىڭ» دراممىسىنى
ئىجاد قىلىپ رېئالىستىك دراماتۇرگ گۇەن خەنچىڭنىڭ
ئۇلۇغ ئوبرازىنى ياراتتى. 1959 - يىلى مەشھۇر شائىر،
ئالىم ۋە دراماتۇرگ گومورو «ۋېن جىنىڭ خەن دۆلىتىگە
قايتىشى» دىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ
تۇرۇپ «ساۋساۋ ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇرۇش» مەقسىدىدە «سەي
ۋىنجى» دراممىسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ دراما شەرقىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ئايال شائىر سەي ۋىنجى ۋە
ئاتاقلىق سىياسىئون، ھەربىي مۇتەخەسىس، شائىر ساۋساۋنىڭ
بەدىئىي ئوبرازىنى تىكلىدى. گومورو 1960 - يىلى يەنە
«ۋۇزېتيەن» دراممىسىنى يازدى. بۇ ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن
يازغان 2 - پارچە تارىخىي درامىسى ئىدى. بۇمۇ خۇددى
«سەي ۋىنجى» گە ئوخشاش تارىخىي شەخسلەر ئۈچۈن ئەنزە
ئاغدۇرىدىغان ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭدا دراماتورگ تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ دەسلەپكى ھەزگىللىرىدىكى شۆجىڭپىنىڭ خائىنلىقىنى
دەۋر ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا قانات يايغان مۇرەككەپ
كۆرەش ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق ۋۇزېتيەننىڭ تالانت - ئىقتىدا-
رىنى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى تۆھپىسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ تارى-
خىي شەخسكە باشقىدىن يېڭى باھا بەرگەن. 1960 - يىلى
تيەن خەن تارىخىي دراما «مەلىكە ۋىنچىڭ» نى يېزىپ مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت توپ ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەردى.

1961 - يىلى ئاتاقلىق دراماتورگ ساۋيۇي ۋە مېي چىيەنلەر بىرلىكتە «جاسارەت قىسسىسى» نى يازدى. بۇ بەش پەردىلىك درامىدا مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىدىكى يۆ دۆلىتىنىڭ پادىشاسى گوجيەننىڭ ئاچچىق ئۆتنى كۈندە چىشلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ - مەقسەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدەك تارىخىي ھېكايە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ جاسارەتكە كېلىپ ئۆزۈلدۈرمەي كۈرەش قىلىش روھىنى تەشۋىق قىلغان. بۇنىڭ ئەينى يىللاردا تەبىئىي ئاپەت ۋە چەت ئەل مۇداخىلىچىلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن تەربىيە ۋە ئىلھام بولۇشى شۈبھىسىز ئىدى.

تارىخىي دراما ئىجادىيىتىدە يازغۇچىلار تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدىيە بىلەن تارىخىي ھېكايىلەر ۋە شەخسلەر ئۈستىدە ئىزدەندى. باشقىدىن ئىجاد قىلدى ۋە ياراتتى. تارىخىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، ئۇلارنى تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىدى. شۇ ئارقىلىق «ئۆتمۈشتىكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» مەقسىتىگە يەتتى.

60 - يىللارنىڭ بېشىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاقۇۋىتى ئىنتايىن يامان بولغان سولچىللىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن «رەتلەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش»تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك (تۆت سۆزلۈك) فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىگە قارىتا رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى. دراما ئىجادىيىتىدىكى توسقۇنلۇقلار تەدرىجى ھالدا

ئېلىپ تاشلاندى، بولۇپمۇ 1962 - يىلى 3 - ئايدا يولداش جۇئېنلەينىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك كومېدىيە، ئوپېرا، باللار تىياتىرى ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى «قوش قاڭجىن» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىجادىيەت دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇپ، «كاككۇك يەنە سايرىدى» قاتارلىق ناھەق تەنقىدلەنگەن ئەسەرلەرگە قارىتا باھا بەردى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئېشىپ، دراممچىلىقتا قايتا گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى.

1962 - يىلدىن باشلاپ يەنە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنىپ دراما ئىجادىيىتى 2 - قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا سانائەت تېمىسىغا بېغىشلانغان «ئىككىنچى باھار» (ليۇچۇەن يازغان)، «شىددەتلىك ئېقىم ئارا ئالغا ئۇزۇش» (خۇۋەنچۈن قاتارلىقلار يازغان)، يېزا تۇرمۇشىغا مەنسۇپ بولغان «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» (جياڭۋېن قاتارلىقلار يازغان)، «چىڭ سۈڭلىك چوققىسى» (جاڭجۇڭمىڭ يازغان). ئارمىيە ۋە مىنبەگلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» (شىن شىمىڭ قاتارلىقلار يازغان)، «لى فىڭ» (جيا ليۇ قاتارلىقلار يازغان)، «جەنۇبىي دېڭىزدىكى سەددىچىن سېپىلى» (جاۋخۇەن يازغان) ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىغا ئائىت «باۋزىۋەندىكى جەڭ» (ماجيېشىڭ يازغان)، «دۇجۇەن تېغى» (ۋاڭشۇيۇەن يازغان) قاتارلىق ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە

بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن دراما كۆرەكلىرىدە سەھنىلەردە ئوينىلىپ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشنى چوڭقۇر ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. تىلئاتىر سەھنىلىرىدە دەۋرنىڭ ساداسىنى ياڭراتتى.

شىنشىمىڭ قاتارلىقلارنىڭ «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» ناملىق دراماسى 1949 - يىلى شاڭخەي شەھىرى يېڭى ئازاد بولغان چاغدا ئازادلىق ئارمىيە سەككىزىنچى لىيەنىنىڭ نەنجىن كوچىسىدا پوت تىرەپ تۇرۇپ گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى بۇرژۇئازىيە ئىدىيىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ درامىدا لىيەنجاڭ لۇداچىڭ ۋە كومىسسار لۇخۇانىڭ، چىڭشى ۋە چۇننىنىڭ ئوبرازلىرى ئۆزئارا ياندىشتۇرۇلغان ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا پېشقەدەم بەنجاڭ خۇڭ مەنتاڭ يېڭى جەڭچى توڭئانەن، بەنجاڭ جاۋدادالارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان. بۇ درامىنىڭ دراماتىك خۇسۇسىيەتلىرى ئېنىق، ئۆزى تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، پېرسوناژلىرى چىن ۋە جانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن. ئۆز ۋاقتىدا دراما ئىجادىيىتىدىكى «رەڭدار ۋە ئۆزگىچە ئېچىلغان سەنئەت گۈلى» دەپ تەرىپلەنگەنىدى.

گۇاڭجۇ يىغىنىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ياخشى ۋەزىيەت ئۇزۇنغا بارماي ۋەيران بولدى. جاڭچۇنچياۋ ۋە ئۇنىڭ گوپپاڭچىلىرى «تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى» نى كۆتۈ-

رىپ چىقىپ، پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنكى 13 يىللىق سوتسىيالىستىك تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپ، دەپ جار سېلىشتى. يازغۇچىلاردىن پەقەت 13 يىلنىلا يېزىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇت قولىنى چۈشەپ قويدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، 17 يىللىق دراما ئىجادىيىتى ئىككى قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىككى قېتىم پەسكە چۈشتى. سېلىشتۇرغاندا، ئىجادىيەت 2 - قېتىم كۆتۈرۈلگەندە مەيدانغا چىققان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولدى. بۇ ئەسەرلەر ئەينى ۋاقىتتا، ھەتتا ھازىرمۇ كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بەردى ۋە بېرىپ كەلمەكتە. بىراق قولغا كەلگەن نەتىجىلەر بىلەن خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا خېلى پەرق ساقلاندى. بۇ پەرق تۆۋەندىكى تەرەپلەردە كۆرۈلدۇ:

(1) چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ۋە يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر كۆپ چىقمىدى.

(2) ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر قوزغىيالايدىغان بەدىئىي تىپلار يارىتىلمىدى.

(3) ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى يېتەرسىز بولدى.

### 2. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى دراما ئىجادىيىتى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئون يىلدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گۇرۇھى ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ،

«سول» چىل لۇشيەن ۋەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزدى. ئەدە-
بىي ئىجادىيەت ئىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دەپسەندە قىلى-
نىپ، ئۆز بېشىدىن ئەڭ جاھالەتلىك قاراڭغۇ يىللارنى ئۆتكۈزدى.
جىياڭ چىڭ گۇرۇھى 1966 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاتالمىش «قى-
سىملار ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ خا-
تىرىسى» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ 17 يىلدا «ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ساھەسىدە قارا يىپ دىكتاتۇرا يۈرگۈزدى» دەپ جار سال-
دى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ 17 يىلدىكى نەتىجىلىرىنى شۇ-
نىڭدەك سولقانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ 30 - يىل-
لاردىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋەتتى. جۈم-
لىدىن 17 يىللىق مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ زەھەرلىك
چۆپ، دەپ قارىلاپ دارامىا تۈرگىلارغا ۋەھشىيلەرچە
زىيانكەشلىك قىلدى. دارامىا ساھەسى «تۆت كىشلىك
گۇرۇھ» نىڭ ئەڭ قاتتىق كونترول قىلغان تارماق-
لىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى
باشلىنىشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا ئاتالمىش «ئىسلاھات»
نى باشلىۋەتكەنىدى. جىياڭ چىڭ سىياسىي دەسمايىغا ئى-
گە بولۇش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ سەھنىلەردە ئوي-
نىلىپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغان جىڭجۈي تىياتىرلىرىنى ئۆز-
لىرىنىڭ مۇدىئاسى بويىچە ئۆزگەرتتى ۋە ئۇلارغا «ئۈلگىلىك
تىئاتىر» دەپ نام بەردى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلان-
غاندىن كېيىن سەھنىلەرنى «ئۈلگىلىك تىئاتىر» لارلا ئىگەل-
لىدى. جىياڭ چىڭ گۇرۇھى «ئۈلگىلىك تىئاتىر» لارنىڭ
تەجرىبىلىرىنى سۈتىئىستېمال قىلىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۇجۇقتۇر-

دىغان كالتەككە ئايلاندۇرۇپ «لۇشيەندىن چىقىشنى نۇقتا قىلىش» «مەركىزى ئىدىيە ئالدىن يۈرۈش» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى تەرغىپ قىلدى. تىپكلەشتۈرۈشتەك رېئالىستىك ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» دېگەندەك رامكىلارنى قو- يۇپ، درامىنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈ- ۋەتتى. ئۇنىڭ خەلق بىلەن، ئىنقىلاب بىلەن بولغان مۇناس- ۋىتىنى ئۈزۈۋەتتى. جياڭ چىڭ گۇرۇھى درامىنى ئۆزلىرىنىڭ چىكىدىن ئاشقان «سول» لۇشيەنىنى يۈرگۈزۈشتىكى بىر قورال- غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلدى. ئۇلار 1973 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قېتىم مەملىكەت بويىچە تىئاتىر كۆرەكلىرىنى ئۆتكەزدى. ئەسەرلەرگە مۇقام بەلگىلەپ، رامكا بېكىتىپ بەردى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتىكى تىئاتىرلار ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قە- دەمنى تېزلىتىپ، هوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدى- غان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى» بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن «ئۇلۇغ بايرام» درامىسىدەك ئەسەرلەر قەپەزدىن چىقتى. ئۇلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار بىلەن كۈرەش قىلىش» نى تەرغىپ قىلىش بە- لەن بىرگە ئۆزلىرى ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى تىكلىمەك بولدى.

بىراق بۇ مەزگىللەردە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىكى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. «باغۋەن ناخ- شىسى» ۋە «تاۋفىڭ چوققىسىغا ئۈچ قېتىم چىقىش» مانا مۇ- شۇنداق ئەسەرلەردىندۇر.

شياڭجۇي تىئاتىرى «باغۋەن ناخشىسى» نى چاڭشا شەھەرلىك شياڭجۇي تىياتىر ئۆمىكى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن. بۇ ھەجمى كىچىك، پېرسوناژلىرى ئاز (ئاران تۆتلا شەخس)، ۋەقەلىكى ئاددىي بىر سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئەسەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى يۈيىڭ بىلەن فاڭ جۈننىڭ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆگىنىشنى خالمايدىغان ئوقۇغۇچى تاۋلىغا تۇتقان ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق دراما-تىك توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە مۇشۇ دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىق ئىككى خىل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ كۆرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەرەپ-لىك ئەمگىكىنى مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ ئەسەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تازا زورلۇق - زومبۇ-لۇق قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ قاراتمىلىقى ئىن-تايىن كۈچلۈك. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن «پەن - مەدەنىيەت بولمى-سا ئىنقىلابنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغىلى بولامدۇ» دېگەن ئۆتكۈر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ چاغلاردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھەدەپ «مەدەنىيەتسىز ئەمگەكچىلەر بولسا بولسۇنكى، مەدەنىيەتلىك روھىي ئاقسۆڭەكلەر بولمىسۇن» دېگەن-نى تەشەببۇس قىلىپ، كىمكى ئەقلىي تەربىيىنى تەكىتلىسە شۇنىڭغا «شيۇجىڭجۇيىلىق لۇشيەن» دېگەن قالپاقنى كىيگۈ-زۈۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەكسىيەتچىل لۇشيەننىڭ تەسىرىدە ئې-لىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچىر-ىغانىدى. «باغۋەن ناخشىسى» تىياتىرىنىڭ يۈيىڭنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەش

نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەتنى جۇملىدىن ئىلىم-پەننى ئىنكار قىلىشتەك جىنايىتىنى پىپەن قىلىش بولۇپ ھې-سابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مائارىپ ساھەسىگە زومۇ-زو تېڭىپ قويغان «ئىككى مۆلچەر» (بىرىنچىسى: 17 يىلدىن بۇيان مائارىپ ساھەسىدە «بۇرژۇئازىيە پرولېتارىيات ئۈستىدىن دىك-تاتۇرا يۈرگۈزدى، ئىككىنچىسى: كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىۋاسى «بۇرژۇئا زىيالىيلىرى») نىڭ ئىسكەنجىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، زىيالىيلار «سېسىق توققۇزىنچىلار» دەپ ھاقارەتلىنىۋاتقان ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە سەلبىي قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىنىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا زىيالىيلارنى ئاساسىي قەھرىمان قىلىپ تەسۋىر-لىگەن ۋە ئۇلارنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيەلەيدىغان شەرەپلىك «باغۋەن» دەپ مەدھىيىلىگەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ فاشىستىك دىكتاتورىسى ئاستىدا تۇرۇپمۇ ھەقىقەت تەرەپتە مۇشۇنداق قەتئىي تۇرۇش — ھەقىقە-تەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ.

دراما «تاۋفىڭ چوققىسىغا ئۆچ قېتىم چىقىش» مۇ مۇشۇ مەز-گىلدە يېزىلغان ياخشى ئەسەر. بۇ ئەسەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ رامكىلىرىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، خەلق ئى-چىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاقىي-پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىگەن. دەرۋەقە ھەر ئىككىلا ئەسەردە ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي-

لىك جەھەتلەردە بەزىبىر نۇقسانلار بار. بىراق ئۇمۇمىي خا-
ھىشىدىن قارىغاندا ئۇلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە ساغ-
لام ۋە ئىجادىي. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەر
ئەيتى ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە پىيەن قىلىندى، مۇناسىۋەتلىك
كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

بۇ كۆلپەتلىك يىللاردا كۆپ ساندىكى دراما تىۇرگلار
ئۆزلىرىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم تۇرۇۋېلىش
(«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا ماسلىشىدىغان ئەسەرلەرنى يازماس-
لىق) ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن قارشىلاشتى.

3. يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى دراما ئىجادىيىتى

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى يېڭى
تارىخىي باسقۇچ — يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۈچىنچى
باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى.
بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئو-
مۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «سول» چىل خاتالىقلارنىڭ ھۆكۈمران-
لىقىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-
سەنئەت چوڭ قەدەملەر بىلەن يۈكسەلدى. جۈملىدىن دراما
ئىجادىيىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. نۇرغۇن
دراما تىۇرگلار چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىپ. نۇرغۇن-
لىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن دراما
ئىجادىيىتى ئۈچىنچى قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئىجادىيەت تېما-

لىرىنىڭ كەڭلىكى، شەكىل ۋە ئۇسلۇبىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، ئاشۇ كۆلپەتلىك يىللاردىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، بەزىلىرى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلىدى. بەزى ئەسەرلەر يېڭى ئۆسۈپ چىققان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئىشلىرىمىزنىڭ ئالدىنى توساپ تۇرغان ھەر خىل پۇتلىكاشاڭلارنى ئېچىپ كۆرسەتتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار رېئال تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر يورۇتۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە غايىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

خەلقنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى مەزمۇن قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ساتىرانىڭ ئاچچىق قامچىسى بىلەن قامچىلىغان «ياپراقلار قىزارغان چاغدا» كومېدىيىسى (ۋاڭ جىڭيۈي، جىن جىڭجيا) «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇشى بىلەنلا مەيدانغا چىقتى. ياش دراماتورگ سۇشۇياڭنىڭ «قىزىل قەلب شەجەرىسى» دراممىسى 1975-يىلى 1-ئايدا ئېچىلغان تۆتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ يىپىلغىنىدىن تارتىپ، 1976-يىلى 8-يانىۋاردا جۇزۇڭلى ۋاپات بولغانغا قەدەر مەزگىلنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۇ دراما بىر خىل يېڭى دورى-

نى كەشىپ قىلىش ۋەقەسىنى دەۋر قىلغان ھالدا بىر ئائىلە-دىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرى ئارىسىد-ىكى زىددىيەتلەر ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ سەھنىيە ساھەسىدىكى جىنايەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغان. پارتىيىگە، خەلققە سادىق ئوغلانلارنىڭ ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. درامىدا خەلقىنىڭ قەدىر-دان جۇزۇڭلىغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شۇ-نىڭ بىلەن بىرگە پېشقەدەم تەۋىپ فاڭ لىنشۇەن ۋە دىڭ ۋىنجۇڭنىڭ ئوبرازى تەسىرلىك، جانلىق قىلىپ يارىتىلغان، ياش ئىشچى زوڭ فۇشيەنىنىڭ «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان» دراممىسى 1978 - يىلى ئۆكتەبىردە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ چاغدا تيەنئەنمېن ۋەقەسى ئۈستىدىكى ناھەق ھۆكۈم تې-خى ئاغدۇرۇۋېتىلمىگەنىدى. ئاپتور بۇ ۋەقەنى چوڭ يۈرەك-لىك بىلەن سەھنىگە چىقاردى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىش مۇددىئاسى ھەققىدە توختىلىپ: بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن مەقسىتىم، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ بېشىدا ئويىنىغان قىلىچنى تېخىمۇ ئىت-تىكلىتىش ئۈچۈنىدى» دەيدۇ. دەۋەقە بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. 1978 - يىلى دىكا-بىردا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇ ئەسەرنى مۇكاپاتلىدى. «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان» دراممىسى تيەنئەنمېن ۋەقەسىنى سەھنىگە بىۋاسىتە كۆتۈرۈپ چىقمى-غان بولسىمۇ، لېكىن خې شىخېي ۋە مېيلەن ئائىلىسىنىڭ كەچمىشلىرى ئارقىلىق بۇ كۈرەشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايىش قىلغان. بۇ ئەسەر گەرچە

تەقلىد قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «تىيەنئەنمىن ۋەقەسى»نى نىسبەتەن بالدۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ خەلق سادىسىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەسىرىنى ۋە ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ زور تۆھپىلىرىنى، ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەشنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئىجاد قىلىنغانلىقى دراما ئىجادىيىتىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى يەنە بىر نەتىجىسىدۇر. 17 يىللىق دراما ئىجادىيىتىدە بۇ خىل تېمىلاردا بەزىبىر ئىزدىنىشلەر بولغانىدى. مەسىلەن: ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا بۇجاۋنىڭ «ئۇزۇن سەپەر» ئوپېراسىدا ماۋزېدۇڭنىڭ ئوبرازى يارىتىلغانىدى. كېيىنچە «ئاۋغۇست بورانلىرى»، «شەرققە يۈرۈش مۇقەددىمىسى»، «خۇڭخۇ پارتىزانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە جۇئېنلەي، جۇدې، خې لۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي يېزىشتەك ئۇسۇل ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ براق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بۇنداق يېزىشنى مەنئىي قىلىۋەتكەن ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن بۇنداق تېمىدىكى ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. شاۋچۇڭفېينىڭ «گېزىت ساتقۇچى باللار»، دىڭ يىسەننىڭ «چېن يىنىڭ تاغدىن چۈشۈشى»، گەنىۇ، شىئەن دراما ئۆمەكلىرى ئىجاد قىلغان «شىئەن ئۆزگىرىشى»، چياۋ يۇنىڭ «ياڭ كەيخۈي»، شايېشىننىڭ «شەھەر باشلىقى چېن يى» قاتارلىق درامىلىرى داھىلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى.

«شەھەر باشلىقى چىن يى» دىرامىسى: ئازادلىقنىڭ دەس-لەپكى مەزگىللىرىدە چىن يىنىڭ شاڭخەي شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللىرىدىكى خىزمەت پائالىيەت-لىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ يارىتىپ بەرگەن. «شە-ھەن ئۆزگىرىشى» ناملىق دىراما كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇنلىغان كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق داھىلارنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرىنى مەدھ-يىلىگەن. شۇنىڭدەك روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە كۆپلى-گەن ئوبرازلارنى ياراتقان. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ داھىلارنى ئىلاھىلاشتۇرۇ-دىغان رامكا، قېلىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ چىن ۋە تەسىرلىك، ھەم ئۇلۇغ، ھەم ئاددىي شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىندىۋىدۇئاللىقى كۈچلۈك بولغان داھىلار ئوبرازىنى يارىتىپ بېرەلىدى. تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتتى.

مۇشۇ باسقۇچتا بەزى ئەسەردە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ زىددىيەتلەر يورۇتۇپ بېرىلدى. بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ جىددىي ۋە ئۆتكۈرلىكى، مەز-مۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن تونۇلدى. رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن قەدىرلەندى. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكە-تىنىڭ كەڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم دىراما تۈرگ-لار ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بايقاپ ئالالىدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن راست گەپ قىلىپ خەلق

ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلار ئىدىيىۋى قاتماللىقنى قامچىلىدى، ئاز سانلىق كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىمتىياز ۋە مەنپەئەت تالىشىش ئىدىيىسىنى، تۆرەچىلىك ئىس-تىلىنى تەنقىتلىدى. زىيالىيلار سىياسىتىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈ-رۈش، ئازغان ياشلارنى قانداق تەربىيىلەش دېگەندەك نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1979 - يىلى باھار-دا ئېلان قىلىنغان «باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل» (سۇي دېجى) دىرامىسى يۇقىرىقىدەك مەزمۇننى يورۇتۇپ، نوقتىلىق ھالدا بەزى كادىرلاردىكى ئىدىيىۋى قاتماللىقنى سۆككەن. «كەلگۈسى چاقىرماقتا» (جاۋشىنشيۇڭ) دىرامىسى كادىرلار ئا-رىسىدىكى زىددىيەتلەر ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە كېسەللىككە ئايلىنىپ قالغان يېڭى خۇراپاتلىق ۋە ئىدىيىۋى قاتماللىقنى قامچىلىغان. «ھوقۇق ۋە قانۇن» (شىيىڭ يىشۈن) دا خەلقنىڭ قانۇننى دەپسەندە قىلىپ يۈرگەن بەزى رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان غەزىپى ئىپادىلەنگەن. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپ - باراۋەر، دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

بىر قىسىم ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېزىپ قېلىپ، جىنا-يەت يولىدا مېڭىش ئەھۋالى ئون يىللىق ئاپەتنىڭ قالدۇر-غان جاراھەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلەر ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، يۇقىرىقى مەسىلىنىمۇ ئۆزىنىڭ تېما دائىرىسىگە كىرگۈزدى. «ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار»، «ساقچى ئائىلىسىدىكى ‹ ئوغرى ›»، «قىزچاق، مەن بىلەن مېڭىڭ» دېگەندەك دىراممىلار ئەنە شۇ تېمىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ «ئۇنى

قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار» (جاۋ گوچىڭ) نىسبەتەن ئىلگىرى يېزىلغان، شۇنداقلا تەسىرى چوڭ بولغان ئەسەر. بۇ دراما جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ جەريانى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ناتۇرالىستىك هالدا تەسۋىرلەپ ئولتۇرمىغان، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى نۇقۇل هالدا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرگە باغ-لاپلا قويمىغان، بەلكى ئائىلە، جەمئىيەت ۋە شەخسنى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ مەسىلىنىڭ ماهىيىتىنى قازغان. ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ تۆنۈگۈنى ۋە بۈگۈنكى كۈنىنى تەسۋىرلەپلا قالماي، يەنە ئۇلار-نىڭ ئەتىسىنىمۇ سۈرەتلەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە بولغان تولۇق ئىرادە ۋە ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەسەر يەنە ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى دەپ بىلىدىغان فاڭ مۇئەللىمنىڭ تەسىرلىك ئوبرازىنى ياراتقان.

ئەسەر سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدا ئازغان ياش-ئۆس-مۈرلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك غەمخورلۇق، ئاسراش ۋە كۆيۈنۈش ئارقىلىق تەربىيىلەش هەم ئۇلارنىڭ بۇلغانغان قەلبىنى ئىللىتىشتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئەسەر يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، پاش قىلىش بىلەن تەربىيىلەش، ئوبيېكتىپ بىلەن سوبيېكتىپ ۋە رېئاللىق بىلەن كەلگۈسىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈ-نۈمى ناهايىتى ياخشى بولدى. نۇرغۇنلىغان ئازغان ياش-ئۆس-مۈرلەر بۇ تىياتىرنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى ۋە ئەسەردىكى باش قەهرىمان لى شاۋشيادىن ئۆگىنىپ، يېڭى

ئادەم بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

يېڭى ئىنقىلاپ ئىچىدە، يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى سەھنە ئەسەرلىرى خىلمۇ-خىل مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ، تېمىنىڭ چوڭ-قۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇشۇ يېقىنقى ئالتە يىل-نىڭ ئىچىدە سەھنە ئەسەرلىرى چوڭ ھەجىملىك دراممىلار، ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەنلەر بولۇپ 1000 پارچىغا يەتكەن. ئەگەر بۇنىڭغا يالغۇز پەردىلىك دراما ۋە يەرلىك تىياتىرلار قوشۇلسا، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سانى 4200 پارچىدىن ئېشىپ كې-تىدۇ. دېمەك، دراما ئىجادىيىتى ئۆزىنىڭ سان ۋە سۈ-پەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى.

دراما ئىجادىيىتىدە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكى دراما ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ كون-كرېت ئىپادىسى. بىز بۇ نەتىجىلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە خۇلاسىلاپ كۆرسىتىمىز:

(1) درامىلار تېمىدىكى چەكلەنگەن رايونلارغا دادىل-لىق بىلەن بۆسۈپ كىردى. تېما مەسىلىسىدە خېلى يىللاردىن بېرى ئېغىر ئەھۋاللار ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. پارتىيىمىز 1956-يىلى «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تېمىلارنىڭ خىلمۇ-خىللىشىشىغا يول ئېچىپ بەرگەندى، بۇنىڭ بىلەن دراما ئىجادىيىتى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ۋە ھەرخىل كىشىلەرنى تەسۋىرلەشكە يۈزلەنگەن ھەم ئوبدان ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغانىدى. بۇ يۈكسىلىش دراما ئىجادىيە-

تىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى دېرەكلەپ بەرگەنىدى. بىراق ئۇ ئۆچلارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ تېمىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى چەكلەندى. «تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» نەزەرىيىسى بازارنى ئىگەللەپ «زىددىيەتسىزلىك نەزەرىيىسى» يامراپ كەتتى. 1961 - يىلى «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»، «تېما مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلىپ ھەرخىل سەپسەتىلەرنىڭ چۈشەكلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى، ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە بولدى. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسىگە قارشى سەپسەتە» دەپ قارىلىنىپ پىپەن قىلىندى. ئۇ چاغلاردا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارغا قارشى كۈرەشنى يازغان» ياكى يازمىغانلىقى تېمىلارنىڭ ياخشى، يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىردىن - بىر ئۆلچەم بولۇپ قالغانىدى مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا يېڭى باسقۇچتىكى دراما ئىجادىيىتى چەكلەنگەن رايونلارغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىردى. ئالدى بىلەن ئىلغار ئىنقىلابچىلارغا ئائىت تېمىلار يورۇتۇلۇپ، بۇ جەھەتتىكى رامكىلار، بۇزۇپ تاشلاندى. پىشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دۇنياغا كەلدى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق بايرىمىغا سوۋغا قىلىنغان ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 63 پارچە درامىنىڭ ئىچىدە 18 پارچىسى مۇشۇ تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «چىن يىنىڭ تاغدىن چۈ-

شۇشى»، «گېزىت ساتقۇچى بالا»، «تاڭ نۇرى»، «شىئەن ئۆزگىرىشى»، «شەرققە قاراپ ئالغا!»، «كۆزلۈك يىغىم گۈل-دۈرماسى»، «گېنېرال جۇدې»، «دۆلقۇنلۇق خۇاڭخې دەرياسى» «1 - ئاۋغۇست بورانلىرى»، «جياڭنەندىكى بىر تال ياپراق» قاتارلىقلار بار. 1980 - يىلدىن كېيىن يەنە «شىمالغا سەپەر» «پىڭجىن ئۇرۇشى» قاتارلىق درامىلار ئىجاد قىلىنىپ، 1982 - يىلغىچە بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرنىڭ سانى 50 كە يېتىپ باردى.

كادىرلار مەسىلىسى، ياشلار مەسىلىسى قاتارلىقلار ئىل-گىرى تېما جەھەتتىكى بىر بوشلۇق ئىدى. پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خىزمەتلەرنىڭ تۈپ نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ دراماتورگلار-نىڭ دىققىتى «4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى جەريانى-دىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە قارىتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كادىرلار ۋە ياشلارنىڭ مەسىلىلىرى دراما ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسىگە كىردى. بۇ جەھەتتە دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققىنى سۇي دېجىنىڭ «باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل» درامىسىدۇر. سۇي دېجى 50 - يىللاردا تونۇلغان دراماتورگ بولۇپ، «لىيۇلەنيىڭ» ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

«باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل» درامىسى يۇقىرىقىدەك مەزمۇنغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى كادىرلاردىكى ئىدىيىۋى قاتماللىق سۆكۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى مەلۇم بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» سايلاش-

تىكى تالاش-تارتىشلىرنى دەۋر قىلغان ھالدا قانات يايىدۇ. بەي جىيې، ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژ. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھارماي-تالماي، ئۇن-تىنسىز ئىشلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا زور تۆھپە قوشقان ئايال ئىشچى. ئۇنىڭ ئائىلە كىيىپ چىقىشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلىنالمايدۇ. ئۇ ئەقەللىسى مۇھەببەتتىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇلىدۇ. ئاپتور مۇشۇنداق ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىنى كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ. بىر ئادەمنى ئەمگەك نەمۇنىچىسى سايلاشتا ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە يارات-قانلىقىغا قاراش كېرەكمۇ، ياكى ئائىلە كىيىپ چىقىشىغا قاراش كېرەكمۇ؟ ياشلارنىڭ مۇھەببىتى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئورتاق غايىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىممۇ، ياكى كېلىپ چىقىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىممۇ؟ دېگەن سوئاللار ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەسەردىكى پارتكوم سېكرېتارى لى جىيەن ئالدىنقى پىكىرنى قۇۋۋەتلىسە، پارتكوم-نىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋۇيىپىڭ كېيىنكىدە چىڭ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. چىڭ خىۋاڭمېي بۇ دراما ئۈستىدە توختىلىپ: «‹تەركىپبازلىق نەزەرىيىسى› ۋە لىن بياۋ، ‹تۆت كىشلىك گۇرۇھ› نىڭ ئەكسىيەتچىل ‹قانداشلىق نەزەرىيىسى› نىڭ زەھەرلىرىنى تازىلاش، پارتىيىنىڭ ‹ئىپادىسىگە قاراش› سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش مەسىلىسىدۇر. ‹باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل› بۇ ھەقتىكى زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەڭ

خەلق ئامىمىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئېلىمىزنىڭ دراما ئىجادىيىتىدە ئەزەلدىن ئەكس ئەتتۇرۇلمىگەن تېما ۋە مەركىزىي ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» ① دەيدۇ. چىڭ خۇۋاڭمېيىنىڭ يۇقىرىقى بىر ئابزاس سۆزى بۇ ئەسەرنىڭ تېما ۋە مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەرگەن.

جاۋشىنشىيۇڭنىڭ «كەلگۈسى چاقىرماقتا» دراممىسى يېڭى باسقۇچتىكى سانائەت سېپىدىكى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىدىيەنىڭ قاتماللىقى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى تېما قىلىپ يېزىلغان. ئاپتور مەلۇم ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنىڭ پارتكوم سېكرىتارى لىياڭ يەنمىڭ بىلەن ئۇنىڭ كونا سەپدىشى — شۆبە زاۋۇت پارتكومىنىڭ سېكرىتارى يۈگۈۋەنچۈن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە تېخىچە ساقلىنىۋاتقان يېڭى خۇراپاتلىق ۋە ئىدىيىۋىي قاتماللىقتەك كېسەللىكلەرنى سۆككەن بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، مەزمۇنىنىڭ جىددى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

يېڭى باسقۇچتىكى درامىلارنىڭ ئىچىدە ياشلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىنى تېما قىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى ھەرگىز كىچىك چاغلىماسلىق كېرەك.

---

① «باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل» ھەققىدە بىر پارچە خەتتىن ئېلىنىدى. «سەھنە ئەسەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 11 - سانىدىن

مۇھەببەت تېمىسى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «تۈت كونا» دەپ قارىلىپ مەنئى قىلىنغانىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە بۇ چەكلەنگەن رايون شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ياز-غۇچىلار دەسلەپتە بۇ تېمىنى يېزىشقا تازا جۈرئەت قىلالمىدى، 1978 - يىلى ئەدەبىيات - سەنئەتتە چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، «مۇ-ھەببەت ناخشىسى»، «ئاتوم ۋە مۇھەببەت»، «تەگرىتاغنىڭ ئېچكىرىسىدە»، «مۇھەببەت بوۋاقۇنلىرى» دېگەندەك ئەسەرلەر دۇنياغا كەلدى.

«تەگرىتاغنىڭ ئېچكىرىسىدە» (ئاپتورى: لى بىڭكوي، تاڭ دۇڭ) دىرامىسى ئەسلىدىكى «تەگرىتاغنىڭ ئېچكىرىسىدىكى ‹چوڭ ئەسكەر›» ھېكايىسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بەش پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ۋەتەننى قوغداش-قا ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇئاۋىن يىگىجاڭ جىن جىتۇڭ ۋەكىللى-كىدىكى زامانىمىز ياشلىرىنىڭ مۇھەببەتكە سادىق، غايە ۋە ئەقىدىسىگە تېخىمۇ سادىق بولغان، شۇنىڭدەك غايە ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىدىغان ئىسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەلبىدىكى غايە يالقۇنى ئۆچۈپ قالغان، «مەنپەئەت» ۋە «شەخسىيەتچىلىك» نىڭ تۇيۇق يولىدا تېگىرقاپ قالغان لى چىڭخا ئوخشاش ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆرەشلىرىنى، مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەر رامكا ۋە ئىسخىملار بىلەن چۈشەلمىگەن، بەلكى مۇھەببەتنى ناھايىتى تۇرمۇشلۇق قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالغان ياش-
لار مەسىلىسىنىڭ دراмىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىشىمۇ مۇشۇ
باسقۇچنىڭ دراما ئىجادىيىتىنىڭ تېما جەھەتتە چەكلەنگەن
رايونلارغا بۆسۈپ كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرنىڭ ئىچىدە «قىزچاق، مەن
بىلەن مېڭىڭ»، «ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار»، «ساقچىنىڭ ئائىلە-
سىدىكى ‹ئوغرى›» قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى ئەڭ چوڭ،
تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك.

ھەربىي ئىشلار تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە كۆپ يىللاردىن
بېرى قانداق قىلغاندا ھەربىيلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ۋە
چىن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلەر
ھەل قىلىنماي كېلىۋاتاتتى بۇ تىمىدا «زىددىيەتسىزلىك نە-
زەرىيىسى» نىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. ھەممىگە ئايانكى،
ھەربىي قىسىملارمۇ جەمئىيەتنىڭ تەركىبىدە بولىدۇ. ئىجتىمائىي
زىددىيەت ۋە مەسىلەر مۇقەررەر ھالدا ھەربىي قىسىملارنىڭ
ئىچىدە ئىنكاس قىلىنىدۇ. رېئاللىقنىڭ ھەربىي ئىشلار تېمىسى-
دىكى ئەسەرلەر ھەربىيلەرنىڭ تۇرمۇشىنى توغرا، چىن ۋە
چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر. بۇ جەھەتتە «ئالغا، ئالغا!»
ۋە «سۆڭ جىداۋيۈەننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» دراملىرى
ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.
«ئالغا، ئالغا!» (گۇۋەن چاۋ) دراмىسى گەرچە ئوخشاشمايدىغان
ئىككى خىل مەشىق ئۇسۇلىنىڭ توقۇنۇشىنى يازغان بولسىمۇ،
ئەمما مۇشۇ زىددىيەت ئارقىلىق قېتىپ قالغان كونىلىق ئىدد-
يىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بولغان

كەسكىن تۇقۇنۇشىنى ئېچىپ بەرگەن. «سۇڭ جىداۋيۇەننىڭ كۈن-
دىلىك خاتىرىسى» (مويەن) دىرامىسى كادىرنىڭ بالىسى بىلەن
ئاددىي بىر ئەسكەرنىڭ زىددىيىتى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى
ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ھەربىي قىسىملارغا كەلتۈرگەن قالايى-
مىقانچىلىقىنى پاش قىلىپ، بەزى كادىرلارنىڭ «ئارقا ئىشىك»
تە ماڭىدىغان، ئىمتىياز قوغلىشىدىغان ئىستىللىرىنى تەنقىد
قىلغان ئاپتور تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇپ، ئۇنى
بەدىئىي چىنلىق بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ ئەسەر مەزمۇنىنى
خېلى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان.

يېڭى باسقۇچتىكى دىرامىلارنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي
مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەر خېلى
زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇ چاغدا يېزىلغان مۇشۇ تېمىدىكى
ئەسەرلەرنى 50 - يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ئوخشاش تېمىدىكى
ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرساق پەرقىنىڭ خېلى چوڭلۇقىنى كۆرىمىز.
يېڭى باسقۇچتىكى ئەسەرلەر تۆرىچىلىكنى پاش قىلىش ۋە
كادىرلار مەسىلىسى، مۇھەببەت، نىكاھ ئىشلىرى، ئەخلاق ۋاھا-
كازالاردا ساقلانغان مەسىلىلەرنى پاش قىلىش بىلەنلا چەك-
لىنىپ قالمىدى، بەلكى پىرولېتارىيات ئىدىيىسىنى قورال
قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى
ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق پارتىيىمىز،
دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى زور بولغان مەسىلىلەرنى ئوخ-
شاشمىغان نۇقتىلاردىن يورۇتۇپ بەردى. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر
ئۆز تېمىلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى ۋە كەڭ دائىرىلىكلىكى بىلەنلا
ئەمەس، يەنە ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇرلۇقى

بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم كۆز قارىشى بىلەن كۆزىتىپ، ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئېغىش خاھىشىنى يەڭگەن. يەنى زىددىيەتلەردىن چەتنىمەي، تۇرمۇشنى پەدەزلەپ كۆرسەتمەي، مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ كۆرسەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتنى قاپ - قاراڭغۇ جاڭگال قىلىپ كۆرسەتمەي، كىتابخانلارنى كۈرەش قىلىشقا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان؛ پارلاق ئىستىقبالنى كۆرسىتىپ كىتابخانلارنى ئۈمىدلەندۈرگەن. مەسىلەن: «باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل» دىرامىسىنى مىسال ئالساق، دىراما «قاندىش-لىق نەزەرىيىسى» نىڭ خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن روھىي ئازابلى-رىنى پاش قىلىپلا قالماي، يەنە تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇ-قەررەرلىكىنى، ھېچقانداق قارا - كۈچنىڭ كېلىۋاتقان باھارنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن.

دەرۋەقە يېقىنقى يىللاردىن بويانقى دىراما ئىجادىيىتىدە تېمىنى ئۇبدان تاللىمايدىغان، تېمىنى چوڭقۇر قازمايدىغان، «بازار قوغلىشىپ»، بىر خىللا تېمىلارغا ئېسىلىۋالىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا كۆڭۈل ۋە شەكىل ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت، تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇۋىدىكى، دىراماتۇرگلار ئىنقىلابىي رېئالىزملىق پرىنسىپقا چىڭ تۇرسا، تېمىنى تۇرمۇشتىن ئېلىپ، ئۇنى پىششىق تاۋلىسا چوقۇم خەلق ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ.

(2) يېڭى - يېڭى ئوبرازلار يارىتىلدى.

تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش — دراما ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا دراما ئىجادىيىتىنىڭ تاكامۇللاشقان-لىقىنىڭ ئالامىتى.

يېڭى باسقۇچتىكى دراماچىلىقتا نۇرغۇنلىغان يېڭى ئوب-رازلار يارىتىلدى. دراماتۇرگلار پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، تارىخىي شەخسلەر ۋە زامانىمىزدىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىشتا قىممەتلىك تەجرى-بىلەرنى ھاسىل قىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىللىق دراما ئىجادىيىتىدە ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ئوب-رازىنى يارىتىشقا تازا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى. ئازادلىق-نىڭ دەسلەپىدە لى بوجاۋ ئۆزىنىڭ «ئۇزۇن سەپەر» ناملىق ئوپېراسىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزدەنگەنىدى. لېكىن بۇ پېرسوناژغا بېرىلگەن كۆرۈنۈش ۋە دىئالوگلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە «ئىسلاھلاشتۇرۇلۇشى» غا ئەگىشىپ بۇ جەھەتتىكى بەدىئىي ئىزدىنىشلەر توختاپ قالغانىدى. دراما، تۈرگلار كېيىنچە يېزىلغان «1 - ئاۋغۇست بورانلىرى»، «شەرىق-قە يۈرۈش مۇقەددىمىسى»، «خۇڭخۇ پارتىزانلىرى» دېگەندەك ئەسەرلەردە جۇ ئېنلەي، جۇ دې، خې لۇڭ، چېن يى قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى ئىسمىنى ئاتىماي، پائالىيىتىنى سۆزلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىشقا مەجبۇر بولغا-نىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا تۈر-لۈك جىنايەتلەرنى چاپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا دائىر

ئەسەرلىرىنىڭ ھەتتىۋاسىنى «پارتىيە، سوتسىيالىزمغا قارشى» «قارا تىياتىرلار» دەپ ھاقارەتلەپ قاتتىق چەكلىگەن، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى «قەتئىي چەكلىنىدىغان رايون» قىلىپ قويغان ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇمران بولغاندىن كېيىن دراماتۇرگلىرىمىز پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن يۇقىرىقى چەكلىنىدىغان رايونغا بۆسۈپ كىرىپ ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، چېن يى، خې لۇڭ، دۇڭ بىيۇۋ، پىڭ دېخۇەي قاتارلىق يولداشلارنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ياراتتى.

قەھرىمانلارنى «ئىلاھلاشتۇرۇش» مەسىلىسى ئۈزۈلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كېسەللىك بولۇپ، ئۇ ھەل قىلىنمىسا «ئۇقۇملاشتۇرۇش» تىن خالىي بولغىلى بولمايتتى. يولداش لى ۋېيخەن بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنى «كىدىچىكىدە بىر ئەۋلىيا، چوڭ بولغاندا ھەممىنى ئالدىن كۆرۈپ، ئالدىن بىلەلەيدىغان پەيغەمبەر» قىلىپ قويغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ناھايىتى ئۇچۇقلۇق ئۆسكەن» قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئېيتىپ: «بۇ ئەمەلىيەتتە ئەۋلىيا يارىتىش» ① دەپ كۆرسەتكەنىدى. دراماتۇرگلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتى. ئۇلار ئەمەلىيەت جەريانىدا، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار يېزىلغان درامىلارنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن تارىخىي درامىلار قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى، تارىخىي درامىلارنىڭ چوقۇم تارىخىي چىنلىققا

---

① لى ۋېيخەن: «قەھرىمانلارنى يېزىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» دىن، «ئەدەبىيات – سەنئەت گېزىتى» 1981 – يىللىق 2 – سانىدا.

ئۇيغۇن بولۇشى لازىملىقىنى، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارنى سوب -
يېكتىپ ئارزۇ بويىچە خالىغانچە كۆتۈرۈش ۋە چوڭقۇرۇشكە
بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. شاۋچۇڭفېينىڭ «گېزىت
ساتقۇچى بالىلار»، ۋاڭ دېيىڭ، جەن خۇڭنىڭ «گېنېرال پىڭ -
دېخۇەي»، چىڭ شىرۇڭ قاتارلىقلارنىڭ «شىئەن ئۆزگىرىشى»،
چىياۋيۈينىڭ «ياڭ كەيخۇي»، شىيايېشىنىڭ «شەھەر باشلىقى
چېن يى»، دىڭ يىسەنىڭ «چېن يىنىڭ تاغدىن چۈشۈشى»
قاتارلىق دراممىلىرى پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ
ئوبرازلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى. بۇ ئەسەرلەر داھىلارنى
«ئىلاھلاشتۇرۇش» خاھىشىنى بۇزۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»
نىڭ قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى تۈرلۈك رامكا، قېلىپلىرى-
نى پاچاقلاپ تاشلاپ، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن، ھەم تەسىرلىك،
ھەم ئۇلۇغ، ھەم ئاددىي، ئىنسانىيدىن ئالىي كۆچلۈك بولغان داھى-
لارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، بۇ جەھەتتە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى
ھاسىل قىلدى.

«گېنېرال پىڭ دېخۇەي» دراممىسى 1981 - يىلى مۇ-
كاپاتلانغان مۇنەۋۋەر ئەسەر. ئۇنىڭدا چاۋشيەن ئۇرۇشى
پارتلىغاندىن كېيىن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو - چاۋشيەن
ئەللىرىنىڭ «چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن مۇناسىۋىتى» نى
نەزەردە تۇتۇپ «ئامېرىكىغا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ،
چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ قارارنى
چىقارغانلىقى ۋە يولداش پىڭ دېخۇەينىڭ قوماندانلىقىدىكى
پىدائىي قىسىملارنى چاۋشيەنگە ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت
تارىخىي رېئاللىق تەسۋىرلەنگەن. يولداش پىڭ دېخۇەي 2 -

قىتىملىق جەڭنىڭ پىلانىنى تۈزگەندە، ئۆزى ئىگەللىگەن ئەھۋال-لارغا ئاساسەن دۈشمەننى قىزىقتۇرۇپ ئىچكىرىگە ئەپكىرىپ، پارچىلاپ تاشلاش ۋە ئايرىم-ئايرىم يوقۇتۇش فاكچىنىنى ئىشلىتىشنى ئويلايدۇ. ئەمما يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىمىزنىڭ ۋە دۈشمەننىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن ھېسابلىشىپ، پىڭ-دېخۇەينىڭ پىلانىغا قوشۇلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن يولداش پىڭ-دېخۇەي كېچىلەپ يول يۈرۈپ بېيجىڭغا كېلىدۇ-دە، ئۇدۇل جۇڭنەنخەيگە كىرىپ، يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۆزىنىڭ پىلانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ پىڭ دېخۇەينىڭ پىكرىنى تەپسىلىي ئاڭ-لىغاندىن كېيىن، ئېنىق يېڭى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆز پىكرىدىن ۋازكېچىدۇ ۋە ئۇرۇش پى-لانىنى تولۇقلايدۇ. نەتىجىدە 2- قېتىملىق جەڭ زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، پۈتۈن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولۇپ، ئاپتور يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مۆلچەرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى نەزەر-دە تۇتۇپ، تارىخىي پاكىتنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن. تارىخنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە مۇشۇ پاكىتنى پۈتۈن دراما سۇژىتىنىڭ مەركىزى قىلغان. پېرسوناژلارنى ھەقىقىي توقۇنۇش ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، داھىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا رېئالىزمغا سادىق بولغان. بولۇپمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، ئاپتور بۇ ئىككى نەپەر پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ پىكىر ئىختىلاپىنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن يېزىپ، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى تونۇش جەريانىنى ئەكس

ئەتتۇرگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ پىڭ دېخۇەينىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىدۇ. يولداش پىڭ دېخۇەي بولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ پىلانىنى تولۇقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شانلىق ئوبرازى قىلچە تەسىرگە ئۇچرىمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ كەڭ كۆڭلى - كۆكسى، ئىنقىلاب ئىشلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئالىيجاناپ پەزىلىتى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. بۇلار كىشىگە تېخىمۇ چىن بولۇپ تۇيۇلۇپ كىشىنى قايىل قىلىدۇ، ئىشەندۇرىدۇ.

بۇ باسقۇچتىكى درامىلاردا يارىتىلغان يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىمۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا.

«قىزىل قەلب شەجەرىسى» درامىسىدىكى بىرقانچە زىيالىي-نىڭ يارقىن ئوبرازى تۇنجى بولۇپ مۇشۇ باسقۇچتىكى درامىا ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى نەتىجىسىنى نامايەن قىلدى. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن فاڭ لىنچيەن تەۋرەنمەس، تۈز، سەممىي كىشى. ئۇنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلەتلىرى، جۇئېنلەي زۇڭلىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. چاچلىرى ئاقارغان پېشقەدەم تېۋىپ دىڭ ۋىنجۇڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي سۆز-لەيدىغان، سۆزى ئۆتكۈر ۋە يۇمۇرلۇق، روشەن ئىندىۋىدۇئال-لىققا ئىگە پېرسوناژ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى ئايدىڭ، مەيدانى مۇستەھكەم. ئاپتور بۇ ئوبرازلارنى ياراتقاندا، 17 يىلدىكى ئەسەرلەردە ساقلانغان زىيالىيلارنىڭ ئوبرازىغا سەل قارايدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى بۇرمىلاي-

-دىغان كېسەللىكلەردىن ساقلانغان. بۇ دىرامىدىكى جۇاڭ چىشىڭ
گەرچە سەلبىي قەھرىمان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا
خېلى ئەۋزەللىكلەر بار. بۇ باسقۇچتىكى خېلى كۆپ ئەسەر-
لەردە تەسۋىرلەنگەن ئىسىيانچىلارنىڭ كاتتىباشلىرى، مەزھەپ
گۇرۇھىلارنىڭ باشچىلىرى دېگەندەك بۇزۇقلارنىڭ ئوبرازىدا
بىر خىللىق ئېغىر ئىدى. بۇ سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبراز-
لىرى كونا جەمئىيەتتىكى لۈكچەك، مۇشتۇمزورلار، گومىنداڭ-
نىڭ چوماقچىلىرىغا ئوخشاپلا قالاتتى. ئاپتور سۇ شۇياڭ جۇاڭ-
جىشىڭنى خاسلىقى بار، ئۆزگىچە بىر پېرسوناژ قىلىپ تەس-
ۋىرلىگەن. ئۇ روھىي دۇنياسى رەزىل بىر شەخس. ئەمما ئۇ
كۆرۈنۈشتە، گەپ-سۆزلىرى جايىدا، ھەرىكەتلىرى چەبدەس،
(ھەتتا ئەدەپلىك) رەڭگى-روپى كېلىشكەن بولغاچقا ئۆزىنىڭ
ھەقىقىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ. ۋاقتى-سائىتى توشما-
غىچە ئۆزىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىمايدۇ. دېمەك
ئاپتور ئىلگىرىكىدەك قەھرىمانلارنى «ئەۋلىيا» لارغا، بۇزۇقلارنى
«جىن» لارغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدىغان قېلىپقا چۈشمەي، ئۆز
ئوبرازلىرىنى تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە لوگىكىسى
بويىچە ياراتقان.

بولۇپمۇ يېڭى باسقۇچتىكى كورەشلەرنى، مۇرەككەپ
تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن درامىلاردا يارىتىلغان بىر تۈركۈم
يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئوبرازى كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.
بۇ ئوبرازلارنىڭ ئىچىدە ئۆزۈن يىللىق ئىنقىلابىي كورەشلەر-
نىڭ قىيىن سىناقلىرىدىن ئۆتكەن پېشقەدەملىرىمىز ۋە يېڭى
جۇڭگو بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ھەر ساھەدىكى ياش-

لىرىمىز بار. مەسىلەن: لى جيەن، بەي جيپ («باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈل» دراممىسىدا)، لياڭ يەنمىڭ («كەلگۈسى چاقىرماقتا» دراممىسىدا)، لۇشىنگاڭ («ئىسسىق قان ھامان ئۇر-غۇيدۇ» دراممىسىدا)، سۇچيۇخۇا («ئالتۇن» دراممىسىدا)، جىن-جىنۇڭ («تەگرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىدە» دراممىسىدا)، لۇڭ خەنشىڭ («ئەيسپلەنگۈچى» دراممىسىدا) قاتارلىقلار مۇشۇنداق ئوبرازلار-دىن بولۇپ، ئۇلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ئوبرازلار قاتارىنى كەڭەيتتى. بۇ پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەسۋىر-لىرىدە ئازدۇر-كۆپتۇر نۇقسانلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۈچلۈك دەۋر روھى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇلار «مەدە-نىيەت ئىنقىلابى» دىكى «ئىگىز، زور، مۇكەممەل» قىلىپ يارىتىلغان «قەھرىمان» لارغا زادى ئوخشىمايدۇ. ئۇلار سىياسي ئۇقۇم ۋە پرىنسىپلارنىڭ دوگما ھالدىكى ئوبرازلىق تۈرەلمىسى ئەمەس، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ئىچىدىكى، خەلقنىڭ ئارىسىدى-كى مۇنەۋۋەر ئوغلانلار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاددىي كىشى-لەردۇر. ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس غايىسى ۋە ئەقىدىسى بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قەلبىدە دەۋرنىڭ بېسىپ قويغان تامغىسى بار. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەم غايىۋىيلىك، ھەم رېئاللىق پۈتۈلگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى سەھنە ئەسەرلىرىدە نۇرغۇنلىغان جانلىق، يارقىن، تەسىرلىك ئوبرازلار يارىتىلدى. بۇ — مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك زور نەتىجە. لېكىن درامىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقى دراماتۇرگلىرىمىزدىن تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە تىپىك-

لەشتۇرۇلگەن بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشنى تەلەپ قىلماقتا. شۇڭا، بىزنىڭ دراماتۇرگلىرىمىز تەجرىبە ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تېخىمۇ بەكرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشى لازىم.

‹ 3 › بەدىئىي جەھەتتىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر، مۇشۇ باسقۇچتىكى دراما ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

17 يىللىق دراما ئىجادىيىتىدە دراماتۇرگلار بەدىئىي جەھەتتىن ئىزدەنمىدى دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ چاغلاردا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، دراماتۇرگلارنىڭ دىققىتى خېلى دەرىجىدە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا قارىتىلغانىدى. بۇ جەھەتتە ئىز - دەندى دېيىلگەندىمۇ، بۇ ئىزدىنىش تولا ئۈزۈلۈپ، تولا توختاپ قالدى. ئىزدىنىش يولىمۇ بەك تار بولدى، قىسقىسى ئىزدىنىش ئاڭلىق بىر كەيپىياتقا، مۇقىملىققا ئايلىنالمىغان ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشىكنى ئېچە - ۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، نورغۇنلىغان دۇنياۋىي تەسىرى بار دراما سىستېمىلىرى ۋە ئېقىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئېلىمىزدە تونۇشتۇرۇلۇپ، دراماتۇ گلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كە - ڭەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي زېمىن بىلەن تەمىنلىدى.

دراما ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي جەھەتتىن ئىزدىنىش 1979- يىلى رەسمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. شۇ چاغدا تەسىرى چوڭ-راق بولغىنى «ئىسسىق ئىقىم تالادا» (جىيا خۇڭيۈەن، ماجۇڭجۈن، جۈي شىنخۇا) دراممىسى بولۇپ، بۇ دراما كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. ئەسەردە ياشلار ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى ئاممىنىڭ ئارىسىغا بىرىپ داۋالاپ ساقايتىشى كېرەك، شەخسىيەتچىلىكنىڭ تارقەپىزىنى پاچاقلاپ تاشلاش لازىم، دىگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسەر مەزمۇنى ساغلام ۋە ئاكتىپ. بۇ ئەسەرنىڭ بۇنچىۋالا زور تەسىر قوزغىيالىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ياقتىن يېڭىلىق ياراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەسەردە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر تاملارنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ. ئاكىسىنىڭ ئەرۋاھى ھايات ياشاۋاتقان ئىنىلىرى ۋە سىڭىللىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ غەرب مودىرنىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەسەر دراما قۇرۇلمىسىدىكى «ئۈچتە بىردەك بولۇش» دەيدىغان كونا رامكىنى بۆسۈپ ئۆت- كەن، سۈژىتنىڭ مۇكەممەل ۋە تولۇقلىقىنى قوغلاشمىغان، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈر- گەن. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئەسلىمىسى، چۈشى ۋە ئىچكى سىرلىرىنى پائالىيەت مەيدانىنى يۆتكەش (تىياتىردا چىراق نۇرىنىڭ يۆتكىلىشى ئارقىلىق پائالىيەت مەيدانىنى يۆتكىگەن) ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مودىرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ قۇرۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى خۇسۇ-

سيەتلىردىنى ئىلىمىزنىڭ قەدىمىي دراما سەنئىتىدىكى يوشۇرۇن ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئۇنۇملۇك بىرلەشتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ئۇزۇندىن بېرى دراما ئىجادىيىتىدە ئىبسىننىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ كەلگەچكە، دراما ۋەقەلىكى كىچىككىنە بىر مەيدان بىلەن چەكلىنىپ كەلگەندى، تاسادىپىيلىق ۋە ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى درامىنى ئاسانلا سۈنئىي قىلىپ كۆرسىتىپ قوياتتى. شۇڭا يېڭى باسقۇچتىكى دراماتۇرگلار «درامىنى كىنولاشتۇرۇش» قا قىزىقىشتى. «پاھ، كەڭ ئورمان» (دۇيۇ) درامىسى مەيدانىنى كۆپ يۆتكەش ئار-قىلىق بىر پەردە بىر كۆرۈنۈشلۈك بولۇشتەك ئەنئەنىۋىي شە-كىلنى بۇزغان. بىراق بۇ درامىنىڭ بايانى يەنىلا تەرتىپلىك بولۇپ، مەيدانىنىڭ يۆتكىلىشىمۇ پەقەت قىستۇرما بايانلىق رولىنى ئوينىغان. درامىنىڭ كىنولاشتۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىنى زۇڭ فۇشيەنىنىڭ «ئىسسىق قان ھامان ئۇر-غۇيدۇ» درامىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ درامىدا ئىلگىرىكى درامىلاردەك پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەر يوق، پەقەتلا 17 چوڭ بۆلەك بار. بۇ «بۆلەك» درامىدىكى پەردە ئەمەس، كۆرۈنۈشمۇ ئەمەس، بەلكى سيۇژىت تەرەققىياتىدىكى ئابزاسلاردۇر. ئادەت-تىكى درامىلاردا پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەر مەيدانىنىڭ مۇقىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ درامىدا مەيدان مۇقىملاشتۇرۇلمىغان. مەسىلەن: ئونىنچى بۆلەكتە ۋەقەلىك بىردەم گۇاڭجۇغا، بىردەم شاڭخەيگە يۆتكىلىدۇ، بىردەم شىركەتتە، بىردەم مېھمانخانىدا داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ھەتتا بەزىدە بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈچ ئورۇندا

بولۇۋاتقان ۋەقەلەر تەڭلا سۆزلىنىدۇ. بۇ درامىنىڭ كىنولاشتۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ درامىغا خاس ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ كىنوغا خاس ۋەقەلىكىنىڭ ھەرىكىتىگە ئۆزگەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بۇ درامىدا ۋەقەلىك پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنۈپ، ئاندىن ئۇلارنى مەيدانلارغا مۇقىملاشتۇرىدىغان، ئالدىدا سەۋەپ، كەينىدە نەتىجە سۆزلىنىپ، تەرتىپلىك بايان قىلىنىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئىشلىتىلمىگەن. ئاپتور پۈتۈن ئەسەرنى خۇددى كىنودىكى ئايرىم كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشايدىغان ۋەقە بۆلەكلىرىگە بۆلۈپ ئاندىن ئۇلارنى كىنونىڭ «كىرىشتۈرۈش» ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. زوڭ فۇشيەن قاتارلىق دراماتۇرگلارنىڭ چەت ئەلنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان «درامىنى كىنولاشتۇرۇش» جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ئۇنۇملۇك بولدى. بىز بۇ ئىزدىنىشنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشنى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ۋە دەۋر روھى كۈچلۈك چاقناپ تۇرغان يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئوبرازلىرىنى كەڭ مەيدانغا (كەڭ ئورۇنغا) قويۇپ تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە تەسۋىرلەشتە ئەھمىيىتى بار، دەپ قارايمىز.

شايېشىننىڭ «شەھەر باشلىقى چېن يى» درامىسى بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچىلىكى بار ئەسەر. بۇ درامىدا پۈتۈن سۇژىتنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋەقە ۋە توقۇنۇش يوق. درامىنىڭ ھەربىر مەيدانى مەستەقىل بىر بۆلەك بولۇپ، ئاپتور چېن يىدىن ئىبارەت باش قەھرىماننى دائىرە قىلىپ ئۇن كىچىك ھېكايىنى سۆزلىگەن. كىلاسسىزمنىڭ «ئۈچتە

بىردەك بولۇش» (ۋاقىت، ئورۇن ۋە ھەرىكەتنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەش) پرىنسىپى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكەت (ۋەقە، توقۇنۇش) نىڭ «بىردەكلىكى» ھازىرغىچە دراماتۇرگلار ئۈچۈن مىزان بولۇپ كېلىۋاتاتتى. شايىشىن ئۆز دراممىسىدا بۇ خىل «بىردەكلىك» نىمۇ بۇزۇۋەتتى. بۇ درامىنىڭ خېلى كۆپ كۆرۈنۈشلىرىدە پۈتۈنلەي مۇستەقىل، تولۇق ۋەقە ھەم توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پېشقەدەم يازغۇچى دىڭ لىڭ بۇ ئەسەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «‹شەھەر باشلىقى چىن يى› كونا رامكىلارنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭدا ھېكايە يوق، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ يوق. بۇ ئەسەر سۈنئىي ھالدا زىددىيەتلەرنى ياساپ چىقارمىغان، پەقەت شەھەر باشلىقى چىن يىدىن ئىبارەت بىرلا ئادەمنى يازغان. ئەسەر 16 بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئون ۋەقەنى سۆزلەش ئارقىلىق چىن يىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن ...... بۇ يەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىياتىر ① لارنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى ئەمەس، شېكسپىرگە تەقلىد قىلغانلىقىمۇ ئەمەس، بەلكى 20- ئەسىردىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى دراما ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىجادىيەتتۇر» ②

بۇ باسقۇچتا پېشقەدەم دراماتۇرگلارمۇ بەدىئىي جەھەتتىن

①: بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تىياتىر» ئەمەلىيەتتە شىچۈي تىياتىرى-تۈزگۈچىدىن

②: «نىڭشا گېزىتى» نىڭ 1982- يىل 21- مايدىكى «خۇيزۇ يازغۇچىسى شايېشىننى زىيارەت» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

كۆپ ئىزدەندى. مەشھۇر دراماتۇرگ ساۋيېيىنىڭ «ۋاڭ جاۋ - جۈن» نامىلىق دراممىسى ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ تارىخىي درامىدا شېكسپىرچە مونولوگلارنى كۆپ ئىشلەتكەن، كلاسسىك يۈفۈ قوشاقلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ناخشا - ئۇسۇللارنى دراممىغا كىرگۈزگەن، بۇ ئارقىلىق ئەسەرنى دراما، ئۇسۇللۇق تىياتىر، ئوپېرانىڭ ئامىللىرى بار بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا درامىنى شېئىرىي گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

«...... دەۋر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بەدىئىي شەكىللەرمۇ ئۆزگەرمىسە بولمايدۇ» ① درامىنىڭ ئەنئەنىۋىي شەكىللىرىنىڭ يەنىلا ھاياتىي كۈچى بار. ئۇ يەنە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بىزنىڭ «ئۇنۇملۇك قورالىمىز» بولالايدۇ. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن «يېڭى قورال» لارنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى توسمايمىز، بەلكى قارشى ئالىمىز. تېخىمۇ كۆپ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە بەدىئىي شەكىللەر سوتسىيالىستىك مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. دەرۋەقە بىز بەدىئىي جەھەتتىن ئىزدىنىۋاتقىنىمىزدا درامىلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىشنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. بىز چەت ئەللەرنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانساق ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرسەك، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن

---

① : جۇياڭ: «سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىسى توغرىسىدا» دىن «خەلق گېزىتى» نىڭ 1979 - يىلى 21 - ۋە 22 - فېۋرال سانلىرىدا

يېقىلىق يارىتىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ دراما ئىجادىيىتىمىز تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ.

## 2 - §. ئەنئەنىۋى درامىلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە كونچۇي تىياتىرى «ئونبەش تىزىق داچەن»

ئەنئەنىۋى درامىلار ئېلىمىزنىڭ پۈتۈن جاھانغا مەشھۇر بولغان قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ دراما تارىخىدا موھىم ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ 1000 يىلدىن ئار-تۇقراق تارىخى بار. خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئەنئەنىۋى درامىلارنى ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغاچقا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دراممىچىلىقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئېقىمنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلانماقتا. بۇ ئۈچ چوڭ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرى: ئىستانىسلاۋىسكىي (سو-ۋېت)، بېرىست (گېرمانىيە)، مېي لەنفاڭ (جۇڭگو). كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىقى پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

دۇنيا بويىچە دراما سەنئىتى ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان دۆلەت — قەدىمكى گرېتسىيە. درامىچىلىق ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستاندا پەيدا بولغان. ئەشۇنداق رەتكە تۇرغۇزغان-دا جۇڭگو ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق ئالدىنقى ئىككى-سىنىڭ ئەنئەنىۋي درامىچىلىقى ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ خىل قەدىمي درامىلارنى ساقلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە سەنئەت سىس-تېمىسى قېلىپ شەكىللەندۈرەلىگەن بىردىن-بىر دۆلەت —

جۇڭگودۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەنئەنىۋى دراممىلارنىڭ ئىجادىيەت خىزمىتىگە ئېتىۋار بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنى قېزىش، رەتلەش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىجات قىلىش خىزمىتى جانلىنىپ كەتتى. تارىختىن بۇيان سەھنىدە داۋاملىق ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەسەرلەر رەتلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەندى. 1952 - يىلىدىكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق ئەنئەنىۋى تىئاتىرلار كۆرىكىدە ئوينۇلۇپ قىزغىن ئالقىشلانغان يۆجۈي تىياتىرى «لىياڭشەنبەي بىلەن جۇيىڭتەي» (شۇ چىن قاتارلىقلار ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، جىڭجۈي تىياتىرى «ئاق يىلان ھەققىدە قىسسە» (تيەن خەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) قاتارلىق ئەنئەنىۋى تىياتىرلار قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ «ئون بەش تىزىق داچەن» نىڭ قايتا ئىشلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن ئىشلىتىش، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تىكلەش» جەھەتتە ئۈلگە يارىتىپ بەردى. بۇ مەزگىلدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغا ئەسەرلەردىن يەنە جىڭجۈي تىياتىرى «ياڭ ئائىلىسىدىكى ئايال باتۇرلار» (فەن يۈنخۇڭ، لۈي دىۋەنمىڭلار ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «يىگىت تاللىشىش» (شادىڭ، شۈي ۋىنياۋلار ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) قاتارلىق ئەنئەنىۋى تىياتىرلارمۇ بار.

ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنىڭ سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ھازىر-

قى زامان تىياتىرلىرى» ئەنئەنىۋىي دراما سەنئىتىدىكى بىر چوڭ يېڭىلىق بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر. گەرچە «ھازىرقى زامان تىياتىرلىرى»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن بۇزمىلانغان بولسىمۇ، بىراق پېكىنجىڭ تىياتىرى «كىچىك كۆيۈغۇل»، جىڭجۈي تىياتىرى «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش»، لۈجۈي تىياتىرى «ۋاڭ گۈي بىلەن لى شياڭ شياڭ»، لۈجۈي تىياتىرى «لى يەڭگىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى»، يۆجۈي تىياتىرى «چاۋياڭگۇ» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇلار «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن ئىشلىتىش، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تىكلەش» تىكى زور نەتىجىلەردۇر.

ئەنئەنىۋىي دراملارنىڭ سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخىي تىياتىرلارنىڭ ئىجادىيىتى 1960 - يىلىدىن كېيىن باشلاندى. يولداش جۇئېنلەي: «ئىلگىرى ئەنئەنىۋىي تىياتىر بىلەن ھازىرقى زامان تىياتىردىن ئىبارەت ئىككى خىل دراما تۈرى تەشەببۇس قىلىندى. لېكىن ئەنئەنىۋىي تىياتىرلارغا تارىخىي چىنلىقنى يۈتۈنلەي توغرى ئىپادىلەش تەلىپىنى قويغىلى بولمايدۇ. بۇنىدىن كېيىنكى دراما تۈرلىرى ئىچىگە ھازىرقى زامان تىياتىرى ۋە ئەنئەنىۋىي تىياتىردىن باشقا يېڭىدىن تۈزۈلگەن تارىخىي تىياتىرلارنى قوشۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ئۈچ خىل دراما تۈرىنى تەڭ تۇتۇشتەك توغرى فاڭجېننىڭ تۈرتكىسىدە 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر

تارىخىي تىياتىرلار ئىجاد قىلىندى.

1961 - يىلى 1 - ئايدا ئاتاقلىق تارىخشۇناس ۋۇخەن جىڭجۈي تىياتىرى «خەيرۇيىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى»نى يازدى. بۇ تىياتىر مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خەيرۇيىنىڭ خەلق مەنپەئەتىنى قوغداپ، مۇشتۇمى زور چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەدەپىنى بەرگەنلىكىنى ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشماي ئاخىرى ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ھېكايە قىلغان بولۇپ تارىخىي ھېكايە ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ چىرىكلىكىنى، مۇتەھەملىكىنى پاش قىلغان ۋە خەيرۇيىنىڭ خەلقچىللىقىنى، ھەققانىيچىلىكىنى مەدھىيىلىگەن.

1961 - يىلى 8 - ئايدا ئاتاقلىق دراماتورگ تىيەن خەن جىڭجۈي تىياتىرى «شىيې ياۋخۇەن»نى ئېلان قىلدى. بۇ تىياتىردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇزېتيەن دەۋرىدىكى ئايال ئەمەلدار شىيې ياۋخۇەننىڭ خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، زومىگەر ئەمەلدار، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دادىل كۈرەش قىلغانلىقى ۋە زوراۋان كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، شىيې ياۋخۇەننىڭ خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان قەھرىمانلىقى مەدھىيىلەنگەن. شۇنىڭدەك ئەل قىساسى خانىۋ - سەلتەنەتنىمۇ گۇمران قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر ھەقىقەت شەرھىيىلەنگەن.

مىڭ چاۋنىڭ «لى خۇيىنياڭ» ناملىق كۇنچۈي تىياتىرى 1961 - يىلى 8 - ئايدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەردە يازغۇچى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن

زالىم ئەمەلدار جيا سىداۋىنىڭ چىرىكلىكىنى، ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىدۇ. جيا سىداۋىنىڭ قارا قولى بىلەن بىگۇنا ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن لى خۇيىنىياڭنىڭ ئۇ ئالەمگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئۆز دۈشمىنىدىن قەتئىي ئۆچ ئالغانلىقىدەك كۈرەشچانلىق روھى مەدھىيىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك يېڭى ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي تىياتىر ئىجادىيىتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى دراما سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى بىلەن يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھازىرقى زامان تىياتىرلىرىنى ئىجاد قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى تارىخىي تىياتىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنىمۇ چىڭ تۇتۇش زۆرۈر. بىزنىڭ دراما ئىجادىيەت تارىخىمىز يۇقىرىقى «ئۇچىنى تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنىنىڭ تامامەن توغرى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

كۇنچۈي تىياتىرى «ئونبەش تىزىق داچەن»

«ئونبەش تىزىق داچەن» ناملىق تىياتىر جياڭسۇ ئۆلكىسى «ئونبەش تىزىق داچەن»نى ئۆزگەرتىپ ئىشلەش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن مەنچىڭ دەۋرىدىكى جۇسۇچېڭنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۆزگەرتىپ ئىشلەشتە ئەسلى ئەسەردىكى ئىككى سيۇژىت لىنىيىسىنىڭ بىرسى قىسقارتىۋېتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن درامىنىڭ

توقۇنۇشلار تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن ۋە جىددىيلەشكەن. مەركىزىي ئىددىيە تېخىمۇ روشەنلەشكەن. ئەسلى ئەسەردە تەكرارلىنىشلار كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ چۇۋالچاق ئىدى. ئاكتىۋىئال مەزمۇن غەلىتە ۋەقەلىكلەرنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋال بار ئىدى. ئۆزگەرتىپ ئىشلەشنىڭ مۇۋاپپەقىيىتى خۇددى جۇزۇئىلى ئېيتقاندەك: «قەدىمىي كۈنچۈي تىياتىرى»نى چاقنىتىپلا قالماي، يەنە تارىخىي دراممىلارنىڭ ئوخشاشلا رېئال تەربىيىۋىي رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى......»①

ئەسەر يۈي خۇلۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن سو شۈيجۈەن ۋە شۇڭ يۈيلەنلەرگە ئۇۋال قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ئەنزىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، فېئودال ئەمەلدارلار ئىچىدىكى تەكشۈرۈپ پىكىر بېرىدىغان، ھەققانىيەتچى كۇاڭچۇي بىلەن ئۆزەمنىڭكىلا راست دەيدىغان، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ كىشىنىڭ جېنى بىلەن ئويىنىشىدىغان گويۇيجۇ ۋە جۇچېنلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى مەھكىمىلەرنىڭ چىرىك، پەسكەش، جىنايى ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ سەھنە ئەسىرىدە قەدىمىي زاماننىڭ ئۈچ نەپەر ئەمەلدارىنىڭ بۇ ئۈچ خىل ئوبرازى ناھايىتى جانلىق يارىتىپ بېرىلگەن. كۇاڭ چۈينىڭ ھەققەتنى ياقلاپ، ئۆزىنىڭ خۇۋلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي، ناھەق جازالانغان ئاددىي پۇقرالارنى ئاقلاپ چىققانلىقى مەدھىيلەن-

① : «خەلق گېزىتى» نىڭ 1956 - يىلى 18 - مايدىكى باشماقالىسى: «گەپنى «بىر تەئاتىر، بىر دراما تۈرىنى تىرىلدۈردى» دىن باشلايلى» دىن ئېلىندى.

گەن، يۈيجىنىڭ ئۆزىنى چوڭ ساناپ، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغانلىقى، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ، پۇقرالارنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشقانلىقى قامچىلانغان، «تاجى ـ تەختىم ئامانلا بولسا، مىڭلىنىڭ قېنىنى بىگۇنا تۆكسەممۇ مەيلى» دەيدىغان، تۆردىچە لىكتە ئۇچىغا چىققان جۇچىننى قاتتىق سۆككەن.

ئەسلى ئەسەردە كۇاڭ جۇڭ ئاساسەن ھەققانىيەتچى ئەمەلدار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئىستىلى ۋە ئوبدان پەزىلەتلىرى ئىپادىلەنگەنىدى. بىراق يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتلەردىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن كۇاڭ جۇڭنىڭ ناھەق بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزىنى تەكشۈرۈپ توغرىلىغانلىقىدىكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى، مەقسىدىنى ۋە مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاكتىپ ئىدىيىسىگە «ئىلاھىيەتچىلىك»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دېگەندەك ئىدىيىلىسىنىڭ كۆز قاراشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا بۇ ئوبراز يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلمىغانىدى. ئۆزگەرتىپ ئىشلىگۈچىلەر كۇاڭ جۇڭنىڭ «خەلقنىڭ ھال ـ دەردىگە يەتكەنلىكى»نى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل روھىنى ئۇنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئىدىيە قىلىپ تەسۋىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرگە: ئۇنىڭ بىر مۇلازىمنى سارايغا بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئېۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئېپىزوتنى ئالايتەن كىرگۈزۈپ، كۇاڭ جۇڭنىڭ ئىقرارىغىلا ئىشىنىپ كەتمەي، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان ئىستىلىنى گەۋدىلەندۈردى. ئەسلىدىكى ئەـ

سەردە: كۋاك جۇڭنى «مەھبۇس»لارنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپلا، بۇ ئەنزە خاتا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ، دەپ چۈشىنىپ يەتكەن ۋە دەرھال ئامبالغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان قىلىپ تەسۋىرلىگەنىدى. بۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغاندا، كۋاك جۇڭ بىر نەرسىگە ئوڭايلا ئىشىنىپ قالىدىغان ۋە ئۆزىنىڭكىنى راست دەپلا تۇرىۋالىدىغان شەخس بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۆزگەرتىپ ئىشلىگۈچىلەر كۋاك جۇڭنىڭ توغرى تونۇشقا كېلىشىنىڭ خېلى بىر جەرياندىن كېيىن بولغانلىقىنى ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتىكى توقۇنۇشلاردىن كېيىن بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى يېڭى تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوبيېكتىۋىزمچى، ئالدىراقسان گويۇيجىنى كۋاك جۇڭغا يانداشتۇرۇپ، ئۇلارنى بەزى پائالىيەتلەردە بىللە بولغان قىلىپ تەسۋىرلەپ، سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق كۋاك جۇڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ياراتقان.

ئەسلى ئەسەردىكى گو يۈيجى بىگۇنا ئادەملەرنى ناھەق جازالىغان فېئودال تۆرە، شۇنداقلا ئاخىرىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ تېپىشتۇرۇپ قويىدىغان ئوبدان ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بولۇپمۇ گو يۈيجىنىڭ «ئىلاھىيەتچىلىك» ئىددىيىسىنى كۆچەپ ئىپادىلەپ، ئۇۋال قىلىنغان سۇ شۈيجۇەن ۋە شۇڭ يۈيلەنلەرنى «پېشانىسىغا شۇنداق پۈتۈلگەن» قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز سۆزلۈك گويۈيجىنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلەتكەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزگەرتىپ ئىشلىگۈچىلەر ئەسلى ئەسەردىكى خۇراپىي كۆز قاراشلارنى ۋە چاكىنا تەپسى-

لاتلارنى ئېلىپ تاشلاپ گۈيۈيجىدىن ئىبارەت فېئودال تۆرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارغا خاس خەلقنى مەنسىتمەيدىغان، مۇستە-بىت، جاھىل، ھېنگللا راست دەيدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىك-لىرىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۆزگەرتىپ ئىشلىگۈچىلەر بۇ ئوبراز-نىڭ خاراكتېر لوگىكىسى بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەت - پا-ئالىيەتلىرىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چىڭ تۇتىۋالغان بولغاچقا، بۇ ئوبراز بەدىئىي ھاياتقا ئېرىشتى. گۈيۈيجىدا مەنمەنچىلىك ۋە تۆرىچىلىك ئىنتايىن ئېغىر، لېكىن ئۇ ئۆزىنى قالتىس تا-لانتلىق چاغلايدۇ. ھەر قانداق چىگىش ئەنزىلەرنى يېشەلەي-مەن، دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ ئوب-رازىغا بىر خىل كومېدىيىلىك تۈس كىرگۈزگەن. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ سۇ شۈيچۈەننى سوراق قىلغان چاغدا بىلەرمەنلىك قى-لىپ دېگەنلىرىگە قاراپ باقايلى:

«بۇ رەڭگى - رويى جايىدا، ئالۇچىدەك بېجىرىم چو-كان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ جامالى ئادەمنى ئېزىقتۇرماي قالامدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ تازا ئېچىلغان گۈلدەك چېغى ئىكەن، بۇنداق ياش چوكان ئەر خەقلەرگە سۆركەلمەي قالامدۇ؟ ئاشنا ئوي-ناپ ئاپاق - چاپاق بولۇشقاندىن كېيىن جۈپتى بىلەن قېچىپ كەتمەك بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. دادىسى كېلىپ ئۇلارنى توسقاندا ئۇلاردا چوقۇم بوۋاينى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش ۋە ئۇ-نىڭ پۇل - مېلى بىلەن خورجۇنىنى چېڭداش خىيالى تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ئىشلار تۇرمۇشتا بەك تولا. بۇ ئەنزىنى مەن سۈرۈش-تۈرمەي تۇرۇپمۇ چىگىشنى ئاساسەن يېشىپ بېرەلەيمەن».

يۇقىرىدا يېزىلغانلارنى سوبيېكتىۋىزمچى ۋە تۆرىچىلەرنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاشكارىلىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزگەرتىپ ئىشلىگۈچىلەر گو يۈيجىننىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى جانلىق سۈرەتلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تاغدەك پاكىتلار ئالدىدىمۇ ئۆز پىكرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي جاھاللىق قىلغانلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۇنىڭدىكى تۆرىچىلىك ۋە مەنمەنچىلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر قازغان.

«ئونبەش تىزىق داچەن»نىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىنىشى ۋە سەھنىدە ئوينىلىشى بىر قەدىمىي دراما تۈرىنى تىرىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە ئاكتىپ تەربىيىۋىي رولىنى جارى قىلدى. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى قەدىمىي زامان تۇرمۇشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ كۇاڭ جۇڭنى مەدھىيىلىگىنى ۋە گو يۈيجىنى پىپەن قىلغىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ «زامانىمىز گو يۈيجىلىرىغا بەرگەن جاراڭلىق جاۋابى»① بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3 - §. يېڭى ئوپېرالارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە «خۇڭخۇ پارتىزانلىرى»، «ليۇسەنجيې» ئوپېرالىرى

يېڭى ئوپېرالار ئېلىمىزدە «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن. 1942 - يىلىدا يەنئەندىكى ئە-

① : «خەلق گېزىتى» نىڭ 1956 - يىلى 18 - مايدىكى باشماقالىسى «گەپنى «بىر تىياتىر بىر دراما تۈرىنى تىرىلدۈردى» دىن باشلايلى» دىن ئېلىندى.

دەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن راۋاجلانغان. دەسلەپتە «ئاكا ـ سىڭىلىنىڭ بوز يەر ئېچىشى»، «ئەر ـ خوتۇننىڭ ساۋات چىقىرىشى» دېگەندەك كىچىك تىپتىكى يېڭى ئوپېرالار، كېيىن «ئاق چاچلىق قىز» دەك مۇنەۋۋەر ئوپېرالار ئىجاد قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن يازغۇچىلار يېڭى ئوپېرا ئىجادىيىتىدىكى ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئوبدان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى ئوپېرالارنىڭ ئىچىدە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىرىدىن: «بىر پىدائىي قىسىم جەڭچىسىنىڭ سۆيگىنى» (دىڭ يى، تيەن چۈەن)، «يايلاق ناخشىسى» (رېڭ پىڭ)، شائىر لى جىنىڭ داستانىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «ۋاڭ گۈي بىلەن لى شياڭ شياڭ»، جاۋ شۇلىنىڭ ھېكايىسىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «شياۋئېرخېيىنىڭ تويى»، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئىشلەنگەن «ليۇ سەنجيې» قاتارلىق يېڭى ئوپېرالار بار. سېلىشتۇرغاندا ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ. بەدىئىي نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك. مەسىلەن: «ئۇزۇن سەپەر» (لى-بوجيەن)، «قىزىل مارجان» (جاۋ جۇڭ قاتارلىقلار)، «خۇڭخۇ پارتىزانلىرى» (كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان)، «جياڭ ھەدە» (يەن شياۋ) قاتارلىق ئوپېرالار ئەينى چاغلاردا كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەندى.

ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى ئوپېرالارنىڭ ئىجادىيەت نەزەرىيىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلەر بولدى. 1957 ـ يىلى جۇڭگو دراماتۇرگلار جەمئىيىتى ۋە جۇڭ-

گو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىرلىكتە يېڭى ئوپېرالار ھەققىدە مۇزاكىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىجادىيەتكە تۈرتكە بولدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئاز بولمىغان ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا چىقىپ ئېلىمىزنىڭ مىللىي دراما سەنئىتى ۋە مۇزىكىسىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى راۋاجلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت ئەل دراما سەنئىتىنىڭ ئوبدان تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئالايىتەن ئۇسلۇبقا ئىگە يېڭى ئوپېرا ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈردى.

«خۇڭخۇ پارتىزانلىرى» ئوپېراسى

«خۇڭخۇ پارتىزانلىرى» ئوپېراسىنى خۇبېي ئۆلكىلىك تەجرىبە ئوپېرا ئۆمىكى 1960-يىلى ئىجاد قىلغان ۋە ئويناپ چىققان بولۇپ، بۇ ئوپېرا ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇنىڭدا خۇڭخۇ رايونىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، يولداش خې لۇڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشلەر ئوپېرا شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مەدھىيىلەنگەن. خەن يىڭنىڭ باتۇرانە ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ئوپېرانىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىنقىلابچىلارنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

خەن يىڭ — تايانچ بازىلاردىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىيىمىزنىڭ رەھبىرىي

كادىرلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى. جۇڭگو خەلقىنىڭ قەھرىمانـ
لىق جاسارىتى ئۇنىڭ يۈكسەك ئىنقىلابىي روھىغا مۇجەسسەمـ
لەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىنقىلابىي خەلقنىڭ غايىسى، پەزىلەتلىـ
رى، ھېسسىياتىغا سىمۋول قىلىنغان. ئۇنىڭ ئوبرازى يېڭى
زامان دراما سەھنىسىدىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ تىپىك
ئوبرازلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ئوپېرادا خەن يىڭنىڭ ئوبرازى كەسكىن كۆرەشلەر
يەنى ھايات-ماماتلىق جىددىي ئېلىشىشلار تەسۋىرلەنگەن تەپـ
سىلاتلار ئارقىلىق يارىتىلغان، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئەشۇنداق
دېتاللار ئارقىلىق يورۇتۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پولاتتەك مۇستەھـ
كەم ئىرادىسىنى ئۆز ناخشىسىدا مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

يالقۇن ئۆچمەيدۇ ھەرگىز بوران ھە دەپ قوترىسىمۇ،
قەد كۆتۈرەر قارىغاي يەنە، چاقماق قانچە چېقىلسىمۇ.
تەقدىم ئەتتىم بارلىقىمنى ئانىجانىم پارتىيىگە،
تىز پۈكمەيمەن دۈشمەنگە ھېچ قېنىم ئېقىپ باش كەتسىمۇ.

ئەسەر يەنە مەقسەتلىك ھالدا خەن يىڭنىڭ ئۆزى ياشىـ
غان ئەشۇ ئەزىز يۇرت بىلەن، خەلق بىلەن بولغان زىچ
مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەردانە، جەسۇر
خاراكتېرىنىڭ خەلقنىڭ كۆرەشچانلىق روھىنىڭ مەھسۇلاتى
ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ نۇقتىنى خەن يىڭ تۆرـ
مىدە تۇرۇپ ئېيتقان:

«خۇخۇ مېنىڭ يۇرت-ماكانىم،
خۇخۇ مېنىڭ ئانىجانىم.

تۇغۇلغاندىم قوينۇڭدا مەن،
ئىچكەن ئىدىم سۈيىڭنى مەن.
يىگەن ئىدىم ئاشلىغىڭنى،
سەندە تاپتىم پارتىيىنى.»

دېگەن ناخشىدىن ئاشكارا كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا ئۇ: قۇربان بولسام، مېنى خۇشخۇ باغرىغا كۆمۈڭلار، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ:

ئاڭلاپ ياتاي خۇشخۇ دولقۇن شاۋقۇنىنى،
كۆرۈپ تۇراي يۇرتتا قۇياش بالقىغانىنى،
چوڭ قوشۇنىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتقىنىنى.
ئاڭلاي يەنە يۇرتىنىڭ ناخشا ئېيتقىنىنى،
كۆرسۇن كۆزۈم ياۋنىڭ بەربات بولغىنىنى،
خەلقىم كۈتكەن يورۇق تاڭنىڭ ئاتقىنىنى.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، رەھىمسىز كۈرەشلەردە نامايان بولۇپ چاقنىغان غايە ئۇچقۇنلىرى خەن يىڭ ئوبرازىغا رومانتىزىملىق تۈس كىرگۈزگەن. خەن يىڭ پارتىيىگە، ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن خەلققە، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا، گۈزەل يۇرتىغا، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىغا ۋە كەلگۈسىگە بولغان لىرىكىلىق ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي پۇراق ناھايىتى قويۇق. بولۇپمۇ ھەممە كىشى سۆيۈپ ئېيتىدىغان «خۇشخۇ سۈيى، دولقۇنلايدۇ» ناخشىسىنىڭ لىرىكىلىق پۇرىقى تېخىمۇ كۈچلۈك. شۇڭا «خۇشخۇ پارتىزانلىرى» ئوپېراسىنى ئىنقىلابىي قەھرى-

مانىلىقنىڭ كۆچلۈك لىرىكىغا ئىگە مەدھىيە ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ئوپېرا شەكىل جەھەتتە «ئاق چاچلىق قىز» ئوپې-راسىنىڭ ئىبىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە يېڭىلىق ياراتقان. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەك-كەپ، توقۇنۇشلىرى كەسكىن، قۇرۇلمىسى زور. يولداش خې-جاڭگوڭ ئۆزىنىڭ «تايانچ بازا خۇگخۇ ۋە ‹خۇگخۇ پارتى-زانلىرى› ئوپېراسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ ئوپېرا يەنە يەرلىك شىۋە ھەم تىلىنى قوبۇل قىلغان، يەرلىك ئاھاڭلارنى ئىشلەتكەن بولغاچقا، ناخشا تې-كىستلىرى ۋە ئەسەردىكى دىئالوگلار يېقىملىق، تەسىرلىك چىق-قان. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى خۇگخۇ خەلقىنىڭ تۇر-مۇشىنى، كۆرەش ئەمەلىيىتىنى ۋە شۇ رايونىنىڭ ئالاھىدىلى-كىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي ئىرادىسى ھەم ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى تالانتىنى، ئىجادكارلىقىنى نامايان قىلغان. ناخشىلاردا ئىپادىلەنگەن، غەزەپ - نەپرەت، قارشىلىق، غەزەپلىك تىل ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى بارلىق ئەكسىيەت-چىلەرنىڭ يۈرىكىنى موجۇپ تىترىتىۋېتىدۇ» دېگەنىدى. دەرۋەقە ئوپېرا ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى جانلىق، خىلمۇخىل بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ناخشىسى بار، ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەردە ئارقىسىدىكى خورمۇ بار. يالغۇز ناخشا، ئېيتىشىش، ئۇلاپ ئېيتىشىشلارمۇ بار. سيۇژېت تەرەققىياتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ناخشىلار ھەم لىرىكا قىلىش ئۈچۈنلا ئېيتىلىدىغان ياكى

مۇھىتىنى، كەيپىياتىنى ئىپادىلەش رولى بولغان ناخشىلارمۇ بار. ئوپېرادىكى مۇقىم كۆرۈنۈشلەرگە ماسلاشتۇرۇلغان، ئۆزگىچىلىكى بار ناخشىلارنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. ئۇلارنىڭ لىرىكىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، تۇرۇپ نازۇك ھېسسىياتلارنى يەنە تۇرۇپلا جۇشقۇن، ئۆزگىرىشچان، جاراڭلىق ئاھاڭلارنى ئىپادىلەيدۇ.

## «ليۇ سەنجيې» ئوپېراسى

«ليۇ سەنجيې» ئوپېراسىنى گۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ناخشا پەرىشتىسى ليۇ سەنجيې» توغرىسىدىكى ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئىجاد قىلغان. بۇ ئوپېرا 1960 - يىلى سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ليۇ سەنجيې تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ناخشا ۋە ئۇسۇلنىڭ ماھىرى بولۇپ، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇ ئۆز ناخشىلىرىدا ئەمگەكنى كۈيلەپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى، ئېكسپلاتاتسىيىسىنى پاش قىلىدىكەن، ئەيىپلەيدىكەن. نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئەمگەكچى خەلق ليۇ سەنجيېنى ئەقىل - پاراسەت ۋە گۈزەل غايىنىڭ سىمۋولى قىلىپ كەلگەنىدى. بىراق فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ ياللانما ئەدىپلىرى بۇ خىل رىۋايەتلەرگە بىر مۇنچە ناچار خاھىشلارنى سىڭدۈر-

ۋەتكەنىدى. «ليۇ سەنجيې» ئوپېراسى مانا مۇشۇ ھەقتىكى نۇر-
غۇن تارىخىي رىۋايەتلەرنى تاللاپ ۋە تاۋلاپ، نۇقتىلىق قى-
لىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن
بولغان كۆرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ليۇ سەنجيې ۋەكىللىك-
دىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارغا بولغان
قارشىلىق كۆرەشلىرىنى تەسۋىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ قەدى-
مىي رىۋايەتلەر دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن بۇ ئوپېرانىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى روشەن ۋە ئاكتىپ
ئەھمىيەتكە ئىگە بولالىدى.

«ليۇ سەنجيې» ئوپېراسىنىڭ باشقا ئوپېرالار بىلەن بول-
غان پەرقى شۇ يەردىكى، بۇ ئوپېرا مول خەلق ناخشىلىرى
ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى
يالغۇز ئاھاڭ ۋە مۇزىكىلار ئەمەس، يەنە ناخشا تېكىستلىرىمۇ
بار. ئوپېرا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن تەخمىنەن يۈز-
دەك خەلق ناخشىلىرىنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆزىگە ماتې-
رىيال قىلغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ناخشىنى، كېيىندىن
ۋەقە، سۇژىتنى تەشكىللىگەن ۋە پېرسوناژلارنىڭ مۇكەممەل
ئوبرازىنى يارىتىپ ئوپېرانى شەكىللەندۈرگەن.

ليۇ سەنجيې ئوپېرانىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولۇپ،
ئۇنىڭ خاراكتېرى ئوپېرادا ئىنتايىن رەڭدار ۋە مۇكەممەل
يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇ ئاغزىنى ئاچسىلا شېئىرلار تۆكۈلۈپ
تۇرىدۇ. سۆزلىرى خۇددى مارجاندەك تىزىلىپ چىقىدۇ. بو-
لۇپمۇ ئوپېرانىڭ «ئېيتىشىش» دېگەن مەيدانىدا ليۇ سەنجيې
ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى نامايەن قىلىدۇ. پۇلى ۋە ھوقۇ-

قىغا ئىشىنىدىغان ھىلە - مىكرىسى كۆپ پومىشچىك مو خۇەيرىن ۋە ئاغزىدىن «ئىپتىپتۇلەركى، قىلىپتۇلەركى» دېگەننى چۈشۈر-مەيدىغان ئۈچ نەپەر يالالىما تالىپ بىلەن يۈزمۇ - يۈز كې-رەشكە چۈشكەن ليۇ سەنجيې ئۇلارنى مات قىلىپ، رەسۋايىـىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ليۇ سەنجيېنىڭ ھەربىر ناخشىسى ئۇنىڭ ئۆت-كۈر پىكىرلىرىنى، ئەقىل كۈچىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تالىپ:

ئەقلىڭ بولسا بەر جاۋاب،
مىقى قانچە كىمىنىڭ؟
بىر تۇپ قوناق نەچچە تال؟
تاغ كېلىدۇ قانچە جىڭ؟

دەپ سورىغاندا، ليۇ سەنجيې ناخشا بىلەن:

نەدە كۆردۈڭ قوناقنى دانلاپ ساناپ تۇرغاننى؟
سانىلىدۇ كىمىلەر، كىم ساناپتۇ مىقىنى؟
سانا ئۆزەڭ قوناقنى، ئەقىل بولسا سىينىڭدە،
جىڭلا بىرىپ شۇ تاغنى، تاغ توختىسا گىرىڭدە.

دەپ جاۋاب بىرىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ. غەزەپلەن-گەن، رەسۋا بولغىنىغا ئۆلەي دېگەن تالىپلار يەنە مۇندىاق بىر سۇئالنى قويىدۇ:

كۆرەڭلىمە سەن تولا، بۇ سۇئالغا بەر جاۋاب،
ئۈچيۈز ئىشتنى تۆتكە بۆل، بىر كەم، ئۈچ كۆپ، بىرى تاق.

قېنى سۆزلە چاپسان بول، ئۇلارنىڭ سانى قانداق؟
ليۇ سەنجيې دەرھال:

توقسەن توققۇزى ئۇۋدا، توقسان توققۇزى قويدا،
توقسان توققۇزى بۇندا باقىدۇ ھويلا ـ قورا.

ئېشىپ قالغان ئۈچ تال ئىشت تاپان يالاپ كۈن ئالا.
دەپ ھاماقەت تالىپلارنىڭ ئەخمىقانە سوئالىغا كېلىشتۈرۈپ
جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ پومپىشچىكلار سىنىپىغا سېتىلغان مالاي-
لار ئىكەنلىكىنى پاش قىلىدۇ ۋە قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.
ئامال تاپالمىغان پومپىشچىك ئەڭ ئاخىرى ئەسكەر باشلاپ
كېلىپ ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى مەنئىي قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما
ليۇ سەنجيې قىلچە تەۋرەنمەي ئۆزىنىڭ غەزەپ نەپرىتىنى «ۋول-
قان كەبى پارتلار ناخشام قەلبىمگە پاتماي» دەپ ئىزھار
قىلىپ ئەشۇنداق زۇلمەتلىك دەۋردىمۇ؛

«چەكسىز كۈچ ۋە پاراسەت پۈتۈلگەن ۋۇجۇ دۇمغا،
چاقماق بولۇپ چۈشۈمەن زالىملارنىڭ بېشىغا»

دىگەن مەردانە ناخشىسىنى ياڭرىتىدۇ.
دېمەك ئوپېرادا ليۇ سەنجيېنىڭ جانلىق، يارقىن ئوبرا-
زى ئاشۇنداق نۇرغۇن جانلىق، ئۆتكۈر ۋە گۈزەل خەلق
ناخشىلىرى ئارقىلىق يارىتىلغان. بۇ ئوپېرانىڭ ئەڭ زور ئۇتۇ-
قى، ليۇ سەنجيېنىڭ يېڭىچە ئوبرازىنى يارىتالىغانلىقىدا كۆ-
رۈلىدۇ.
«ليۇ سەنجيې» ئوپېراسىنىڭ ناخشا تېكىستلىرى ئاسا-
سەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تاۋلانغان

ناخشىلىرىنىڭ ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئاممىباب، ئاددىي، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىك-لىرى گەۋدىلىك بولغان. بۇ تېكىستلەر ئوپېرانىڭ ۋەقەلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر كوبلېتى-نى بىر ياخشى شېئىر دېيىشكە بولىدۇ.

## 4-§. لاۋشې ۋە ئۇنىڭ درامىلىرى

1. لاۋشېنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى:

لاۋشې (1899 — 1966) ئەسلى ئىسمى شۇ چىڭچۈن. مىللىتى مانجۇ، بېيجىڭ شەھىرىدە كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇ-لۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش سەرگۈ-زەشتلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

لاۋشې ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئەدەبىياتنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان، سەھنە ئەسىرى، شېئىر، نەسىر، دېگەندەك ھەممە ژانىرلىرىدا ئەسەرلەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ سانى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى بولغان ئەسەرلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور شۆھرەت قازانغان مەشھۇر يازغۇچىدۇر. يا-پونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ «قالدۇق تۇمانلار»، «چۈڭچىڭگە كىم بالدۇر يېتىپ باردى»، «زېمىندىكى ئەجدىھا» قاتارلىق يەتتە پارچە سەھنە ئەسىرى يازغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى نەتىجىسى يەنىلا ئۇنىڭ پروزىلىرى ئارقىلىق قولغا كەلگەن. 1936-يىلى ئېلان قىلىنغان «شياڭزى

توٚگە» رومانى ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

1949-يىلى 10-ئايدا ئامېرىكىدا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان لاۋشې جۇ ئىنلەي زۇڭلىنىڭ ئۇنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە چاقىرغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 12-ئايدىلا بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ۋە ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ھەر خىل خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ 1966-يىلى زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر جۇڭگو ۋېيۋەن مەدەنىي-مائارىپ كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولۇپ، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن لاۋشې ئاساسەن دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ پروزىدىن دراماچىلىققا كۆچكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ: بىر قىسىم ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ «ھېكايە، رومانلارنى ئوقۇپ كېتەلىشى تەسرەك تىياتىر كۆرۈشى ئاسانراق»①

① «لاۋشې درامىلىرىدىن تاللانمىلار» غا مۇقەددىمەدىن

ئىككەنلىكىنى ئېيتىدۇ. دېمەك ئۇنىڭ مەقسىدى تېخىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلىنىش بولغان. لاۋشې ئازادلىقتىن كېيىن 17 يىل ئىچىدە جەمئىي 23 پارچە سەھنە ئەسىرى يازدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ پەردىلىك ئەسەرلەردىن 15 پارچىسى بار.

ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان تۇنجى دراممىسى «فاڭ جېنجۇ» بولۇپ، ئاپتور ئەسەردە ئەلنەغمىچى فاڭ جېنجۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كەچمىشلىرى ئارقىلىق كونا ۋە يېڭى جەمئىيەتنى سېلىشتۇرغان.

لاۋشېنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى بۇرۇلۇشقا ھەقىقىي تۈردە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسىرى — 1950 -يىلى يېزىلغان «لۇڭشۈيگۇ خەندىكى» ناملىق دراممىسىدۇر. بېيجىڭ شە - ھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بو ئەسەر ئۈچۈن لاۋشېغا 1951 -يىلى دېكابىردا «خەلق سەنئەتكارى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن لاۋشې «3كە قارشى، 5كە قارشى ھەرىكەت» نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئەتىيازدا چېچەكلەپ كۆزدە مېۋە بېرىش»، ياش ئىشچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «ياش زەربىدارلار ئەترىتى» سىياسىي يانچۇقچى لى ۋەنمىڭنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالىدىغان ھەجۋى كومېدىيە «غەربىتىكى چاڭئەنگە نەزەر» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى. مۇنەۋۋەر ئەسەر «چايخانا» نى 1957 -يىلى ئېلان قىلدى. «چايخانا» لاۋشېنىڭ دراما ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ئۇ لاۋشېنىڭ ئۇسلۇ - بىنىڭ بارغانسېرى پىشىپ تاكامۇللاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا لاۋشې يەنە «قىزىل قورا»، «ئايال پىركازچىك»، «ئائىلە سۈرىتى»، «گۆھەر كېمە»، «قالتىس مۈشت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كەينى - كەينىدىن پۈتتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى جانلىق، ئۆزگىچىلىكى روشەن بولۇپ، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىشلىرىنى ھەر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بالايى ئاپىتى ئىجادىيەتنىڭ راسا گۈللەنگەن پەيتىدە تۇرۇۋاتقان تالانتلىق يازغۇچى، مەشھۇر دراماتورگ لاۋشېنى ئىجادىيەتتىن مەھرۇم قىلدى. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە، پارتىيىگە ۋە خەلققە بېغىشلىغان لاۋشې ئەپەندى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن 1966 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىت - چىت قىلىنغاندىن كېيىن، لاۋشې ئەپەندىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978 - يىلى 3 - ئىيۇندا بېيجىڭ باباۋشەن ئىنقىلابى قەبرىستانلىقىدا ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ جەسەت كۈلى دەپنە قىلىندى.

2. لاۋشېنىڭ «لۇڭشۈيگۇ خەندىكى» ناملىق دراممىسى.

ئۈچ پەردە ئالتە كۆرۈنۈشلۈك بۇ دراما ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە لۇڭشۈيگۇ خەندىكىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقىي

ۋەقەگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. بۇ ئەسەر سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى.

بېيجىڭ شەھىرىدىكى تيەنچياۋ رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چىن يۈيچى ئەتراپىدا سېسىق نامى پۇر كەتكەن بىر يۇندا خەندىكى بار ئىدى. ئەينى دەۋردە پاسكىنىچىلىق، سېسىقچىلىق شۇ ئەتراپتىكى پۇقرالارنىڭ بېشىغا چوڭ بىر بالا بولغانىدى. بۇ يۇندا خەندىكىنىڭ ئەتراپىدا ماكانلاشقان كەمبەغەل يوقسۇللار بۇ خەندەكنىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتقانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت خەلقنىڭ دەردىگە يېتىپ، 1950 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ بۇ يۇندا خەندىكىنى تۈزەش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا كىرىشتى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا يۇندا - يېرىك ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ سېسىق ئازگاللاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ يەرگە كەڭ ئاسفالت كوچىلار ياسىلىپ خەلقنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە بولغان مېھرىبانلىقى، كۆيۈمى لاۋشېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «لۇڭشۈيگۇ خەندىكى ئەتراپىدىكى خەلقلا ئەمەس، ۋىژدانى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىۋاسى ھۆكۈمەتتىن مىننەتدار بولۇشتى. مەنمۇ تەسىرلەندىم. شۇڭا بۇ ئىشنى يېزىپ چىقماقچى بولدۇم. يازغىنىم مەيلى ياخشى چىقسۇن ياكى ناچار چىقسۇن، ئىشقىلىپ مەندىكى ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى مېنى مۇشۇنداق بىر تەۋەككۈل قىلىپ بېقىشقا ئۈندىدى»①.

① لاۋشېنىڭ «لۇڭشۈيگۇ خەندىكى» نى يېزىش جەريانى» ماقالىسىدىن

بۇ ئەسەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت فاكچىيىنى كونكرېت قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە سىنەتدارلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتە قازانغان نەتىجىسى بىلەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا خېلى زور تەسىر قوزغىغانىدى، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ تىلى ئىجادىيەتچىلەر ئۈچۈن بىر ئۈرنەك بولۇپ قالدى.

«لىۇگشۈيگۇ خەندىكى» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى لاۋشېنىڭ دراما ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ دەلىلى.

بۇ ئەسەردە ئادەتتىكى دراملاردا بولغىنىدەك باشتىن ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلغان سىستىمىلىق ھېكايە ۋەقەلىكى يوق. ئەسەر خەندەك بىلەن ئادەمنىڭ زىددىيىتىنى ئۆزىنىڭ دراماتىك توقۇنۇشى قىلغان.

1 ـ پەردىدە ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەنزىرە سۈرەتلىنىپ، بۇ يۇندى خەندىكىنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالاسىنى بايان قىلىدۇ. قاراڭغۇ جەمئىيەتتە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلەر قانچە ـ قانچە ئالماشقان بولسىمۇ، ئۇلار خەندەكنى تۈزەش، دېگەندەك چىرايلىق گەپلەر بىلەن نەچچە ـ نەچچە رەت خەلقتىن پۇل ـ پىچەك يىغىپ ـ شىلىپ ئالغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ پۇلى باي غوجاملارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ ئۇلارنى سەمرىتىدۇ. خەندەك ئۆزگەرمەيدۇ، خەلقنىڭ ئاھ ـ زارى تۈگىمەيدۇ. ئاپتور كونكرېت قىلىپ بىر كىچىك قورادىكى تۆت ئائىلىلىك كىشىنىڭ كەچمىشلىرىنى يازىدۇ. چىڭ يەڭگە تاماكا

سېتىپ ئۆزىنىڭ كېسەلمەن ئېرىنى باقىدۇ. يامغۇردىن تېشىپ چىققان يۇندا ھەممە يەرنى بېسىپ كەتكەچكە ئۇ ھەتتا يايمىسىنى يايغىدەك يەرمۇ تاپالمايدۇ. كۈننى ئۆتكۈزەلمەي قالىدۇ. يۇندى، سېسىقچىلىق دەستىدىن ھەممە يەرگە كېسەل تارقاپ كېتىدۇ. 60 ياشلىق تامچى جاۋ بوۋاي ئاغرىق دەردىدە قىينىلىپ يۈرسىمۇ، داۋالىتىشقا پۇلى يوق، تۇرمۇش ۋە روھىي جەھەتتىكى قوش بېسىمدا ئېزىلىدۇ. دىڭ سى بولسا مۇشۇ مەينەتچىلىكتىن قېچىپ سىرتتا رىكشا تارتىدۇ. بىراق ئىز ئەسكەرلەر ۋە لۈكچەكلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، ئوخ- شاشلا پۇل تاپالمايدۇ، سىرتتا سەرگەردان بولۇپ، يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك بولۇپ ئۇنىڭ ئۈماق قىزى يۇندا خەندەككە چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئاپتور خەندەك بىلەن كىشىلەرنىڭ زىددىيىتىنى يۇقى- رىقىدەك قىلىپ يازغان. لېكىن ئۇ مۇشۇ زىددىيەتنى يورۇ- تۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى بۇ زىددىيەتتىن باشقا بىر زىددىيەتكە يەنى ئادەم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، پۇقرالار بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ زىددىيىتىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئىككى خىل زىددىيەتنى گىرەلەشتۈرۈپ خەلقنىڭ «سېسىق خەندەك مەۋ- جۇت بولمىغان، ھەممە يەردە سۈزۈك سۇلار ئاقىدىغان، دۆلەت پاراۋان، خەلق خاتىرجەم بولىدىغان كۈنلەر» گە بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

2 - پەردىدە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋاللار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا خەلقنىڭ ئەشۇ خەندەكنى ئۆزگەرتىش ئارزۇ - تەلىپىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئىپادىلەنگەن.

زالىملار يوقىتىلىپ خەلق ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولغان بولىسىمۇ، ئەمما خەندەك يەنىلا مەۋجۇت، ئادەمەر بىلەن ئۇنىڭ زىددىيىتى يەنىلا مەۋجۇت. مانا مۇشۇنداق پەيتتە هۆكۈمەت بۇ يەرگە لايىھەلەش ئەترىتى ۋە قۇرۇلۇش ئەترەت-لىرىنى ئەۋەتىدۇ. هېلىقى كىچىك قورا شاتلىقتا چۆمىدۇ، خەلقنىڭ قەلبىدە هۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىق ئۆر-كەشلەيدۇ.

3-پەردىدە لۇڭشۈيگۇ خەندىكىنى ئۆزگەرتىش-تۈزەش جەريانى ۋە قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىنكى خەلقنىڭ بەختىيار هاياتى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى ناهايىتى روشەن. ئەسەر بىر قورانىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ يېڭى ۋە كونا جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان تەقدىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ناهايىتى جانلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان مېھرىبانلىقىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ خەلقنىڭ پارتىيە ۋە هۆكۈمەتكە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئەسەرنى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ

«لۇڭشۈيگۇ خەندىكى» بىر قانچە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا يارىتىپ بەرگەن. چېڭ فىڭزى (چىڭ سارائ) ئەنە شۇنداق ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئۇ كونا جۇڭگودا دەپسەندە قىلىنغان، خورلانغان ئەلنەغمىچى. ئاقكۆڭۈل ۋە ئاجىز بىر كىشى. ئۇ ئەسلىدە قابىلىيەتلىك بىر ئەلنەغ-

مچی بولسمۇ، ئەمما قاراڭغۇ جەمئىيەتتە مۇشتۇمزوزلار، لۈكچەكلەر تەرىپىدىن قايتا - قايتا بوزەك قىلىنغاچقا، ئۇندا خەنىدىكىنىڭ ياقىسىنى ماكان تۇتۇپ، خوتۇنىنىڭ تاپقان - تەرگىنىگە يۆلىنىپ جان باقىدىغان «تەلۋە»، «ساراڭ» غا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئازادلىق بىلەن تەڭ ئۇنىڭ «خەندەك سىپىمىسا، سۆيى سۈزۈك بولسا، ئەل ئامان، يۇرت تىنچ بولسا» دەيدىغان ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. يېڭى تۇرمۇش ئۇنىڭ هايات چىرىغىنى قايتا ياقىدۇ. ئاپتور كونا جەمئى-يەتنىڭ مۇشۇنداق بىر قابىل ئەلنەغمىچىنى خورلاپ «تەلۋە» «ساراڭ» قىلىپ قويغانلىقى، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئۇنى قۇتقۇ-دۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە خوجايىن بولغان ھەقىقىي بىر ئەمگەكچىگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ مەر-كىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. چىڭ فىڭزى ئوبرازىغا دەۋر روھىنى سىڭدۈرگەن.

لاۋشې ئەپەندى ئۆز ئەسىرىدە يەنە ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلماي قارشىلىق كۆرسىتىدىغان تامچى ئۇستام جاۋ بوۋاينىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەن. بۇنداق خارەكتېردىكى پېرسوناژنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى لاۋشېنىڭدا ئىجادىيەت ئىدىيىسىدە بۆرۈلۈش بولغانلىقىنى كۆر-سىتىدۇ. جاۋ بوۋاي تۈز كۆڭۈل، تۇرمۇش تەجرىبىسى بار، قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئوبراز. چىڭ فىڭزى بىلەن سې-لىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئىشچىلار سىنىپىغا خاس خۇسۇسىيەت-لەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۇ: «لۈگشۈيگۇ خەندىكى يامان جاي ئەمەس، يامان دىيىشكە

تـوغرى كەلسە ئەمەلدارلارنى، زومىگەرلەرنى يـامـان دەيىش كېرەك. ئەشۇلار ئەسكى بولغاچقا، بىز پۇقرالار كۈن كـۆرەل - مەيـۋاتىمىز» دەيدۇ. بـۇ سـۆزلـەردىن ئـۇنىڭ بـاشقـىلارغـا قارىغاندا تېخـمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بـولىدۇ. ئـۇ: «مـەن ئـۇلار بىلەن خـېلى بـۇرۇنلا ئېلىشىپ بـاقـماقـچى ئىدىم. لـۇكشۇيگۇ خەنددىكى ئـۇلارنىڭ دۇنياسى بولىۋەرمەيدۇ!» دەپ قولىغا تىغ ئېلىپ چىڭ فىكىرىنى بوزەك قىلىۋاتقان لـوكچەكـلەر بىلەن ئېلىشىشقـا جـۈرئەت قـىـلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ قارشىلىق، كۈرەشلىرى ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئاز - راقمۇ ئـۆزگـىرىش كىرگـۈزەلمەيدۇ. پەقـەت ئـازادلـىق تېگى ئـاتقاندىن كېيىنلا ئـۇنىڭ كـۈتكەن كـۈنلـىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئاممىنىڭ زومىگەرلەرنى يوقىتىشتىكى، خەندەكنى ئۆزگەر - تىشتىكى ئاكتىپ يولباشچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازى ئەمگەكچى خـەلقنىڭ ئـۆز - ئـۆزىـگـە خـۇجـايىن بـولـۇش ۋە يەر - زېمىننىڭ خـوجايىنى بـولالىشىدەك ھەقىقەتنى چـۈشەن - دۈرۈپ بېرىـدۇ. ئەسەردە سىڭدۈرۈلـگەن قـانىغان جاۋ بـوۋاي ۋە چىڭ فىكرى ئوبرازلىرىدا پەرقلەرمۇ، ئورتاقلىقلارمۇ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ بىرسى قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان كىشى بولسا، يەنە بىرسى ئىنتائەتمەن بويسۇنغۇچى. ئۇلاردىكى پەرق ئىندىۋىدۇئاللىقتىكى پەرق بـولـۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خـارەكـتېرىستىكىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا ئـۆز ئىپادىسىنى تاپ - قان. ئۇلاردىكى ئـورتاقلىق مەركىزىي ئىدىيىدىكى ئـورتاقلىق بولۇپ، مەركىزىي ئىدىيە ئوخشاشمىغان خارەكتېردىكى پېرسو - ناژلارنىڭ ئورتاق تەقدىرى ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن

يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەسەرنىڭ مەزمۇنى باي ۋە چوڭقۇر بولالىغان.

ۋاڭ ئانا ئاددىي خوتۇن - قىزلارنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇ ئىشچان، ئاقكۆڭۈل، قورقۇنچاق ۋە كونىلىقنى ياقىلىغۇچى بولۇپ، روشەن ئىنددىۋىدۇئاللىقا ئىگە. كونا جەمئىيەتنىڭ تۈگىمەس كۈلپەتلىرى ئۇنى روھىي جەھەتتىن بىخوتلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ ھەممىنى ئۆز پېشانىسىدىن كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇ ھەتتا ھەممە خەق سېسىق خەندەكنى تىللاپ - قاغىغاندىمۇ ئۇلارغا قوشۇلالمايدۇ. ھەممىنى ئۆزىمىزنىڭ كۆرگۈلۈكىمىز مۇشۇنداق دەپ سىڭدۈرۈپ يۈردۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭدا باشقىچە تۇرمۇش تەلپىمۇ يوق. ئۇنىڭ بىردىن - بىر خىيالى ياتلىق قىلىنغان چوڭ قىزىنىڭ بۇ خەندەك بويىغا ئۆزىنى يوقلاپ كېلىش - كەلمەسلىكىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋىي كونا كۆز قاراشلار كۈچلۈك بولغاچقا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ خەندەكنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقىدىن شەكلىنىدۇ. بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ، پەقەت بىر چ تتە كۆزىتىپلا تۇرىدۇ. ئەمىلىي پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن شاتلانغان ھالدا : «كومپارتىيە، ھەقىقەتەن ئوبدان ئىكەن!» «ئەمدى خەندەك ياسالدى، قىزىمنى ئېلىپ كېلەلەيدىغان بولدۇم» دەيدۇ. ئاپتور ئارقىدا قالغان بۇ پېرسوناژنىڭ ئۆزگىرىشىنى ناھايىتى تەبىئىي، جانلىق تەسۋىرلىگەن. بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە يېڭى جۇڭگونى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. لاۋشې يۇقىرىقى ۋە لۇڭشۈيگۇ خەندىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئوخشاشمىغان مىجەز - خاراكتېرلىرى، ھەرخىل تۇرمۇش يوللىرى ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتكە مەدھىيە

ئوقۇشتىن ئىبارەت باش تېمىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

لاۋشېنىڭ دراما ئىجادىيىتى بەدىئىي جەھەتتىن كۆچلۈك ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ دراملىرى كۆپىنچە ئۇ ئۆزى بەكرەك تونۇشلۇق بولغان بېيجىڭ شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇ-شىغا بېغىشلانغان. لاۋشې ئەل ئەدەبىيات-سەنئىتى، زامانىۋى پروزا ۋە دراما سەنئىتىنى يۇغۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ دراملىرىدىكى تاۋلانغان بېيجىڭ تىلى، بېيجىڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ مۇھىم مەزمونلىرى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە «لۇگشۇيگۇ خەندىكى» مۇ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. كونكرېت قىلىپ ئېيت-قاندا، بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋەقەلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلىرى بىلەن قولغا كەلگەن. چۈنكى ئەسەردە بىر پۈتۈن ۋەقەلىك يوق. ئەگرى-توقاي سۇژىت لىنىيىسى مەۋجۇت ئەمەس. بەلكى قېنى بار، ئۇستىخىنى بار پېرسوناژ-لارلا تۇرغۇزۇلغان. ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ ئەسەردە ھېچقانداق ھېكايە ئويۇشتۇرۇلمىغان، ياكى قىستۇرۇلمىغان، پۈتۈن درامىنى بىر قانچە پېرسوناژلارلا تىرەپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ پېرسوناژلار بولمىسا، بۇ دراممۇ بولمىغان بولاتتى»① دەيدۇ. ئاپتور كىچىك قورادىكى تۆت ئائىلىنى يازغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاچچىق كەچۈرمىشلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەندەك بىلەن ئالاقى-

① لاۋشې «لۇگشۇيگو خەندىكى» نىڭ پېرسوناژلىرى» دىن

دار. شۇڭا بۇ كىشىلەرمۇ بىر-بىرىگە باغلانغان. ئاپتور ئۇلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان روھىي قىياپەتلىرىنى، تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ، ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى شەرھىلەپ بەرگەن. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئوبرازلارغا تايىنىش — لاۋشېنىڭ خېلى كۆپ دراملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئۇ درامىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بېيىتىش، ئۇسلۇبلارنى خىلمۇ خىللاشتۇرۇش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەر قوشتى.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاپتور ئەسەردە گەۋدىلەندۈرۈش ۋە سېلىشتۇرمىدىن ئوبدان پايدىلانغان. ئاپتور بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرگىنىدىلا: «بۇ سىپىسىق خەندەكنى يازماي بولمايدۇ» دەپ قارىغان. بىراق خەندەكنى سەھنىگە كۆچۈرۈپ چىقىشنىڭ ئورنى يوق. شۇڭا ئۇ: «ئەگەر مەن خۇددى خەندەكنىڭ كىچىك جىرالىرىدەك بۇ خەندەككە باغلىنىشلىق بولغان بىرقانچە شەخسنى ئۇتتۇقلۇق يېزىپ چىقالىسام، ئۇ چاغدا بۇ خەندەك پېرسوناژلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىۋەرمەمدۇ؟» دەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ھېكايىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس، بەلكى سېسىق خەندەكنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇشى كېرەك» ① دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. شۇڭا ئەسەردە خەندەك ھەرگىزمۇ بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمىگەن. لېكىن كىتابخان ياكى تاماشىبىن ھەربىر كۆرۈنۈش، ھەربىر دىئالدىن بۇ خەندەكنى كۆرۈپ

---

① لاۋشې «〈لۇڭشۇگو خەندىكى〉نى يېزىش جەريانى»دىن

ئالالايدۇ ۋە سىزىپ تۇرالايدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كىچىك
قىز شياۋنيۇزى دەسسەپ مېڭىش ئۈچۈن قورۇغا تاش تىزىدۇ.
دىڭسى يەڭگە ئۆيىگە ئېقىپ كىرگەن سۇلارنى سىرتقا تۆ-
كىدۇ ۋە شياۋنيۇزىغا داسنى بېرىپ تۇرۇپ: «كۆزۈڭگە قار-
ماي مېڭىپ داسنى چۈشۈرۈۋەتسەڭ ئەدىۋىڭنى بېرىمەن»دەيدۇ.
دېمەك پېرسوناژلارنىڭ تىپىك سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى يامغۇر-
دىن كېيىن لۇڭشۈيگۇ خەندىكى ئەترابىغا يۇندا سۇلىرىنىڭ
يامراپ چىقىپ ئاپەت يەتكۈزگەنلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.
خەندەكنىڭ قىياپىتىنى ئەينەن ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن.
ئاپتور يەنە خەندەك بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۆرى-
دىگەن ھالدا سېلىشتۇرما ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولۇپ، خەن-
دەكنىڭ ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىكى ئوخشاش-
مايدىغان مەنزىرىسىنى سېلىشتۇرغان، ئىككى خىل ھۆكۈمەتنىڭ
خەندەككە تۇتقان ئىككى خىل پوزىتسىيىسىنى سېلىشتۇرغان،
پېرسوناژلارنىڭ كونا ۋە يېڭى جەمئىيەتتىكى ئوخشىمايدىغان
روھىي قىياپەتلىرىنى ۋە تەقدىرىنى سېلىشتۇرغان. مۇشۇنداق
سېلىشتۇرمىلار زېمىندە يېڭى جۇڭگوغا مەدھىيە ناخشىسى ئو-
قۇغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ روشەن خاھىشچانلىقىنى، كۈچلۈك
ھېسسىياتىنى بۇ سېلىشتۇرمىلارغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

لاۋشې ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە
توختالغاندا، ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى
كۆرسەتمەي بولمايدۇ. لاۋشې مەشھۇر تىل ئۇستىسى. ئۇ بېي-
جىڭ خەلقىنىڭ قارا تىلى بىلەن ناھايىتى تونۇش. ئۇ ئۆز-
ىنىڭ مۇشۇنداق تىل ئاساسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ پېرسوناژلارنىڭ

ئوبرازىنى بىرىنچى ئىغىز سۆز بىلەنلا جانلاندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ تىلى يۇمۇرلۇق ۋە قىزىقارلىق. ئۇنىڭ ئوخشىمىغان پېرسوناژلارغا بەرگەن تىلىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى تىل ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. جو ياڭنىڭ: «لاۋشې ئەپەندىنىڭ تىلى ھەقىقەتەن جانلىق، تاۋلانغان، خاراكتېرلىك، مەزمۇنلۇق»① دېگەن سۆزىنى لاۋشېنىڭ تىل سەنئىتىگە بېرىلگەن توغرا باھا دېيىشكە بولىدۇ.

### 3 . «چايخانا» دراممىسى

«چايخانا» لاۋشې ئەپەندىنىڭ «لۇڭشۈيگو خەندىكى» دىن كېيىنكى، زور تەسىر قوزغىغان مەشھۇر ئەسىرى بولۇپ، 1957 - يىلى ئىيۇلدا «ھاسىلات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

لاۋشې چايخانا دېگەن پۇتكۇل جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئەڭ ئوبدان ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان سورۇن، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى «خەلق ۋەكىلى» ناملىق ئەسەرنى يېزىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ «چايخانا»نىڭ ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. لاۋشې ئۆزى: «مېنىڭ يېزىش ئۇسۇلۇمدا ئاز - تولا يېڭىلىق بار. پۈتۈنلەيلا كونا راھىلار تەرىپىدىن چۈشلىپ قالمىدىم»② دەيدۇ.

«چايخانا»نى لاۋشېنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئون نەچ-

---

① جۇ ياڭ: «‹لۇڭشۈيگو خەندىكى› دىن ئىمىلەرنى ئۆگىنىش لازىم» دىن

② لاۋشې: «‹چايخانا› توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلىگە جاۋاب» دىن

چە پارچە سەھنە ئەسىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي تالانتىنى ۋە ئۇسلۇبىنى ئەڭ ئوبدان نامايان قىلغان ئەسەر، دېيىشكە بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ يېڭى جۇڭگو دراما چىلىقىدىكى قىممىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە.

ھالبۇكى، بۇ ئەسەر 1958 - يىلى تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئوينالغاندا، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغا «بۈگۈن ئۆتمۈشكە يەتمەيدۇ» دېگەننى تەرغىپ قىلغان، «كونىغا سىغىنغان»، «سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغان» دېگەندەك بوھتانلارنى چاپلىدى. 1963 - يىلى بۇ دراما قايتا ئوينالغاندا، «كونا رېئالىزم»، «ناتۇرالىزم» دەپ ئەيىپلەندى. 1979 - يىلى بېيجىڭ خەلق سەنئەت ئۆمىكى لاۋشې ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ درامىنى قويغاندا بولسا كۆتۈلمىگەندە ئاجايىپ زور تەسىر قوزغىدى. ئەسەر مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى، مەدھىيىلەندى. بەزى چەت ئەللىك كىشىلەر ئۇيۇننى كۆرۈپ، جۇڭگودا نىمە ئۈچۈن ئىنقىلاب پارتلىغانلىقىنى، نىمە ئۈچۈن سوتسىيالىزمنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئەنگلىيىلىك بىر تاماشىبىن «مەن ئىلگىرى سىلەرنىڭ بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك ھازىرقى زامان تىياتىرچىلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىكەنمەن» دېدى. «چايخانا» چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ ئوينالغان تۇنجى جۇڭگو تىئاتىرى بولۇپ، 1980 - يىلى غەربىي ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتتە ئوينالغاندا مىسلىسىز زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئوبزورچىلىرى ۋە تاماشىبىنلىرى

ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھالار بېرىشتى. 1983 - يىلى ئامېرىكىنىڭ نىيويورك «فەنيا تىئاتىر ئۆمىكى» «چايخانا»نى ئىنگلىز تىلىدا ئوينىاپ چىقتى. كىشىلەر ئۇنى جاھانشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئەڭ نادىر ئەسەرلەر قاتارىغا قويۇپ تەرىپلەشتى.

لاۋشې ئەپەندى بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئۆزى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان بېيجىڭ شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ئالغان بولۇپ، مۇشۇنداق تىپىك مۇھىت ئارقىلىق كونا جۇڭگونىڭ ئۈچ دەۋردىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئىخچام سىزىپ بەرگەن. ئۈچ پەردىلىك بۇ درامىنىڭ بىرىنچى پەردىسىدە 1898 - يىلىدىكى ۋۇشۇي سىياسىي ئۆزگىرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى دەۋر يېزىلغان. بۇ دەۋردە جۇڭگو جەمئىيىتى فېئودالىزمدىن ئۆزگىرىپ يېرىم فېئودالىزملىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك بىر جەمئىيەتكە ئايلىنىۋاتاتتى. خەلق گاداي، دۆلەت نامرات ئەھۋالدا بولۇپ، ئەجنەبىلەرنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى زورىيىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە بەزى زىيالىيلار ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىلەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ دۆلەتنى باي، خەلقنى پاراۋان قىلماقچى بولۇشتى. بىراق خانىش سىشى ۋەكىللىكىدىكى جاھىل كۈچلەر ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇپ، ئىسلاھاتچىلارنىڭ باشچىسى تەن سىتۇڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىسلاھات شامىلىنى چىققان يېرىدە كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ پەردىدىكى ۋەقەلىك مانا مۇشۇ دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقانلىقى،

خەلقىنىڭ بېشىغا كۈلپەت يېغىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆز پەرزەنت-
لىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، ھەتتا تەيجىيەنلەرنىڭ
(ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ) ھەددىدىن ئېشىپ خوتۇن ئالغانلىقى،
ئىشپىيون - يالاقچىلارنىڭ خالىغانچە ئادەم تۇتۇپ، تېررورلۇق
يۈرگۈزگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

ئىككىنچى پەردىدە ئەكس ئېتىلگىنى ئاردىن 20 يىل
ئۆتكەن، مىلتارىستلار ئۆزئارا ئىتتىك سوقۇشۇۋاتقان دەۋر بولۇپ،
ئۇرۇش ئەل بېشىغا كۈلپەت ياغدۇرۇپ، خەلقنى ۋەيرانە قىلىۋەتكەن
ئىدى. دراما مانا مۇشۇ تارىخىي چىنلىقنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئۈچىنچى پەردىدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ
غەلبىسىدىن كېيىن ھاكىمىيەتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
ئىگەللىۋالغان دەۋر يېزىلغان. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تۆمۈر
تاپىنى ئاستىدا خارلانغان بېيجىڭ خەلقى ئەندىلىكتە گومىن-
داڭچىلارنىڭ زۇلمىغا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ خا-
نىۋەيران بولىدۇ. ھەتتا ئەپلەپ - سەپلەپ جان بېقىشقا ئۇستا
چايخانا خوجايىنىمۇ سىرتماققا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ، خەلق
8 - ئارمىيىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ.

كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۈچ پەردىلىك قىسقىغىنا دراما
ئۈچ دەۋرنى يەنى جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ
زۇلمەتلىك ئۈچ باسقۇچنى يىغىنچاقلاپ تارىخنىڭ يېرىم ئە-
سىرلىك تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئاپتور بېي-
جىڭدىكى بىر چايخانىنى دراما ۋەقەلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدى-
غان سورۇن قىلىپ تۇرۇپ، تارىخنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى، جەم-
ئىيەتنىڭ قىياپىتىنى مانا مۇشۇ كىچىككىنە دېرىزىدىن كۆرسىتىپ

بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆزى «چايخانا، ئەمەلىيەتتە، بىر كىچىك جەمئىيەت» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئەسەرنى ئوقۇغان، ئويۇننى كۆرگەن ھەربىر كىشى تولۇق ھېس قىلالايدۇ.

ئاپتور ئەسەردە جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى، دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزى تازا تونۇشلۇق بولمىغان چوڭ سىياسىي ۋەقەلەر ياكى سىياسىي سەھنىدىكى ئەربابلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئاددىي شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى، تەغدىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ ھەر خىل ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىش كېرەك. ئەسەردە نۇرغۇنلىغان روشەن ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە پېرسوناژلار بار. چايخانا خوجايىنى ۋاڭ لىفا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ يارقىن بىر بەدىئىي تىپتۇر. ئۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ رۇناق تېپىش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەيدىغان بىر تىجارەتچى. ئۇ تەدبىرلىك، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە باي، جان بېقىشقا ئۇستا ئادەم. ئۇ قورقۇنچاق بولۇپ، شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى ۋە ھال ئوقتى تۆۋەن قاتلامدىكى كەمبەغەللەردىن پەرقلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى، پىسخىكىسى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭكى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. لېكىن ئۇمۇ ئۈچ چوڭ تاغ تەرىپىدىن ئېزىلىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ قانتى ئاستىدىكى زومىگەرلەر تەرىپىدىن قاقتى -

سوقتى قىلىنغاچقا كونا جەمئىيەتكە نارازى بولىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ روناق تېپىش مۇددىئاسى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ رەھىمسىز رېئاللىق بىلەن بولغان توقۇنۇشى ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىرىنچى پەردىدە ئۇ تېخى ئەندىلا يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت بولۇپ دادىسىدىن قالغان يۇيتەي چايخانىسىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ «دادامنىڭ كونا ئۇسۇلى بويىچە چىرايلىق گەپنى كۆپ قىلىپ، ئوبدان سالاملىشىپ تۇرسام، ھەممە خەققە ياخشى كۆرۈنسەملا چاتاق چىقمايدۇ» دەپ ئىشىنەتتى. ئۇ ئەمەلدار، غوجىلارغا ياخشىچاق بولىدۇ، چايخانىغا كىرگەن خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. لېكىن كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلمايدۇ. ئىككىنچى پەردىدە بىز ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياشقا كىرگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنىلا شۇ چايخانا. بىراق چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ۋاڭ لىفا «ئىسلاھات» يولى بىلەن ئىگىلىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن چايخانىنىڭ جوزىلىرىغا دەستىخانلارنى سېلىپ، تاملارغا چەت ئەلنىڭ تاماكا ئېلانلىرىنى چاپلايدۇ. بىراق مىلىتارىستلارنىڭ جەڭ - جېدەللىرى بىلەن پاتىپاراقلاشقان ۋەزىيەتتە ئۇنىڭغا يەنىلا چىقىش يولى تېپىلمايدۇ. ساقچىلار، مىلىتارىستلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى ئېلىپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق مىللەت مۇنقەرز بولۇۋاتقان جىددى پەيتتە ئۇنىڭدىمۇ «قۇل بولۇپ قالمايلى» دېگەن ئىدىيە تۇغۇلىدۇ. ئۈچىنچى پەردە ئۇنىڭ قېرىغان چېغى بولۇپ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئۇنىڭ بېيجىڭ شەھىرى

بويىچە يالغۇز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان چايخانىسىنىڭ ئۇقە-
تىمۇ خاراپلاشقان ئىدى. چايخانىنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان
«دۆلەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭ بولمىسۇن» دەيدىغان
قەغەزلەرنىڭ قاتارىدا يەنە «چاي پۇلىنى ئالدىن تۆلەڭ»
دېگەندەك ئەسكەرتمىلەرمۇ بار ئىدى. ۋاڭ لىفا ھەتتا كۆتكۈچى
قىزلارنى يالالاپ دۇكانغا خېرىدار چاقىرتماقچىمۇ بولدۇ.
بىراق ئۇنىڭ بۇ چايخانىسىمۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر دەستىدىن
ۋەيران بولدۇ. ئۆزىنىڭ ھەممىۋا تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بەربات
بولۇپ، ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى كۆرگەن ۋاڭ خوجايىن
ھەسرەتلىنىپ: «مەن ياشاش ئۈچۈن قىلغىلى بولىدىغانلىكى
ئىشلارنىڭ ھەممىۋاسىنى قىلىپ كۆردۈم! لېكىن ۋىجدانىمغا مۇ-
خالىپ كېلىدىغان ئىشنى قىلمىدىم. يەنە نىمە ئۈچۈن ماڭا كۈن
يوق؟ مەن كىمنىڭمۇ چىشىغا تېگىپ قالغاندىمەن؟ زادى كىم-
نىڭ؟ ئەۋۇ پاسكىنا نىمىلەر ھەجەب خوۋلۇق كۆرۈپلا يۈرۈ-
دىغۇ؟ نىمە ئۈچۈن يالغۇز مېنىڭ ئاغزىمدىكى بىر بۇردا نان-
نىلا تارتىشىۋالىدۇ. بۇ كىمنىڭ پەرمانى؟» دەپ داتلايدۇ. ئا-
خىرىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ۋاڭ لىفانىڭ ھاياتى ئەمەلىيەتتە
زۇلمەتلىك كونا دۇنيا ئۈستىدىن قىلىنغان كۈچلۈك شىكايەت
بولۇپ، ئۇنىڭ شىكايىتى كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدۇ.

چاڭ سىي — ئەسەردىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ. ئۇ
مانجۇ مىللىتىدىن بولۇپ خاراكتېرى جەھەتتىن ۋاڭ لىفاغا
ئوخشىمايدۇ. ئۇ تۈز، قەيسەر، ئادالەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر
بىر كىشى بولۇپ، بىرىنچى پەردىدە چىداپ تۇرالماي «بۇ
خاندانلىق تۈگىشىدىغان بولدى!» دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن

زىندانغا تاشلىنىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ يېڭىۋاش-
چىلەرنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى كۆرەشلىرىگە قاتنىشىدۇ ۋە
ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ كۈن ئالىدىغان ئەمگەكچى بولىدۇ. ئۇ
دەسلەپىدە سەي سېتىپ، كېيىن قېرىغاندا، خۇاسىڭ سېتىپ
جان باقىدۇ. ئۇنىڭ «ئىتائەتمەن پۇخرا» ۋاقىتلىقى بىلەن
بولغان پەرقى شۇ يەردىكى: ئۇ ئۆمۈر بويى زوراۋانلىققا تىز
پۈكمەي ياشايدۇ. ناھەقچىلىقنى كۆرگەندە كۆكرەك كېرىپ چى-
قىپ ھەقىقەتنى ياقلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئارامىنى، مەنپەئىتىنى بىر
چەتكە قايرىپ قويۇپ، «دۆلەتنىڭ چەت ئەللىكلەرنىڭ ھاقارەتلى-
شىگە ئۇچرىمايدىغان، تۈزۈك بىر دۆلەت بولۇشى ئۇچۇن ئۆ-
مۈر بويى كۆرەش قىلىدۇ» لېكىن يەتمىش ياشتىن ئاشقان
بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ بۇ پاك نىيىتىنىڭ قىلچە ئەمەلگە ئاشمى-
غانلىقىنى، ئۆزىنىڭ غۇربەتچىلىكتىن بېرى كېلەلمىگەنلىكىنى
كۆرۈپ: «مەن ئۆزەمنىڭ دۆلىتىمنى سۆيدۈم، لېكىن كىممۇ
مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ باقتى» دەپ يىغان چېكىدۇ. بۇ بىر
ئېغىز سۆزنى ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پۈتكۈل تەغدىرى توغرى-
سىدىكى خۇلاسە دېيىش مۇمكىن.

چاڭ جۇگېي بىرىنچى پەردىدە ئەندىلا 27 ياشقا كىر-
گەن، قول ئىلكىدە خېلى پۇل - مېلى بار بەگزادە ئىدى. ئۇ
سودا - سانائەت بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشەببۇس قىلى-
دۇ. كېيىن ئۇ يېڭىلىق ياراتقۇچى كاپىتالىست بولۇپ قالىدۇ.
بىراق ئۇ نەچچە ئون يىل ئەجىر قىلىپ جاپالىق ئىشلىگەن
بولسىمۇ، ئەمما بەربات بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەر-
لىكتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ ئىككىنچى پەردىدە مەيدانغا

چىقمايدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھال - ئوقتىنىڭ كۈنسېرى خاراپلىشىۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى پەردىدە ئۇ سەھنىگە قېرىپ مۈكچەيگەن، روھى سۇنغان بىر ھالەتتە چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ «ياپونلار بىلەن ھەمكارلاشقان» زاۋۇتى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ ۋەيران بولغان ئىدى. پۈتۈن ئەقىدىسى ۋە تىرىشچانلىقلىرىنىڭ شامالغا ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىگەندە ئۇ ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ: «پۇلۇڭ بولسا يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ، كەيپى - ساپا، ئەيشى - ئىشرەتتە قىلغۇلۇقنى قىلىۋېلىش كېرەك ئىكەن. بۇ كۆپچىلىككە بىر نەسىھەت بولۇپ قالسۇن. ئۇلارغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، چىڭ جۇڭيى دېگەن ئادەم تۇغۇلمىشىدىن بىر قاپاق باش ئىكەن. ئۇ پەقەت 70 ياشقا كىرگەندىلا بۇ داۋلىنى چۈشۈنۈپ يېتىپتۇ» دەيدۇ. چىڭ جۇڭيى ئوبرازى كونا جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ ئەسەردە ئۆز سىنىپىنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ پېرسوناژنىڭ تەقدىرى ئۆز دائىرىسىدە تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتىدىن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخنى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىدۇ، كىتابخان ۋە تاماشىبىنلار ۋاڭ لىفا، چاڭ سىيې، چىڭ جۇڭيىدەك خېلى يۈز - ئابرويى بار، قول - ئىلكىدە بار كىشىلەرمۇ كۈن كۆرەلمىگەن تۇرۇقلۇق باشقا سانسىزلىغان يوقسۇللار قانداق

قىلسۇن؟ دېگەن خۇلاسىنى ئۆزلىرىدىلا چىقىرالايدۇ. شۇنىڭدەك بۇنداق چىرىك جەمئىيەتنى زادى ئاغدۇرۇۋەتمەي بولمايدىكەندۇق، دېگەن يەرگە كېلىدۇ. ئۈچىنچى پەردىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۈچ بوۋاي كۆز يېشى قىلمايدۇ (ئۇلارنىڭ كۆز يېشى ئېقىپ تۈگىگەن)، بەلكى ھەسرەتلىك كۈلكە بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى دەپىن كۈيىنى ئېيتىپ، ئاخىرەتلىك قەغەزنى چاچىدۇ. دېمەك ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى دەپىن قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ كونا دۇنيانىمۇ دەپىن قىلىدۇ.

«چايخانا» دىرامىسىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى ھەرەم ئاغىسىدىن تارتىپ، مەلۇم ئىمتىيازى بار مانجۇلار، دىن تارقاتقۇچى روھانىلار، سۇنغان دېھقانلار، ئەسكەرلەر، ساقچىلار، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىغىچە بولۇپ 70 نەچچە پېرسوناژ يېزىلغان، ئۈچ دەۋر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسەردىكى ۋەقەلىك مۇرەككەپ، تۇرمۇش كۆرۈنۈشى كەڭ. بۇنداق ئەسەر جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ دراما تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. ئەگەر دراماتۇرگنىڭ تۇرمۇش ئاساسى پۇختا بولمىسا، تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىش، يىغىنچاقلاش ۋە تاۋلاش ئىقتىدارى ئاجىز بولسا، بۇنداق ئەسەرنى يېزىپ چىقالمايدۇ. لاۋشې ئەپەندىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي يىغىنچاقلاش ماھارىتى يالغۇز ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەشۇ ئۈچ دەۋرنى تاللاپ ئالالىغانلىقىدىلا ئەمەس، يەنە ھەم ئۇنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنى تەسۋىرلەش جەھەتلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

بىر ئاساسلىق قەھرىمانلار توغرىسىدا يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇلاردىن باشقا سەھنىدە پەقەت ئاندا - مۇندا كۆرۈنۈپلا قويىدىغان قوشۇمچە ئورۇندىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ لاۋشېنىڭ قەلىمى ئاستىدا جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدۇ. گوركى «سەھنە ئەسەرلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سەھنە ئەسىرى (تراگېدىيە ۋە كومېدىيە) ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قىيىن شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنكى، سەھنە ئەسىرىدە ئۇنىڭدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىنى يازغۇچىنىڭ ئەسلەتمىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ». لاۋشې ئەپەندى ئۆز ئەسىرىدە پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتىگە يۆلەپ تۇرۇپ ياراتقان بولۇپ، ئۇ قىسمەن پېرسوناژلىرىغا ئاران ئۈچ ئېغىزلا سۆز ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پېرسوناژ ئاشۇ ئۈچ ئېغىز سۆزى بىلەنلا كىشىدە تەسىر قالدۇرالايدۇ. يەنە مەسىلەن: بىرىنچى پەردىدە پۇقرانىڭ قىزىنى زورمۇ - زور سېتىۋېلىپ خوتۇن قىلماقچى بولغان پاڭ تەيجيەن (ھەرەم ئاغىسى) بىلەن جەسۇر چىڭ جۇگېي تاكاللىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆز ئانچە كۆپ بولمايدۇ. بىراق بۇ سۆزلەر بىر - بىرىگە دەل تاقابىل كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ، چىرايىدا كۈلكە، ئېغىزىدا چاقچاق، ئەمما قوينىدا پالتا - پىچاق، دېگەندەك روھىي ھالىتىگە ئاجايىپ ماس كەلگەن، شۇنداقلا بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ

بەرگەن. تاڭ كاس-كاس دەيدىغان پېرسوناژنىڭ: «ئۇلۇغ بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تاماكىسى، ياپونىنىڭ ئاق ئۇنى... مۇشۇنداق ئىككى كۈچلۈك دۆلەت مەن بىر ئادەمنى كۆتۈۋاتىدۇ. بۇنى كىچىك بەخت دېگىلى بولامدۇ؟» دېگەن سۆزى بولسا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن ئىبارەت تىپىك مۇھىتتىكى بۇ ئەبلەخنىڭ خۇنۇك ئەپتى-بەشەرىسىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۈچىنچى پەردىنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ ژاندارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باشقارما باشلىقى شىن چۇجاڭ سەھنىگە چىقىپ ئەجنەبىلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ پەقەتلا يەتتە قېتىم «ياخشى»، بىر قېتىم «كەلتۈرۈلسۇن!» دېگەن سۆزنىلا قىلىدۇ. بۇ سۆزلەر بۇ كۆرەڭ، ياسالما نىمىنىڭ قانداق «مال» ئىكەنلىكىنى دەرھال ئاشكارىلاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى مىساللار لاۋشې ئەپەندىنىڭ ھەقىقەتەن «تىل ئۇستىسى» دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، لاۋشې ئەپەندى «چايخانا» ئەسىرىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان، جانلىق، ئاددىي، ئاممىباب شۇنداقلا يۇمۇرلۇق تىلنى ئىشلەتكەن. بۇ دىرامىغا رىژىسورلۇق قىلغان مەرھۇم جياۋجۈيىن ئەپەندىنىڭ ئارتىسلاردىن سەھنە سۆزلىرىنى ئازراقمۇ ئۇياق-بۇياق قىلماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ لاۋشېنىڭ تىلىنىڭ دەل جايىدا ۋە ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى شۇنداقلا ئىنتايىن توغرىلىقىدىندۇر.

## 5 - § تيەن خەننىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ «گۈەن خەنچىڭ» دىرامىسى

### 1. تيەن خەننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

تيەن خەن (1898 — 1968) ئىلىمىزنىڭ «4- ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيانقى داڭلىق دراماتورگى، ئىنقىلابىي درامىچىلىقنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى ۋە تىئاتىر ئىسلاھاتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئەدەبىي تەخەللۇسى چىڭ يۈي. ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى 1914- يىلدىن 1921- يىلغىچە ياپونىيىدە ئوقۇش جەريانىدىلا باشلانغان. 1922- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ يازغان «كافىخانىدىكى بىر كېچە» درامىسى ئۇنىڭ شۆھرەت قازانغان تۇنجى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى يالغۇز دراما بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا خېلى تەسىر قوزغىغانىدى. مەسىلەن: ئۇ يازغان «پىدائىيلار مارشى» ئۇ-رۇش يىللىرىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرغانىدى. (بۇ ناخشا تېكىستى ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت گىمىنى قىلىندى) ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ئىچىدە «مەشھۇر سەنئەتكارنىڭ ئۆلۈمى»، «جۇپ ھەمرانىڭ سەپىرى»، «يولۋاسنى تۇتقان كېچە» لەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى.

تيەن خەن «ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى» غا قاتناشقانىدىن

تارتىپ دۆلىتىمىز ئازاد بولغانغا قەدەر ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ داڭلىق «جەنۇبىي جۇڭگو دراما جەمئىيىتى» نى تەسىس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغانىدى. دۆلىتىمىزنىڭ هازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان دراماتۇرگلارنى، سەھنە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورگانلىرىدا رەهبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. جۇڭگو ۋۇيۈەن مەدەنىي ـ مائارىپ كومىتېتىنىڭ هەيئىتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى يەرلىك تىياتىرلارنى ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو دراماتۇرگلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە بۇ جەمئىيەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دراما ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ پرولېتارىئاتنىڭ مەدەنىيەت جەڭچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى تىياتىر هەرىكىتى، تىياتىر ئىجادىيىتى، تىياتىر تەتقىقاتى جەھەتلەردىكى ئوبدان تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، رەهبەرلىك سەنئىتى، رەهبەرلىك ئىستىلىدا ئوبدان ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

يەرلىك تىياتىرلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىگە رەهبەرلىك قىلىش بولسا ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىگەن مۇ-

ھىم ۋە نەتىجىلىك خىزمىتىدۇر. ئۇنىڭ رەھبەرلىكى كونكرېت-نى بولدى. باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاددىي ۋە قوپاللارچە ئارىلاشمىدى. ئەكسىچە كەڭ تىئاترچىلارنىڭ سىردىشى، باش-لامچىسى بولدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىزنىڭ بۇ ساھەدىكى كەسپىي خادىملىرىمىز ئاز بولغان شارائىتتا پارتىيە خىزمىتى، مەمۇرىي خىزمەتلەردىن ئاشقان ۋاقىتلىرىدا ئۆزى قولىغا قەلەم ئېلىپ نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى تىئاتىر-لارنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى. يېڭى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى. شۇنىڭدەك ئاز بولمىغان شېئىر، ناخشا تېكىستلىرىنى ئىجاد قىلدى. دراما نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالىلار-نى ئېلان قىلدى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدىلا «شائىر ۋە ئەمگەك مەسىلىسى توغرىسىدا»، «درامىنى ئاممىباب‌لاشتۇرۇش ۋە ئامم-باب دراما» قاتارلىق ماقالىلارنى يازغان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن «جۇڭگو دراما سەنئىتىنىڭ يولى ۋە ئۇنىڭ ئىستىق-بالىغا نەزەر»، «يۈەن سۇلالىسىدىكى ئۇلۇغ دراماتۇرگ گۈەن-خەنچىڭ»، «ماتېرىيالىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا»، «رەڭ-دار چېچەكلەر يىلتىزىدىن كۆكلەيدۇ» قاتارلىق ئىلمىي ماقا-لىلىرى ئارقىلىق دراما تەتقىقاتى ۋە دراما ئىجادىيىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. «گۈەن خەنچىڭ»، «مەلىكە ۋېن چېڭ» يەرلىك تىياتىرلاردىن «ئاق ئىلان ھەققىدە قىسسە» (ئەسا-سىدىكى «ئاق چوكان» نى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «ئالتۇن

قاسراق خاتىرىسى» (ئەسامىدىكى «بېلىق قوغلاش»نى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «غەربىي ھوجرا خاتىرىسى»، «شيې ياۋخۇەن» قاتارلىقلار ئۇنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىز ئۇنىڭ 50 - يىلى يازغان تارىخىي تېمىدىكى ئۈچ قىسىملىق دىرامىسى «جياۋۇ ئۇرۇشى» نىڭ تەركىبىدىكى «چاۋشيەن بۇلۇتلىرى» نى بەدىئىي جەھەتتە ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى نادىر ئەسەرلىرىنىڭ، سەۋىيىسىگە يەتكەن دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ 1958 - يىلى يېزىپ پۈتكۈزگەن «گۇەن خەنچىڭ» دىرامىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەت تارىخىدا يېپ - يېڭى بىر بەت ئاچتى، دەيمىز. شۇ يىلى تيەن خەن يەنە «شىسەنلىڭ سۇ ئامبىرىدىكى تەساۋۋۇر كۆيى» نى يازدى. ۋەزىيەتكە ماسلىشىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەسەر 1958 - يىلى سوققان «پوچىلىق شامىلى» نىڭ مەھسۇلاتى بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويدى. بىز تيەن خەندەك پېشقەدەم دىراماتۇرگنىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن بۇ ئالاھىدە ئەھۋالدىن ئاپتورنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ «ۋەزىيە» نى قوغلىشىپ تۇرمۇش چىنلىقىدىن چەتنەيدىغان بولسا، رېئالىستىك ئىجادىيەت مېتودىغا خىلاپلىق قىلسا، چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

تيەن خەننىڭ 1960 - يىلى يازغان «مەلىكە ۋېن چىڭ» ناملىق تارىخىي دىرامىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېما قىلغان

ئەسەر بولۇپ، گەرچە ئۇ «گۈەن خەنچىڭ» دراممىسىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئوتتۇرىلىق چىققان ئەسەر، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئاپتور ئۇنى شىزاڭدىكى ئەكسىيەتچىلەر قوزغىغان توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردە «دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلىپ قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە نەچچە مىڭ يىللىق قار مۇزلار ئېرىپ گۈل چېچەكلەر ئېچىلغان، يېڭى مەنزىرە پەيدا بولغان»① لىقىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىشكەندىن يازغان.

تارىختىكى ئۇلغارلىق ۋە يېڭىلىقنىڭ تەرەپدارى بولغان تاڭتەيزۇڭ مىللىي مەسىلىنى خەلقنىڭ ئارزۇسى، تارىخنىڭ تەلىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلغانىدى. ئاپتور بۇ ۋەقەنى يېزىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سىياسىتى قالاق ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى قامچىلايدۇ. تيەن خەن بۇ درامىدا مەلىكە ۋېن چېڭنىڭ ئوبرازىنى تولىمۇ يارقىن ياراتقان. ئەسەردە پادىشاھنىڭ قىزى، گۈزەل ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك مەلىكە دادىسىنىڭ ياخشى نىيىتى بىلەن مەدەنىيەتنى توي سوغىسى قىلىپ، تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ، شىزاڭغا كېلىپ، سوڭ جەنگەنبۇغا تېگىدۇ. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. بۇ ئەسەر لىرىكىلىق ۋە تەسىرلىك يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەردىن خالى ئەمەس. ئەسەردە مىللىي مۇناسىۋەت بىلەن سىنىپىي مۇناسىۋەت زىچ بىرلەشتۈرۈلمىگەن. مىللىي مەسىلىنىڭ ئىچكى مۇرەككەپلىكى

---

① تيەن خەن «مەلىكە ۋېن چېڭغا كىرىش سۆز» دىن

چوڭقۇر قىزىلمىغان. شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچى سەلبىي ئوبراز-
لارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزى (مەيلى سىنى-
پي ياكى ئىدىيىۋى جەھەتتىن بولسۇن) تولۇق قېزىلمىغان.

ئەگەر «گۈەن خەنچىڭ» نى تيەن خەنىنىڭ دراما ئى-
جادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دېسەك، ئۇ ھالدا «شىي-
ياۋخۇەن» ئۇنىڭ يەرلىك تىياتىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەل-
لىسى بولالايدۇ. بۇ تيەن خەنىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىر-
قى ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تارىخ ۋە رېئال تۇر-
مۇشقا قارىتا چوڭقۇر پىكىر-قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپ-
تور بۇ ئەسەردە شىي ياۋخۇەنىنىڭ تىراگېدىيىلىك تەقدىرى ئار-
قىلىق خەلقنى تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا
ئۈندەيدۇ. بۇ «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان»
ئوبدان ئەسەر ئىدى. لېكىن «سول» چىللىقنىڭ كاساپىتى-
دىن، بۇ ئەسەر 1964-يىلىلا «زەھەرلىك چۆپ» دەپ قارى-
لىنىپ پىپەن قىلىندى. كوممۇنىزم ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلى-
غان بۇ مەشھۇر دراماتۇرگ، ئاتاقلىق تەشكىلاتچى 1968-يى-
لى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»
نىڭ زىيانكەشلىكلىرى تۈپەيلىدىن ۋاقىتسىز قازا بولدى.

### 2. تيەن خەنىنىڭ «گۈەن خەنچىڭ» ناملىق دراماسى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر سەنئەتكار گۈەن-
خەنچىڭ يالغۇز دراماتۇرگلارنىڭ پېشۋاسى بولۇپلا قالماي،
بەلكى دۇنيادىكى ساناقلىق، ئەڭ داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى-
سىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە ئىجادىيەتكە سىڭدۈرگەن ئەجرى-

گە يۆلىنىپ تېخىمۇ سەھنىسىدە نۇرغۇنلىغان جەزبىدار غۇنچىلارنى يېتىشتۇرۇپ ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت باغچىسىنى بېزىگەنىدى. ئۇ-نىڭ ئەسەرلىرى XIII ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ ھايا-تىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

بۈگۈنكى جۇڭگو سەھنىسىدە مۇشۇنداق ئۇلۇغ دراما-تۇرگنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇش ۋە ئۇنىڭ تىللاردا داستان بولغىدەك كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش شەك-شۈبھىسىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپلىك بىر ئىش ئىدى. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان دراما-تۇرگى تيەن خەن 1958-يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا تىنچ-لىقى كومىتېتى ئېلىپ بارغان دۇنيا بويىچە مەشھۇر ئەدىب — ئېلىمىزنىڭ XIII ئەسىردىكى ئۇلۇغ دراماتۇرگى گۈەن خەنچىڭ-نىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنىڭ 700 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۈچۈن «گۈەن خەنچىڭ» دراممىسىنى يېزىپ چىقىپ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىدى.

گۈەن خەنچىڭ توغرىسىدا ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. تالاش-تارتىشلار بولسا بەكلا كۆپ. شۇڭا ئۇ توغرىلىق ئەسەر يېز-ماق ھەقىقەتەن مۈشكۈل ئىدى. لېكىن دراماتۇرگ تيەن خەن ئۈچۈن بۇ دراممىنى يېزىش نىسبەتەن قۇلايلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزىبىر ئەپلىك ئىمكانىيەتلەر بار ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەدىب-لەر، سەنئەتكارلارنىڭ ھايات-پائالىيەتلىرى بىلەن خېلى تو-نۇشلۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ 1929-يىلىلا «داڭلىق سەنئەتكار-نىڭ ئۆلۈمى» ناملىق دراممىنى يازغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ-

نىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ۋە بەدىئىي ماھارىتى بۇ قەدىمىي دراماتۇرگىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ۋە پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى كەم بولسا بولمايدىغان شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تيەن خەننىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەدىب ئۈچۈن خاتىرە مۇنار تىكلەپ بېرەلىگەنلىكى ھەرگىزمۇ تەسادىپىي ئىش ئەمەس.

تيەن خەن تارىخىي ماتېرىياللارنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئاساسىدا گۇەن خەنچىڭ پائالىيەت قىلغان تارىخىي شارائىتنى توغرا ئىگەللەپ، ئۆزىنىڭ مول تارىخىي بىلىمىنى ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى نامايەن قىلدى. ئۇ تارىختىن بۇيان گۇەن خەنچىڭگە بېرىلگەن ھەر تۈرلۈك خاتا ھۆكۈملەرگە خاتىمە بېرىپ، خەلقنىڭ سەنئەتكارى بولغان قەدىمىي زاماندىكى بۇ ئۇلۇغ دراماتۇرگىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى. تيەن خەن ئۆزىنىڭ دراممىسى «گۇەن خەنچىڭ» دا تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىپ ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن سۆزلەيدىغان، خەلق ئۈچۈن يازىدىغان خەلقنىڭ سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. شۇنىڭدەك تارىخىي چىنلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ بەزىبىر كۆرۈنۈش، ئايرىم ۋەقەلەرنى توقۇلما قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن ۋەقەلىرىنىڭ تەساۋۋۇرنىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى بۇلار ھەققىدە تا ھازىرغىچە بىرەر ئېنىق تارىخىي ماتېرىيال تېپىلغان ئەمەس. مەسىلەن: تارىختا جۇشياۋلەن ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئۆتكەنلىكى، گۇەن خەن-

چىلىك ئەشۇ قىزنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن-
دىن كېيىن «دۇئېيۇەن» نى يازغان بولۇشى مۇمكىنلى-
كى قاتارلىقلارنى راست شۇنداق بولغان، دېيىشكە ھېچقانداق
پاكىتىمىز يوق. ئاخىمانىڭ گۇەن خەنچىڭنى مۇشۇ ئۇيۇننى
كۆرگەندىن كېيىن زىندانغا تاشلىغانلىقىمۇ ناتايىن. گۇەن-
خەنچىڭنىڭ يىپ خېيۇنى بىر كاچات سالغانلىقىنى بولسا، ھېچ-
كىم راست شۇنداق بولغان، دەپ ئېيتالمايدۇ. لېكىن مىڭلى-
خان-تۇمەنلىگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىگۇنا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى
راست. گۇەن خەنچىڭنىڭ سانسىزلىغان خوتۇن-قىزلارنىڭ
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئاندىن
«دۇئېيۇەن» نى يازغانلىقى شەك-شۈبھىسىز. ئاخىمادەك ئەكسى-
يەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى چىققانلىكى سەنئەت-
كارلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقى ئېنىق. گۇەن خەنچىڭدەك
رەزىللىككە قىلچە سۈكۈت قىلماي تۇرالمايدىغان جەسۇر كىشى-
نىڭ ئۆزىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان يالاقچىغا دەككە
بېرىشى تۇرغان گەپ. ئىشقىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە
توقۇلما بولسىمۇ، بىراق تارىخنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن. شۇ-
نىڭدەك سەنئەت چىنلىقىغىمۇ ئۇيغۇن. تيەن خەن ئەسىرىدە
رېئال پاكىتلاردىنمۇ كۈچلۈك ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولغان ۋەقەنى
يازغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىرى تېخىمۇ كەڭ ئومۇملۇققا
ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالىغان.

«گۇەن خەنچىڭ» دىرامىسىنىڭ سەككىزىنچى كۆرۈنۈشىدە
ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تاپىنىنى يالاپ كۈن كۆرىدىغان يالاقچىما
ئەدىب يىپ خېيۇ تۇرمىگە كېلىپ تەسلىم بولۇش توغرىسىدا

ۋەز ئۇقۇغاندا گۈەن خەنچىڭ ئۇنى بىر كاچات ئۇرىدۇ. ۋە
«ھەي ئىشت، سىنىڭ كۆزۈڭ كور ئىكەن. ئالدىڭدا كىمنىڭ
تۇرغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ مەن گۈەن خەنچىڭ دۆملىمە
يۈمشىمايدىغان، قاينا تىسا پىشمايدىغان، ئۇرسا ماكچايمايدىغان،
قورىسا ئۆۋۈلۈپ كەتمەيدىغان مىس پۇرچاقمەن» دەيدۇ. مانا
بۇ سۆز گۈەن خەنچىڭ خاراكتېرىنىڭ ئەڭ يىغىنچاق، ئەڭ
دۇرۇس ئىنكاسى بولۇپ تيەن خەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ
نېگىزى بولغان «مىس پۇرچاق» لىق خۇسۇسىيەتنى چىڭ ئى-
گەللىگەن. ئۇنى ئۆز پېرسوناژىنىڭ پۈتكۈل ھايات يولىنى
بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۈرەتلەش بىلەن
ئەمەس، بەلكى «دۈئېيۈەن» تىئاتىرىنى يېزىش ۋە ئۇنى ئوي-
ناپ چىقىشتىن ئىبارەت تۈپكى سيۇژىت لىنىيىسى ئارقىلىق
گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. چۈنكى جۇشياۋلەن ياكى دۈئېي بول-
سۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن
قاتلىمىدا ياشاۋاتقان يوقسۇللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇلار چى-
رىك ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن بىگۇنا ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق بى-
چارە-يوقسۇللارنىڭ ئەرز-دادىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «دۈئې-
يۈەن» تىئاتىرى گۈەن خەنچىڭنىڭ يارقىن ئوبرازىنى، ئۇنىڭ
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئوبدان
ۋاستىسى بولالايدۇ. درامىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن تولۇق خە-
ۋەردار بولغان تيەن خەننىڭ گۈەن خەنچىڭنىڭ ئوبرازىنى
ئۇنىڭ «دۈئېيۈەن» نى يازغانلىقى ئارقىلىق يارىتالىغانلىقى،
ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ ئەلۋەتتە. بىراق شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،

تيەن خەن ئۆزىنىڭ قەلىمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گوۋەن خەن- چىڭنىڭ «دۇئېيۈەن» نى قانداق يازغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يېزىش ۋە بۇ تىئاتىرنى سەھنىدە كۆرسىتىش جەريا- نىدا دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرگە قاراتقان. بۇنداق زىددى- يەتلەرنى تۇتقا قىلىشتىن مەقسەت پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى جىڭ ئالتۇن ئوتتا سىنىلىدۇ، قەھرىمان كۈرەشتە. شۇڭا گوۋەن خەنچىڭ ئوبرازىنىڭ «مىس پۇرچاق» لىق ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ يۇمشىمايدىغان، پىشمايدىغان، ماكچايمايدىغان ۋە ئۇۋۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقى دوملەش، قاينىتىش، ئۇرۇش، قورۇشتەك تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق يورۇ- تۇلغان. دراماتىك توقۇنۇشلارمۇ ئاشۇ تىپىك ۋەقەلەرنى چۆ- رىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنى تەۋەندىكى بىر- قانچە تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

(1) يېزىش ۋە يازماسلىق، ئويناش ۋە ئوينىماسلىق

ئەسەرنىڭ بېشىدىلا گوۋەن خەنچىڭ جۇشياۋلەننىڭ بې- گۇنا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىدىن تىت-تىت بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە كايىيدۇ: «قارا قورساق لىكۇي① چىغىدا جازا مەيدانىدىن ئادەم قۇتۇلدۇرۇپ چىقالىغان. مەنچۇ؟ مەن پەقەت بۇ يەردە ئاھ ئۇرۇپلا تۇرۇ- ۋاتىمەن، قەدىمقىلار ناھەقچىلىقنى كۆرگەندە قىلىچىنى سۇغۇ- رۇپ ئېلىپ، ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولالىغان، مەندە سۇغۇ-

① «سۇ بويىدا» رومانىدىكى 108 باتۇرنىڭ بىرسى.

رۇۋالغىدەك قىلىچ يوق، پەقەت بىر ئەبگا قەلەملا بار» دەپ ھەسرەتلىنىپ، ئۆز-ئۆزىنى ئەيىپلەيدۇ. جۇلىيەنشيۇ: «سىزنىڭ قەلىمىڭىز، دراممىڭىز قىلىچ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئىلھاملاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىگۇنا جۇشياۋلەن ئۈچۈن يېڭى دراما يېزىپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. بىراق ئەسەرنى كىم سەھنىگە ئېلىپ چىقىدۇ؟ كىممۇ مۇشۇنداق باش كېتىدىغان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ؟ مۇشۇنداق شارائىتتا جۇلىيەنشيۇ «سىز يېزىشقا جۈرئەت قىلىسىڭىزلا مەن ئۇنى ئويناشتىن قورقمايمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا يى خېيۇ گۇەن خەنچىڭگە پوپوزا قىلىپ: ئاخىما غوجامغا تىل تەككۈزگۈچى بولما، ئۆزەڭنىڭ كاللاڭغا ئاگاھ بول، دەپ تەھدىت سالىدۇ ۋە «دۇئېيۈەن» نىڭ سەھنىدە ئوينىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن جۇلىيەنشيۇغا باشقا ئويۇننى قويۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. گۇەن-خەنچىڭ ۋە جۇلىيەنشيۇلار كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن، زىندانغا چۈشۈشتىن قورقماي خەۋپ-خەتەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ. گۇەن خەنچىڭ كېچە-كۈندۈز يازىدۇ، جۇلىيەنشيۇ دەررۇ رېپېتىس قىلىدۇ. ئويۇننى قويۇشقا قەتئىي نىيەت قىلىدۇ. تيەن خەن گۇەن خەنچىڭنى يۇقىرىقىدەك زىددىيەت ئارىسىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان باتۇرلۇقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

(2) ئۆزگەرتىش ئۆزگەرتمەسلىك بىلەن كېتىش كەتمەسلىك

تراگېدىيە كۆرۈشكە زوقمەن بويەن مومايىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن «دۇئېيۈەن» سەھنىدە ئوينىلىدۇ. بۇ تىيئاتىرنىڭ ئۆزد-

نىڭ ئەجەللىك يېرىگە نەشتەر بولۇپ سانچىلىشۋاتقانلىقىنى سەزگەن مۇتىھەم ئەمەلدار ئاخما گوۋەن خەنچىڭگە ئەسەرنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆزگەرتىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۆزگەر-تىش ئۆزگەرتمەسلىك مەسىلىسىدە گوۋەن خەنچىڭ: «قويمىساق قويمايمىزكى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمىز» دېگەن قەتئىي جاۋابنى بېرىدۇ. ئاخمانىڭ چاپارمىنى «ئۆزگەرتمىسەڭلار قويماڭلار، كاللاڭلار كېتىدۇ» دەپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بېسىم ئىشلەت-كەندە، جۇليەنشيۇ خەۋپ-خەتەرگە ئۆزى تاقابىل تۇرۇپ، گوۋەن خەنچىڭدىن دەرھال پايتەختتىن كېتىپ قېلىشنى ئۆتۈن-دۇ. كېتىش كەتمەسلىك — بۇ ھايات-ماماتلىق مەسىلە بولۇپ، كەتتى دېگەنلىك قاچتى دېگەنلىك ئىدى. مۇشۇنداق كەس-كىن زىددىيەت ئالدىدا گوۋەن خەنچىڭ قىلچە تەۋرەنمەي، ئو-يۇننى ئازراقمۇ ئۆزگەرتمەي سەھنىدە ئويناۋېرىشنى قارار قى-لىدۇ ۋە شەخسەن ئۆزى سەھنىگە كېلىپ، جۇليەنشيۇ بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىدۇ. سەبداشلىرىنىڭ كاللىسى كېتىدىغان جىددى پەيتتە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ئاخما بىلەن يۈز تۇرانە كۆرەش قىلىدۇ. ئاپتور تيەن خەن مۇشۇنداق تو-قۇنۇش ئارقىلىق گوۋەن خەنچىڭنىڭ خەلققە بولغان ساداقىتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان مەردانىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## (3) تەسلىم بولماسلىق پۇل ئالماسلىق

گوۋەن خەنچىڭ ۋە جۇليەنشيۇلار زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر جازانى يېنىكلىتىش ۋە پۇل بېرىش ئار-قىلىق ئۇنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. يەنى قاتتىق

ئېلىشىش بىلەن تەڭ كېلەلمىگەن بۇ قەھرىمانىنى يۇمشاق ئۇسۇل بىلەن تىز پوكتورمەكچى بولىشىدۇ. بىراق گۇەن خەنچىڭ نەسىھەت قىلغىلى كەلگەن خائىن يې خېپىۇنى بىر كاچات سېلىپ، تىلىڭ چوشۇرۇۋېتىدۇ. دېمەك ئاپتور مۇشۇنداق يېزىش ئارقىلىق گۇەن خەنچىڭنىڭ «ئۇرسا ماكچايىمايدىغان» قاتتىق سۆگەكلىك لىكىنى، ئادالەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى تەس ۋىرلىگەن.

(4) ئۆلۈمدىن قورقماسلىق ۋە يۈز ئۆرىمەسلىك

ئۆلۈم مۇددىتىنىڭ توشۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋە لۇق گۇەن خەنچىڭ ۋە جۇلىيەنشىۇلار قىلچە پۇشايمان قىلماي دۇ، ئەپسۇسلانمايدۇ، روھسىزلانمايدۇ. ئۇلار تۈمەنلىگەن جو شياۋلەنلەر ئۈچۈن، «دۇئېيۇەن» تىئاتىرى ئۈچۈن ئۆلۈمنى مەر دانىلارچە كۆتۈۋالىدۇ. ھەرگىز رەھىم شەپقەت تىلىمەيدۇ. بۇ كۆرۈنۈش پۈتۈن تىئاتىرنىڭ يۇقىرى دولقۇنى بولۇپ، بۇ كۆ رۈنۈشتە گۇەن خەنچىڭنىڭ گۈزەل روھىي دۇنياسى تولۇق نامايان قىلىنغان، ئۇنىڭ يۈكسەك ئوبرازى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، گۇەن خەن چىڭ ئوبرازىنىڭ شانلىق ۋە يۈكسەكلىكى ئۇنىڭ كەم - كۈتى سىز، نۇقسانسىز تەرەققىي قىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيىۋىي قاراشلىرى، خاراكتېرىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقىدا، كىشى ئىشەنگىدەك بولغانلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. تيەن خەن بۇ ئوبرازنى يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن زىددىيەت توقۇ نۇشلىرىغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ كۈرەشلىرىنى تەسىر-

لىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ كۈرەش ئاخىما ۋەكىللە-
كىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۈرەشنى ۋە مە-
دەنىي لۈكچەك يى خىيىپۇ ۋەكىللىكىدىكى بۇزۇقلارغا قارشى
كۈرەشنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، شۇ قاتاردا ئۇ يەنە ئۆزى-
نىڭ ئاجىزلىقلىرى بىلەن بولغان كۈرەشنىمۇ، ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. ئالدىنقى كۈرەش ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. كې-
يىنكى كۈرەشمۇ مۇۋاپىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان گۇەن-
خەنچىڭنىڭ ئۆزىدىكى بەزىبىر ئاجىزلىقلار بىلەن كۈرەش قىل-
غانلىقىنى تەسۋىرلىگەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئوبرازى قىلچە غۇ-
ۋالاشمىغان، ئۇنىڭغا ھەرگىز زەخمەت يەتمىگەن، ئەكسىچە
بۇنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ بولغان.
چۈنكى كەمچىلىكسىز ئادەم يوق. گۇەن خەنچىڭنىڭ ئاجىزلىقى
ئۇنىڭ تەۋرىنىدىغان تەرىپى ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ۋە تارى-
خىي چەكلىمىلىككە ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدىيىۋىي تەرەق-
قىياتىغا، خاراكتېر لوگىكىسىغا باپ كەلگەن. ئەسەردە يەنە
ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزەتكەنلىكى، خاراكتېرىنىڭ مۇكەم-
مەللەشكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئۆزگىرىش يالغۇز ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى بىلەنلا پۈتكەن ئەمەس.
ئۇنىڭدا سىرتقى كۈچلەرنىڭ تۈرتكىلىك رولىمۇ بار. ئاپتور
مانا بۇ نۇقتا ئارقىلىق جۇلىيەنشيۇ باشچىلىقىدىكى ئارتىستلار-
نىڭ زور كۈچىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئۆزىمۇ يورۇق-
لۇققا ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر.

يۇقىرىقىلار گۇەن خەنچىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى بىر
تەرەپ بولسا يەنە بىر تەرەپ، ئۇنىڭغا جۇلىيەنشيۇ ئوبرازى-

نىڭ ياندا شتۇرۇلغانلىقىدۇر. گۈەن خەنچىڭ ئوبرازى جۇلىيەنشيۇ بىلەن قىلىنغان سېلىشتۇرمىدا تېخىمۇ تولۇقلانغان. بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ تەقدىرى ئوخشاش، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمۇ ئوخشاش. ئەسەردە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرى — خاراكتېرىدىكى پەرقلەرمۇ سېلىشتۇرۇلغان. بۇنداق سېلىشتۇرما جۇليەنشيۇنىڭ گۈەن خەنچىڭگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. گۈەن خەنچىڭگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇلىيەنشيۇ ئايرىلماس ھەمرا ۋە بىر ياخشى ئۇستاز. ئۇنىڭ ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىپ كېتەلىشى، مەلۇم تەرەپتىن ئېيتقاندا، جۇلىيەنشيۇنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھام بېرىشىدىن بولغان. ئەندى جۇلىيەنشيۇغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۈەن خەنچىڭنىڭ پەزىلەتلىرى ئۇنىڭ كۈرەشچانلىقىغا مەدەت بولغان، تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا جۇلىيەنشيۇ بولغاچقا، گۈەن خەنچىڭنىڭ ئىرادىسى گاڭغا ئايلانغان، گۈەن خەنچىڭ بولغاچقا، جۇلىيەنشيۇ ئوبرازى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

تيەن خەن «گۈەن خەنچىڭ» دراممىسىنى يېزىشتا ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىگە كۆپ ئىشلىگەن. قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئويۇننىڭ ئىچىگە ئويۇننى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان. ئويۇن دېگىنىمىز «گۈەن خەنچىڭ» دراممىسى بولسا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئويۇن — «دۇئېيۈەن» تىياتىرىدۇر. ئاپتور «دۇئېيۈەن» تىياتىرىنى يېزىش، ئۇنى ئويناش ۋە تاماشىبىنلارنىڭ كۆرۈش جەريانىنى «گۈەن خەنچىڭ» دراممىسىنىڭ ئىچىگە ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزۈۋەتكەن. يۇقىرىدا بىز توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك «دۇئېيۈەن» تىياتىرى گۈەن خەنچىڭنىڭ 18 پارچە زاجۇي

تىياتىرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، گوەن خەنچىڭ بىلەن دۇئېيوەننىڭ ئورتاقلىق جايلىرى بار. شۇڭا تيەن خەن «دۇئېيوەن» تىياتىرىنى تاللىۋالغان. نەتىجىدە «ئويۇننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ئويۇن» ئارقىلىق ئوبرازلار تېخىمۇ جانلىق چىققان. سۆزىت تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن، ئەسەرنىڭ تەسىر كۈچى ئاشقان. «دۇئېيوەن» تىياتىرىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس غەزەپ - نەپرەت، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە گوەن-خەنچىڭ ۋە جۇلىيەنشيۇلارنىڭ ئوبرازىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. مەسىلەن: مەھبۇس كىيىمىنى كىيگەن جۇلىيەنشيۇ دۇئېي رولىنى ئېلىپ: «ئەمەلدارلار خار ئەيلىگەچ قانۇننى، ئېغىزىم تۇرۇپ ئېيتالمىدىم سۆزۈمنى، ئېھ، زېمىن! ھەق ناھەقنى ئاجراتماي نېچۈن بىللە ياتقۇزىسەن؟ ئاھ، پەلەك! ياخشى بىلەن يامانني نېچۈن بىللە ساقلايسەن؟» دەپ پىغان بىلەن ناخشا ئېيتقىنىدا، تاماشىبىنلار بۇنىڭ دۇئېي ياكى جۇلىيەنشيۇ ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي قالىدۇ. مانا بۇ ئويۇننىڭ ئىچىدىكى ئويۇننىڭ خاسىيىتى.

ئەسەرنىڭ سۇژېتى تەرتىپلىك ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن، «يېزىش»، «قويۇش» باسقۇچىدىن كېيىن، نۆۋەت «كۆرۈش» كە كېلىدۇ. چۈنكى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتىن مەقسىتى ۋە ئارتىستىنىڭ ئويۇن قويۇشتىكى مۇددىئاسىمۇ تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىش. بۇ تىياتىردا زىددىيەتلەر «كۆرەش» نى بويلىغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئۆتكۈر باسقۇچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئويۇندا ئاخىما دەر غەزەپكە كېلىپ «ياز-

غان ئادەمنىڭ ۋە قويغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى كەس!» دەپ چوقان سالسا، بۇ تەرەپتە تاماشىبىنلار قاتتىق تەسىرلىنىپ ھاياجاندىن ئۆلتۈرالماي قالىدۇ. تاماشىبىن ۋاڭ جۇڭ «خەلق ئۈچۈن زىيانداشلارنى يوقىتايلى!» دەپ شوئار توۋلاپ كېتىدۇ. تيەن خەن درامىدا ئۆيۈن ئىچىدىكى ئويۇننىڭ رولىدىن مۇشۇنداق ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولۇپ، «يېزىش»، «قويۇش»، «كۆرۈش» ئارقىلىق بىر ۋەقەنى يەنە بىر ۋەقەگە ئۇلاپ، بىر كۆرۈنۈشنى يەنە بىر كۆرۈنۈشكە چېتىپ، بىر پېرسوناژ ئارقىلىق يەنە بىر پېرسوناژنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئەسەرنى زىچ بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ چىققان.

دەرۋەقە «گۈەن خەنچىڭ» درامىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بىر پەقەت ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدىلا توختالدۇق، خالاس.

### 6 - §. «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» درامىسى

60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئېلىمىزنىڭ دراما ئىجادىيىتىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان بىر تۈركۈم ئوبدان ئەسەرلەر يېزىلدى. شىن شىمىڭ (قەلەم تەۋرەتكۈچى)، مويەن ۋە لۈي شىڭچىلار 1963 - يىلى بىرلىكتە ئىجاد قىلغان «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» ناملىق دراما ئەنە شۇ بىر تۈركۈم سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 9 پەردىلىك

بۇ دراما ئـەينى ۋاقىتتا سـەھنىدە ئـوينالغاندىن كېيىن زور تەسىر قوزغىغانىدى ۋە «ئۆزگىچە ئېچىلغان رەڭدار سـەنئەت گۈلى» دەپ تـەرىپلەنگەنىدى. بـۇ دراما تـۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. مۇھىم زىددىيەتلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن

بۇ ھەربىي ئىشلار تېمىسىدىكى يەنى ھەربىلەر تۇرمۇ-شىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەر بولۇپ، ماتېرىيال تاللاش، ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى جەھەتلەردىكى بەزىبىر راھكىلارنى بـۇزۇپ تاشلىغان. كـونكرېت قىلـىپ ئېيتقـانـدا، ئـاپتـورلار مـاتېرىيـال تـاللاشتا جـەڭچىلەرنى تەسۋىرلەيدىغان ئەسەرلەردىكى ئۇرۇش مەيدانى، مەش مەيدانى، گـازارمىدىن ئايرىلالمايدىغان ئـۇسۇلنى بـۆسۇپ چىققان. قو-شۇنىمىزنى كەڭ ئىجتىمائىي تارىخىي كۆرۈنۈش ئۈستىگە قويۇپ يېزىپ نۇرغۇن پېرسوناژ ۋە مۇرەككەپ يىپ ئۇچلىرى ئارقىلىق دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى، خەلق ئىچىدىكى زىددى-يەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئـەنئەنىسىنى ساقلاپ بۇرژۇئازىيەنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيە ئاستىغا مۇجەسسەملىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرنىڭ ئـەھمىيىتى ئـارمىيە دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

دراما ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ۋاقىت: 1949 - يىلى ياز پەسلىدىن 1950 - يىلى كۈز پەسلىگىچە. ئورۇن: شاڭخەي. بۇ جـۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب

باسقۇچىدىن سوتسىئالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا ئۆتۈۋاتقان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇرۇلۇش پەيتى بولۇپ، ئەندىلا ئازاد بولغان شائىخەيدە كونا شەيئىلەر ئۆز ھالاكىتىگە تەن بەرمەي، يېڭى شەيئىلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا گومىنداڭ ئىشپىيونى «لاۋكەي» نەنجىن كوچىسىدا لۈكچەكلەر، تانسىخانا خوجايىنلىرى، ھەرخىل ھەر رەڭدىكى ئىشپىيونلار ۋە جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىدىن ئەكسىيەتچىل يەر ئاستى قوشۇنى تەشكىللەيدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن قەست قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ، يېڭى قۇرۇلغان قىزىل ھاكىمىيەتنى بۆشۈگىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «پۇراقلىق شامال» چىقىرىپ، جاز مۇزىكىلىرى بىلەن ئىنقىلابىي ناخشىلارغا تاقابىل تۇرۇپ، «سۇدىن چىققان لەيلى» دېگەندەك كىنو-تىياتىرلار ئارقىلىق «ئاق چاچلىق قىز» دىن سەھنە تالاشماقچى بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق يۇمشاق ۋاستە ئارقىلىق جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىنى بوشۇتۇپ «كومپارتىيە قىزىل پىتى كىرگەن بولسا ئۇلارنى ئۈچ ئايغىچە بۇ نەنجىن كوچىسىدا چىرىتىپ، قارايتىپ، سېسىتىپ تاشلىماق» بولىدۇ. دەرۋەقە ئەينى ۋاقىتتىكى شائىخەيدە بۇنداق «پۇراقلىق شامال» نىڭ بازىرى بار ئىدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئىپلاس يۈرگەن ھەرخىل ئىدىيىۋى ئېقىملار لاۋكەينىڭ يەر ئاستى قوشۇنىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. دېمەك بىزنىڭ قەھرىمان لىيەنلۇيىمىز مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. قوراللىق

دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭلەردە شان-زەپەر قۇچۇپ كەلگەن بىز باتۇرلار ئەندى بۇ «پۇراقلىق شامال» نىڭ ھۇجۇمىغا، رەڭگا-رەڭ چىراقلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالامدۇ-يوق؟ دېگەن سوئال ئەينى ۋاقىتتا بىر تېپىشماق ئىدى. «رەڭگا-رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» دىرامىسى ئۆزىگە يۈكسەك دەۋرى شارائىتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ دەۋر قىياپىتىدىن ۋە ئەينى شارائىتتىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ دىراما ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ دىرامالىق توقۇنۇشلار ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىتىش شامىلىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىددىي كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ كۈرەشتە سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىدىيىۋىي توقۇنۇشلار ئۆزئارا كىرىشتۈرگەن، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر گىرەلەشتۈرۈلگەن. دىرامىدا دوست-دۈشمەننىڭ زىددىيىتىدىن ئىبارەت سۇژېت لىنىيىسى ئاساسەن يوشۇرۇن ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئاشكارە تەرەققىي قىلىپ تۇرغىنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت، يەنى ئىدىيىۋىي تەربىيىدىن ئىبارەت بىر سۇژېت لىنىيىسىدۇر. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئىككى تال سۇژېت لىنىيىسى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ۋەقەلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ كىتابخانلارغا ۋە تاماشىبىنلارغا بىزنىڭ قورالىق دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەشلىرىمىز ئاياقلاشقان بولىسىمۇ، قورالسىز دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرىشىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاساسىي دۈشمەن — «پۇراقلىق شا-

مال» ۋە پاشقا ھەر خىل شەكىلدىكى بۇرژۇئا ئىدىيىلىرى ئىكەنلىكىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئاددىي - ساددا پاشايدىغان ئىيسىل ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ چىرىتىشكە تاقابىل تۇرالىسا، ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈرەشچانلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتمايدىغان پولات قوشۇن بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بۇ دراما ئەينى يىللاردا زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل تىپىك ئەھمىيىتى ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

2. ئوبرازلارنى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ياراتقان

سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان - چىقمىغانلىقىنى باھالاشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمىدۇر. «رەڭگارەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» دىرامىسى دەۋر قىياپىتىنى كەسكىن دراماتىك توقۇنۇشلار زېمىنىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە پېرسوناژلارنىمۇ ئەشۇ زىددىيەت توقۇنۇشلىرىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ۋە ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلىرى شۇنىڭدەك ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى كۈچلۈك، يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەن. درامىدىكى سىياسىي كومىسسار لۇخۇا، جەڭچى جاۋداڭ ۋە ئاشپەزلەر بەنىنىڭ بەنجاڭى خۇڭ مەنتاڭ، ليەنجاڭ لۇداچىڭ، ئۈچىنچى پەيىنىڭ پەيجاڭى چىڭ شى ۋە

يېڭى جەڭچى تۇڭ ئانەن، چىك شىنىڭ ئايالى چۈن نىلەرنىڭ ئوبرازلىرى كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ.

لىيەنجاڭ لۇداچىڭنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارى-تىلغان بولۇپ، بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىگەن. ئاپتور ئۇنىڭ نەنجىن كوچىسىدا ۋەزىپە ئۆتەشنى «كوچىدا تۇرۇش» دەپ ئاتىۋالغانلىقى. چىك شى تاشلىۋەتكەن يىپ پايپاقنى تېرىۋېلىپ، سومكىسىغا سېلىۋالغانلىقى، تۇڭ ئانەننى قوپاللىق بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاددىي ئۇسۇلدا تەربىيە بەرگەنلىكى، ئۇقۇشماسلىقتىن جاۋاداتى باشقىچە چۈشۈنۈپ قالغانلىقى، قارشى ئېلىش يىغىنىدا ناخشىغا دىرىژورلۇق قىلغانلىقى، ئاخىرىدا چىك شىنى ھەم قاتتىق، ھەم سەمىمى تەنقىد قىلغانلىقى قاتارلىق ئۆزىگىلا خاس سۆز ھەرىكەتلىرى ئادەت-قىلىقلىرى ئارقىلىق بۇقەھرىمان كوماندىرنىڭ خارەك-تىرىنى ناھايىتى جانلىق، كونكرېت قىلىپ يورۇتۇپ بەرگەن.

ئۇ، پەيجاڭ چىك شىنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇراقلىق شامىلى تەپتىدىن قايمۇقۇپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىدە ۋە يېڭى جەڭچى تۇڭ ئانەننىڭ «بىر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن رېستورانغا كەتكەن» لىكىنى ئاڭلىغىنىدا! تېرىكىپ ئولتۇرالماي قالىدۇ. خەۋەرچى كېلىپ جاۋادانى «ئۇزۇن چاچلىق بىرسى باشلاپ كەتتى» دەپ خاتا مەلۇمات بەرگەندە، قاتتىق غە-زەپلىنىپ: «بۇلار قانداق ئەسكەرلەر!» دەپ كايىپ كېتىدۇ. لېكىن ياچېيكا يىغىنىدا ئاشپەز خۇاڭ مەنناڭ قەستەن: «دوكلات يازايلى. بىزنى بۇ يەردىن چېكىندۈرۈپ كەتسۇن» دېگەندە بولسا، ئۇ بىردىنلا ئېسىنى يىغىۋېلىپ دەررۇ ئاچ-

چىقىنى باسىدۇ-دە: «چېكىنىش؟ ياق! پارتىيە ۋە يۇقىرىنىڭ رەھبەرلىكى بار. ئەگەر بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ پۇراقلىق شامىلىنى چېكىندۈرەلمىسەم، فامىلەم لو بولماي كەتسۇن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاپتور ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى توپ ماھىيەتلىك تەرەپنى چىڭ ئىگەللەپ، ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئىلاھلاشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنى چىنلىق ۋە تەبىئىيلىككە سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئوبراز كىشىگە چىن ۋە يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلۇپ، كۈچلۈك بەدىئىي تەسىر پەيدا قىلالىغان. ئاپتور ئۇنىڭدىكى چاقناپ تۇرىدىغان ئېسىل پەزىلەتلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمىگەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى «ئەينەن» قىلىپ يېزىپ ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى پەردازسىز كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇ قىزغىن، تۈز، مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق بىر كومۇنىستدۇر. لېكىن ئۇ دېھقانلارچە سادda، ئىدىيىۋى تەربىيە ئۇسۇلى بولسا ئاددىي. قىسقىسى، بۇ جەھەتتە تەجرىبىسىز. شۇڭا نەنجىن كوچىسىدا تۇرۇشتەك ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۆتەش جەريانىدا ئىدىيىۋى خىزمەتتە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش كەمچىلىكىنى تولا سادىر قىلىدۇ. ئالدىراقسان بولغاچقا كۆپ قېتىم خاتا ھۆكۈم قىلىدۇ مەسىلەن: ئۇ خاتا مەلۇماتقا ئىشىنىپلا جاۋدادانى تەنقىد قىلىدۇ: «پاھوي، جاۋدادا! سېنىڭمۇ خېلى ھۈنىرىڭ بار ئىكەنە؟ بۇ يەردە گۈل-گىيالارمۇ تەل ئىكەن، ئوبدان جاينى تاللاپسەن» جاۋدادا ئەھۋالنى چۈ-

شەندۇرگەندە بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي: «تولا كوتۇلدىما، ھەممىنى كۆردۈم» دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ خاتا كۆرۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۇقۇشماسلىق بار ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ خاتا چۈشەنچە بىلەن قارا-قويۇق تەنقىد قىلىپ نىشانسىز ئوق ئاتقانلىقى تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان: «سەن بىر پېشقەدەم يولداش! مەن سەن ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىمەن. سەن ئۈچۈن ئەنسىرەۋاتىمەن. سەنمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئويلاپ باقە! سەن بىلەمسەن مېنىڭ بۇ يۈرىكىمدە......» دېگەن سەمىمى سۆزلىرى، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ساپلىقى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ تۈك ئانەگە بەرگەن تەنقىدىنىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قوپاللىق، ئالدىراقسانلىق تەرەپلەرنى كۆرۈشكە بولىدۇ. تاماشىبىنلار ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى روشەن كۆرۈپ ئالالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قىزغىن مۇھەببەتكە تولغانلىقى ۋە كۆڭلىنىڭ كىرسىز، پاك ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمەيدۇ. دېمەك ئۇنىڭ خاراكتېر ئاجىزلىقلىرى ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەن. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئوبرازىنى قان ۋە گۆش بىلەن تولۇقلاپ جان كىرگۈزگەن.

پەيجاڭ چىڭ شى بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئوبرازدۇر. ئۇنى ھازىرقى زامان دىرامىچىلىقىدىكى قۇدرەتلىك ھاياتى كۈچكە ئىگە بەدىئىي تىپ دېيىشكە بولىدۇ. چىڭ شى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردىن كەلگەن كونا جەڭچى.

بولۇپ، ئۇرۇش ئوتلىرىنىڭ چېنىقتۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈر-
گەن، ئۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن قەھرىمان. لېكىن ئۇ
بۇرژۇئازىيىنىڭ «پۇراقلىق شامىلى» ئالدىدا قايمۇقۇپ، شېكەر
يالىتىلغان زەھەرلىك ئوقنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ.
ئاپتور ئۇنىڭ كونا يىپ پايپىقىنى تاشلىۋەتكەنلىكى، ئايالى
چۈن نىنىڭ يىڭنىسىدىكى يىپنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت
سىمۋول خاراكتېرلىك دېتاللار ئارقىلىق ئۇنىڭ جاپاغا چىداش،
ئاددىي-ساددا بولۇشتەك ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ
ساپ مۇھەببىتىدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.
ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئوپېراتسىيە
قىلىپ، ئۇنىڭ جاۋدادا ۋە تۇڭ ئانەن قاتارلىق پېرسوناژلار
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ «پۇراقلىق
شامال»غا ماسلىشىشىنى، ئۇنى قوغلۇشۇشقىچە، ئىنقىلابىي
ئەنئەنىلەرنى تاشلىۋېتىشتىن ئىدىيىۋىي جەھەتتە چىرىك-
لىشىشكىچە بولغان ئۆزگىرىش جەريانىنى تەسۋىرلەيدۇ.
شۇنىڭدەك ئەڭ ئاخىرىدا خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك
تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زور زىياننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
چېڭ شى ئوبرازى مۇرەككەپلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بار ئوبراز
ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاپتورلارنىڭ ئۇنىڭ ئاينىپ ئۆزگىرىش
جەريانى ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئۇنىڭ ئاينىپ كېتىشىدىكى
تاشقى ۋە ئىچكى سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ (ھېس قىلدۇرۇپ)
بېرەلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئىچكى ياقتىن ئېيتقاندا، ئۇ
ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈپلا تەكەببۇرلۇشۇپ كېتىدۇ. ئۆزىنى
تۆھپە قوشقانمەن، دەپ چاغلاپ راھەت-پاراغەت قوغلىشىدى-

غان، جاپا - مۇشەققەتتىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. سۆلەتۋاز-
لىق قىلىپ ئۆزىنىڭ كونا سەپداشلىرىدىن بولغان قارىمۇتاق
جاۋدادادەك جەڭچىلەرنى ياراتمايدۇ، ۋاپادار ئايالى چۈننىنى
«سەرالىق»، «ئۆلچەمگە توشمايدۇ» دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن
يۈز ئۆرۈيدۇ، مانا بۇلار — سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى
سەۋەبلەر. ئەندى تاشقى سەۋەبلەرنى ئېيتىدىغان بولساق،
ئايال ئىشپيون چۈمەنلى قاتارلىق سىنىپي دۈشمەنلەر ئۇنىڭ
ئىدىيىۋي ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، كۆپتۈرۈپ
ماختاش، كۈرەش ھېكايىلىرىنى سۆزلىتىش، ئادرىس يازغۇزۇش،
ئىمزا قويۇش، تانسا ئويناش دېگەندەك ۋاستىلەر بىلەن ئۇنى
قايمۇقتۇرۇپ تۈيۈق يولغا باشلايدۇ. مانا بۇلار سىنىپي دۈش-
مەنلەرنىڭ چىرىتىشى، ئۆزلىرىگە تارتىشى بولۇپ، ئازادلىق-
نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سىنىپي كۈرەشنىڭ بىر خىل
ئىنكاسى ئىدى، درامىدا مۇشۇنداق جىددى مەسىلەر ئوت-
تۇرىغا قويۇلۇپ چېك شى ۋەكىللىكىدىكى خاتا ئىدىيىۋى خاھىشنى
پىپەن قىلىنغان ۋە بۇ خىل يولداشلارغا ئەمەلىي تەربىيە
بېرىلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چېك شىدىن ئىبارەت
بۇ بەدىئىي تىپنى بىر پارچە ئەينەك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ
ئەينەك خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي باسقۇچتا ئۆزىنىڭ تەر-
بىيىۋى رولىنى يوقاتمايدۇ.

جاۋدادا تەمبەل كەلگەن، قارىمۇتاق، سىرتقى شەكلى
قوپال كۆرۈنىدىغان بىر جەڭچى. ئۇنىڭ ئوبرازى بەدىئىي
مۇۋەپپەقىيەتتى جەھەتتىن لودا چېك ۋە باشقىلارنىڭ ئوبرازى-
دىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. جاۋدادا ئىنقىلابقا چەكسىز سادىق،

سادداا ۋە گۈدەكرەك. بۇ ئوبراز ئۆزىنىڭ ساددىلىقى، دۆشـ
مەنگە بولغان نەپرىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بەزى مەسىلىلەرنىڭ
تېگىگە دەماللا يېتىپ كېتەلمەسلىكى تەرەپلىرىدىن ئېيەنجاڭ
لوداۋچىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇ ئۇرۇش يىللىرىدا جەڭ
مەيدانىدا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.
لېكىن نەنجىن كوچىسىدىن ئىبارەت رەڭگا ـ رەڭ چىراقلارنىڭ
دۇنياسىغا كىرىپ قالغىنىدا بولسا، ئۇ بۇ يەردىن بىزار بولىدۇ.
بۇ خىل ۋەزىيەتكە دەرھال كۆنەلمەيدۇ. ھەتتا يۆتكىلىپ كەتمەكـ
چىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇ ئالاھىدە جەڭنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى
چۈشەنگىنىدە بولسا، ئۆزىنىڭ قاراۋۇللۇق ئورنىغا مىقتەك
قادىلىدۇ.

ئاشپەزلەر بەنىنىڭ پىشقەدەم بەنجاڭى خۇڭمەنتاڭ
سەممىي، ئۇمتۇۋار، خۇش چاخچاق، ئوچۇق ـ يورۇق ئادەم.
ئۇنىڭ ئورنى يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قىسمىنىڭ
ئىشى مېنىڭ ئىشىم، دەيدىغان خوجايىنلىق پوزىتسىيە بار.
خۇڭمەنتاڭ ئوبرازى كۆپ تەرەپلەپ ئىنچىكە تەسۋىرلەنمىگەن
بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئوبراز درامىدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن
بولۇپ، كىشىدە تەسىر قالدۇرالايدۇ.

ئاپتورنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ سىياسىي كادىرلىرىغا باغلىـ
غان ئۈمىد ۋە غايىسى لوخۇا ئوبرازىدا ئەكس ئېتىلگەن.
لوخۇا سىياسىي سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىقتىدارلىق، تەجرىبىگە
باي بىر كومىسسار. شۇڭا ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇراقلىق شامـ
لىدىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىشنى دەرھاللا كۆرۈپ ئالالايدۇ
ۋە بۇنداق شامالنى چېكىندۈرۈشتىن ئىبارەت ئالاھىدە جەڭـ

نىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ ئالالايدۇ. ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىدا لىيەنجاڭ لۇداچېڭ: «تۇڭ ئانەننى ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىش» نى، پېشقەدەم بەنجاڭ خۇڭ مەنتاڭ: «ئالدى بىلەن چىڭ شىنى چاقىرتىۋېلىپ، تاناۋىنى تارتىش»نى تەشەببۇس قىلغاندا، لۇخۇا: «مەن ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىشكىمۇ، تاناۋىنى تارتىشقىمۇ قوشۇلمايمەن»، «ئىدىيىۋى جەڭنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك» دېگەن پىكىردە بولىدۇ ۋە دۈشمەنگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا سىنىپىي تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ۋە كۆرەش سەنئىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئاپتور بۇ دراممىدا بىر قاتار تىپىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق لۇخۇانىڭ سالماق ۋە تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتە قابىللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن: تۇڭ ئانەن قېچىپ كەتكەندە لۇخۇا ئۇنى تا ئۆيىگىچە ئىزدەپ بارىدۇ. ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پۇلىنى تۇڭ ئانەننىڭ نامىدىن تۇڭ ئانىغا (تۇڭ ئانەننىڭ ئاپىسىغا) بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى قايرىپ قويۇپ، ئاشىياڭ قىزىنى قۇتقۇلدۇرىدۇ. پېشقەدەم ئىشچى جۇدېگۈينى جەڭچىلەرگە سىنىپىي تەربىيە دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان يېگەن تۇڭ ئانەن قىسمىغا قايتىپ كېلىپ، يولداشلىرىنىڭ يۈزىگە توغرا قارىيالماي ئاشخانىغا كىرىۋالغىنىدا، لۇخۇا ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى پسىخىك ھالىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن ئاچماقچى بولۇۋاتقان تۇڭ ئانەننى قار-

شى ئېلىش يىغىنىنىڭ نامىنى تۇڭ ئانەن ۋە جۇ ئۇستامىنى قارشى ئېلىش يىغىنىغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئانەن تۈزۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى كومسومول ئۇيۇشمىسى قوبۇل قىلىش چىغىدا تۇڭ ئانەن ئۆزى يېزىپ، ئۆزى يىرتىۋەتكەن ئۈچ پارچە ئىلتىماسنى چىقىرىپ، تەستىقلاشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ (ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئىنچىكىلىكى ۋە ئەستايىدىللىقىدىن تۇڭ ئانەننىڭ ئۆزىمۇ ۋە كىتابخانلارمۇ قاتتىق ھەيران بولۇشىدۇ). لۇخۇا چىڭ شىنىڭ ئەدىبىيسىدە جىددى كۈرەش بولۇۋاتقان چاغدا (دەل ۋاقتىدا) جۇننىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، لۇخۇا — ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خادىملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازى. لېكىن بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىدا بەزى بىر يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن ۋە جانسىز. مودا بولۇپ قالغان سىياسىي ئىبارىلەر ئۇنىڭ تىلىغا كۆپ ئارىلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. يۇقىرىقى نۇقسانلار تۈپەيلىدىن، بۇ ئوبراز ئومۇملاشتۇرۇش قىلىپىدىن خالى بولالمىغان. لېكىن ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتىكى توغرا كېلىدۇكى: سىياسىي خادىملارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش كۆپ يىللاردىن بېرىقى قىيىن مەسىلە بولۇپ، بۇ جەھەتتە تەجرىبىلەر كەم ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاپتورنىڭ لۇخۇا ئوبرازى ئۈستىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى ۋە بۇ جەھەتتە يارانقان تەجرىبىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە.

3. ئەسەر ئالاھىدە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

بۇ درامىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئوبرازلارنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ بەرگەنلىكى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئاپتورنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق درامىنى ئالاھىدە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېڭىلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

بۇ درامىنىڭ ماتېرىيالى نەنجىن كوچىسىدىكى ياخشى 8 - لىيەننىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىدىن، راس ئادەم، راس ۋەقەلەردىن ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىنى بىر باشتىن بايان قىلىپلا قويمىغان، يەنى ئەسەرنى ياخشى كىشى، ياخشى ئىشلارنىڭ ھېساباتى خاتىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان. شۇڭا ياخشى ئىش، ياخشى كىشىلەرنى مەدھىيىلەشنى ئەمەس، بەلكى يېڭى باسقۇچتىكى ئالاھىدە كۈرەشنى يېزىش ئارقىلىق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ چىرىتىشكە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، ئۆز ئەسىرىدە يورۇتۇپ بېرىدىغان تۈپ مەزمۇن قىلىپ بېكىتكەن. ئاپتور بۇ خىل مەزمۇننى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كونا يېزىش ئۇسۇلى

بىلەن ئۆزىنى چۈشەپ قويمىغان، يەنى گازارما، مەش مەيدا-
نى دىگەندەك كونىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى بۆسۈپ تاشلاپ،
ھەربىي كىيىمدىكى جەڭچىلەرنى خىلمۇ - خىل كىيىمدىكى ئادەم-
لەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ھەربىي تۇرمۇشنى كەڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇش بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە نەنجىن كوچىسىنى تىپىك
ۋاقىت ۋە تىپىك مۇھىت قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق
پېرسوناژلىرىنى ئەنە شۇ تىپىك مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تەس-
ۋىرلىگەن. شۇڭا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ھەربىي خەرىتىلەر
بىلەن تولغان مەجلىسخانا، ئۇرۇش مەيدانى ۋە ئاتاكىلار
ئەمەس، ئەكسىچە تىنچ تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدىكى سىنىپىي
كۈرەش. بىز بۇنداق پەۋقۇلئاددە كۈرەش جەريانىدا پارتىيە-
مىزنىڭ ئېنىسل ئەنئەنىلىرىنىڭ يەنە غەلىبە قىلغانلىقىنى، ئار-
مىيەمىزنىڭ بۇ كۈرەشتىمۇ زەپەر قۇچقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەسەرنىڭ ئىخچام بولغانلىقى، تەسۋىرلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنى-
لىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھى-
دىلىكى بولۇپ سانىلىدۇ. ئاپتور تەسۋىرنىڭ ئىنچىكىلىكىنى،
مۇپەسسەللىكىنى قوغلاشمىغان، بەلكى ئىخچاملىقىنى ساقلاپ،
مەنانىڭ چوڭقۇرلۇقى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا
زېمىن ھازىرلىغان. بۇ درامىنىڭ پېرسوناژلىرى شۇنچە كۆپ،
تۇرمۇش مەيدانى شۇنچە كەڭ، زىددىيەتلىرى ئۆتكۈر، سۇژىتى
مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن نىمە ئۈچۈن تاماشىبىنلار بۇ ئو-
يۇننى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن زېرىكىش ھىس قىلمايدۇ؟ بۇنىڭ ئەڭ
مۇھىم سەۋەبى ئاپتور تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس

ئەتتۇرىمەن، دەپ چەكلىنىپ قالمىغان، ئىخچاملاشقا، تىپكالەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قىسقارتىدىغىنىنى قىسقارتىپ، گەۋدىلەندۈرۈشكە تېگىشلىكىنى قورقماي گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن: درامىدا مۇنداق بىر تەپسىلات بار، چىڭ شى بازاردىن گۈللۈك پايپاق سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كونا يىپ پايپىقىنى ئېلىپ تۇرۇپ مەسخىرە قىلغان هالدا: «ھەي! خوش ئەمسە» دەپلا ئۇنى دېرىزىدىن تالاغا تاشلىۋېتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خۇڭ مەنتاڭ ئۇنى تېرىۋېلىپ يەنە دېرىزىدىن ياندۇرۇپ ئۆيگە تاشلايدۇ. چىڭ شى بۇنىڭدىن ھېچبىر ئەجەبلەنمەي «نىمە، كەتكىلىرى كەلمەيۋاتامدۇ؟ بوپتۇ. بۇنداق بولسا بىر چەتتە تۇرسىلا» دەپ ئۇنى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە چىڭ شىنىڭ «پۇراقلىق شامال» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەقەتلا ئۇنىڭ پايپاقنى قايتا-قايتا تاشلىغانلىقىنىلا گەۋدىلەندۈرگەن. باشقا تەپسىلاتلىرىنى بولسا يەنى پايپاقنى دېرىزىدىن تاشلىيالىدىمۇ؟ بۇ پايپاق يەنە قانداق قىلىپ قايتا ئۆچۈپ كىردى؟ دېگەندەكلەرنى پۈتۈنلەي قىسقارتىۋەتكەن. ئۇندىن باشقا، ئەسەردە چىڭ شىنىڭ ئۈچ نۆۋەت قول كۆتۈرۈپ سالام بەرگەنلىكى يېزىلغان. بىرىنچى قېتىمدا چۈي مەنلى (ئايال ئىشپىيون) ئۇنىڭ ئالدىدا نايناقشىغان هالدا بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ياڭزا چىقىرىپ «خەير!» دەپ خۇشلىشىدۇ، چىڭ شىمۇ «ئىختىيارسىز هالدا» ئۇنىڭ كەينىدىن قولىنى كۆتۈرۈپ جاۋابەن خۇشلىشىدۇ. دې-

مەك چىڭ شى بۇ چاغلاردا «پۇراقلىق شامال» تەپتىدىن مەس بولۇپ يۈرگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىمدا، يەنى ئۇ چۈن نىنى ياراتماي قويغان چېغىدا، ئۇنى تالاغا چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۆيگە سولاپ قويىدۇ-دە، ھىلىقىدەك قول كۆتۈرۈپ سالام بېرىپ: «كېيىن كۆرۈشەيلى!» دەيدۇ. ئۈچىنچى قېتىمى چىڭ شى ئۆز خاتالىقىنى تونۇغان چاغ بولۇپ، چۈي مەنىلىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، يەنى ئىشپىيونلارنى بىخوتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئەتەي سالاملىشىدۇ. بىراق بۇ قېتىمقىسىنىڭ خاراكتېرى ئالدىنقى ئىككى قېتىمقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. دىمەك بۇنداق ھەرىكەت تەسۋىرىدىن كىتابخانلار ئاپتورنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ ئالالايدۇ. مەنا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يېشىلىدۇ. ئاخىرىدا بىز دىرامىنىڭ قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى. ۋەقەلىكنىڭ جانلىق تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بۇ ئەسەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى، قويۇق كومېدىيىلىكى كۈچلۈك، ئەسەر باشلىنىپلا، تاماشىبىنلارنى (كىتاپخانلارنى) قاتتىق جەلپ قىلىۋالالايدۇ. ئۇلار ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا، پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىغا قىزىقىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى بار تەپسىلاتلار كىشىنى ئاجايىپ لەززەتلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: لىيەندۈينىڭ ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىغا قاتناشقۇچىلار جەمئىي ئۈچلا كىشى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ قىسقا ۋە ئاددىي، لېكىن خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئېنىق ۋە روشەن. خۇڭ مەنتاڭنىڭ قىزىقچىلىقى، لۇداچىڭنىڭ قوپاللىقى لۇخۇۋانىڭ سالماقلىقى تولۇق كۆرسىتىلگەن. بۇ يىغىن ناھايىتى جانلىق يېزىلغان

بولۇپ، ئۇخشاش تېمىدىكى ئەسەرلەردە بۇنداق يېغىن تەسۋىرلىرىنى ئۇچرىتىش تەس. ئۇنىڭدىن باشقا لۇداچىڭنىڭ دىردىزۇرلۇق قىلغانلىقى ناھايىتى تۇرمۇشلۇق تەسۋىرلەنگەن بولغاچقا، ئەسەرنىڭ كومېدىيىلىك تۈسىنى قويۇقلاشتۇرغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ درامىنىڭ رىتىمى ھەم جىددىي ھەم يېنىك بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بىرلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، درامىدىكى ھەم كومېدىيىلىك ھەم تراگېدىيەلىك ئامىللار ئۆز-ئارا ماسلىشىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ دراما جانلىق، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق بولالىغان.

## مۇھاكىمە ۋە تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئېلىمىز دراما ئىجادىيىتىنىڭ 17 يىلدىكى ئىككى قېتىملىق ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئايرىم-ئايرىم سۆزلەڭلار ۋە شۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى، ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2. دراماتۇرگىيىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ۋە يېڭى باسقۇچتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار.

3. دراماتۇرگىيىنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى درامىلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەر؟ ئازادلىقتىن كېيىنكى «كونىنى يېڭى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»نىڭ نەتىجىلىرى قايسىلار؟

5. «ئونبەش تىزىق داچەن»نىڭ رېئال ئەھمىيىتى نېمە؟

6. يېڭى دەۋردىكى ئوپېرا ئىجادىيەت ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار ۋە «لىيۇسەنجېي» ئوپېراسىنى تەھلىل قىلىڭلار.

7. لاۋشېنىڭ دراما ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلەڭلار.

8. «چايخانا» دراممىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

9. «چىڭ سارالاڭ» ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭلار.

10. تيەن خەننىڭ دراما ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.

11. «گۇەن خەنچىڭ» دراممىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە توختىلىڭلار.

12. لاۋشې بىلەن تيەن خەننى سېلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئوخشىماسلىقلىرىنى تېپىپ بېرىڭلار.

13. «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل» دراممىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نىمە؟ بۇ درامىنىڭ قۇرۇلمىسى قانداق؟

## 5 - باب. نەسىر

### 1 - §. نەسىر ھەققىدە چۈشەنچە

نەسىر دېگەن نېمە؟

نەسىر دېگىنىمىز، ئەدەبىياتنىڭ پوئېزىيە، پروزا، دراممىلار بىلەن بىر قاتاردىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار بىر ژانىرىدۇر. ئۇنىڭ دائىرىسىگە ئەدەبىي ئاخبارات، ساياھەت خاتىرىسى، ئوچېرك، فىلىيەتون، ئەدەبىي تۈسى بار خەتچەك، ئەسلىمىلەر كىرىدۇ.

نەسىرنىڭ تۈۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار:

‹ 1 › نەسىرلەرنىڭ «شەكلى تارقاق، پىكرى يىغىنچاق» بولىدۇ. بۇ نەسىرلەردىكى ماتېرىيال بىلەن ئىدىيىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىگە قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، بۇ يەردىكى «تارقاق» سۆزى ھەرگىز چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ، بەلكى نەزەر دائىرىسى كەڭ، تاللانغان ماتېرىياللار مول، مەزمۇنلۇق بولۇش، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

‹ 2 › نەسىرلەردە ھېسسىيات بىۋاستە ئىزھار قىلىنىدۇ. ھېسسىيات ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، مەركىزىي ئىدىيە ھېسسىيات بىلەن پىكىرنىڭ بىرلىكىدە

يورۇتۇلىدۇ.

‹ 3 › نەسىر تەسەۋۋۇرغا باي بولىدۇ. ئاپتور ۋەقە ئۈچۈنلا ۋەقەنى، مەنزىرە ئۈچۈنلا مەنزىرىنى تەسۋىرلەشتىن ساقلىنىش كېرەك. كونكرېت ۋەقە ياكى مەنزىرە، ھادىسىلەرنى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە، يىراق تارىخقا ئۇلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. نەسىردە شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ يەنىمۇ كۆپلۈك تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلىدۇ.

‹ 4 › نەسىرلەرنىڭ تېمىسى خىلمۇ - خىل، ھەجمى كىچىك بولىدۇ. نەسىر پارچە - پۇرات، كىچىك ئىشلاردىن زور ئىجتىمائىي مەزمۇننى كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدىغان ئەپلىك ژانىر. ئۇ تېما تاللاش، ھەم ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشقا پىروزا ۋە سەھنە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ قولايلىق بولۇپ ئەپچىللىك، جانلىقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

‹ 5 › نەسىرلەرنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىدە، ھېچقانداق رامكىلار بىلەن چەكلەنمەسلىكىدە كۆرۈلىدۇ. گەرچە نەسىرلەردە بىر تال ياپراق، بىر دەريا ياكى تاغ قاتارلىق ئايرىم كۆرۈنۈشلەر سۆزلەنسىمۇ، ئەمما ئۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، چاققانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆتكۈر خەنجەرگە؛ ئەركىنلىكى، لەرزانلىقىغا قاراپ ئۇنى كىشىلەرگە ھاردۇق بېغىشلايدىغان ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. نەسىرنى ئوقۇغاندا، كىشى ئۆزىنى

گايىدا قايناۋاتقان قەھرىنىڭ دېڭىزنى، گۆكىرەپ كەلگەن شىددەتلىك بوراننى كۆرگەندەك، گايىدا تىنچقىنە ئېقىۋاتقان بۇلاق بېشىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ.

نەسرلەرنى مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

‹ 1 › ئېپىك نەسر: بۇنىڭدا ئومۇمەن بايان ئاساس قىلىنىدۇ. ۋۇقتلىق ھالدا ئادەم ۋە ۋەقەلەر يېزىلىدۇ.

‹ 2 › لىرىكىلىق نەسر: بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئاساس قىلىنىدۇ.

‹ 3 › نەزەرىيىۋى نەسر: بۇنىڭدا مۇھاكىمە ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ خىل نەسرلەرنى مۇھاكىمىلىق نەسر، زاۋىن (فىلىيەتۇن) ياكى پەلسەپىۋى نەسر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

## 2 - §. نەسرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

نەسر ئالاھىدە بىر ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېپىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. نەسرنىڭ تارىخىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا ئۇزۇن. ھەتتا ئۇنى يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولغان شېئىر بىلەن بىر قاتارغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان «قەدىمنامە» ئېپىمىز ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى نەسرلەر توپلىمىدۇر. چۈنكى، جيەنگو دەۋرىگە كەلگەندە، نۇرغۇن زىيالىيلار ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي

كۆرەشلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزلىرى يازغان نەسرلىرى ئارقىلىق ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەتىجىدە نەسر ئىجادىيىتى ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. «دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرى»، «دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بايانلىرى»، «زوچيۇمىڭ يىلنامىسى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلار ۋە شۈنزى، مىڭزى، جۇاڭزى، موزى، خەنفېيزى قاتارلىقلارنىڭ نەسرلىرى مۇشۇ دەۋرلەردە يېزىلغان. يۇقىرىقىلارنىڭ تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەسرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇھاكىمىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شەكلىدىن ماھىيەتكە ئۆتەلىگەن جانلىق ۋە چوڭقۇر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. قەدىمىي زامان نەسرچىلىرى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، تارىخىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە ئۇلارغا قىممەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ۋە يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى مىراس قالدۇردى.

غەربىي خەن سۇلالىسىغا كەلگەندە، سىماچيەن ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى — «تارىخنامە» بىلەن تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى دېگەن نامغا ئېرىشىپ، نەسر تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋردىكى نەسرچىلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ نەسرچىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ ماتېرىيال تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەسرلەر ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتىن خىلمۇ-خىللىققا يۈزلەندى. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىغا

كەلگەندە، خەنيۆي ۋە ليۇزۇڭيۈەنلەر قەدىمىي ئەدەبىياتقا ۋارىسلىق قىلىش ھەرىكىتىنى تەرغىپ قىلىپ، ماقالىلارنىڭ ئوبيېكتىپچانلىقىنى تەكىتلىدى. ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى ھەشەمەتلىك بولۇشنى قوغلىشىدىغان ساراي ئەدەبىياتى ئۇستىلىكە قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بەدىئىي نەسرلەر، تارىخىي ۋە پەلسەپۋي ئەسەرلەرگە ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ ئاساسەن ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان مۇستەقىل بىر ژانىرغا ئايلاندى.

بىزگە مەلۇمكى: نەسر بىلەن شېئىر ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىككى مۇھىم مەنبەسى. نەسر ئۆزىنىڭ «ئۇدۇل سۆزلەش» تەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شېئىردىن پەرقلىنىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەرەققىياتىدا شېئىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرىي پۇرىقى قويۇقلىشىپ باردى. تاڭ، سۇڭ دەۋرىنىڭ نەسرلىرىدىن بۇ خىل ھايىللىقنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. ئەشۇ دەۋردە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر نەسرلەر شېئىرىي ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ تاڭ، سۇڭ ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى. ليۇزۇڭيۈەن، خەنيۆي، ئوۋياڭشيۇ، سۇشى، ۋاڭ ئەنشى قاتارلىقلار ئەشۇ دەۋردىكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ بايراقدارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەسرلەر يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، تېخىمۇ كامالەتكە يېتىپ، نۇقۇل ھالدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر ژانىر سۈپىتىدىكى مۇستەقىللىقى تېخىمۇ كۆچەيدى:

بولۇپمۇ «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن
نەسىر ئىجادىيىتى ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگودا
تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەدەبىياتنىڭ باشقا شەكىللىرىگە ئوخ-
شاش يېڭى بىر قىياپەتتە زامانىغا يۈزلىنىپ يېڭى نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈردى. لۇشۈن ئەپەندى مۇشۇ باسقۇچتىكى نەسىر
ئىجادىيىتىنىڭ پېشىۋاسىدۇر. ئۇ فىلىيەتۇنىنى، يەنى نەزەرىيىۋى
نەسىرنى قورال قىلىپ تۇرۇپ ئىجادىيەتكە كىرىشتى. ئۇنىڭ
نەسىرلىرى (فىلىيەتونلىرى) ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك
جەھەتتىكى ئاجايىپ ئۇتۇقلىرى بىلەن نەسىر ئىجادىيىتىنى
يۇقىرى پەللىگە كۆتەردى. گومورو، ماۋدۇن، جۇزىچىڭ، لاۋشې،
باجىن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەنە شۇ باسقۇچ-
تىكى نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ قولىدىن چىققان جەڭگىۋار، تەسىرلىك، مۇنەۋۋەر
نەسىرلەر، تا بۈگۈنكىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي
كەلمەكتە.

### 3 - §. يېڭى دەۋردىكى نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو خۇددى بىر گىگانت ئادەم-
دەك دۇنيانىڭ شەرقىدە ئورنىدىن دەس تۇردى. جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا
بولىدىغان دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بەردى.
دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى نەسىر-

چىلەرگە كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلىدى.

50 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەملىكىتىمىزدە ئاجايىپ زور ۋەقەلەر يۈز بەردى. يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ھەرىكەت غەلىبە بىلەن ئاياقلاشتى. خەلق ئىگىلىكىنى ئۈچقاندەك تېز راۋاجلاندى. ئۈتكۈنچى دەۋرنىڭ باش لۇشيەنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش غەلىبىلىك ئاياقلاشتى. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر قەدىمى بۇ مەزگىلدىكى نەسىرلەردە تەپسىلى ۋە جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ۋېي ۋېينىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم؟» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ئەينى ۋاقىتتا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر پىداگىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئوپتىمىستىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم؟ دېگەن ئەھمىيەتلىك سوئالغا جاۋاب بەردى.

باجىنىنىڭ «بىز قوماندان پىڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشتۇق»، «قەھرىمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن كۈنلىرىم»، ليۇبەييۈينىڭ «چاۋشيەن ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە ئالغا باسماقتا»، «قەھرىمان شەھەر — پىڭراڭ»، خۇاشەننىڭ «چىڭچىڭۋەنجياڭ دەرياسى بويىدا»، خەنزىنىڭ «تىنچلىق مۇزىيى»، خۇاڭ گاڭنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنىڭ بېشارىتى»، «ياڭ گىنسى قۇربان

بولغان جايدا»، ياڭ سونىڭ «تورىماس ياشلىق باھارى»، «ئادەتتىكى كىشى»، لاۋشېنىڭ «نامسىز ئىگىزلىكنىڭ نامى بار بولدى» قاتارلىق نەسىرلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا تۇرۇپ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلق سۆيەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بەردى.

شۇ ۋاقىتتا كەسپىي يازغۇچى ۋە پىدائىيى قىسىمدىكى كوماندىر جەڭچىلەر يازغان شۇ تېمىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېركلاردىن ئۈچ قىسىملىق توپلام ئىشلەندى. ئۇنىڭ ئىچىدە 109 پارچە ئەسەر بار. بۇ ئۈچ قىسىم توپلامنى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىيەت مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ. ماۋدۇن، گومورو قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلار بۇ توپلامنىڭ نەسىر ئىجادىيىتىدىكى زور ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھالار بەردى. بۇ مەزگىلدە يېزىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تېمىسىدىكى نەسىرلەر ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنى، خەلقىمىزنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

ياڭ سۇ ئۆزىنىڭ «نېفىت شەھىرى» ناملىق نەسىرىدە ۋەتىنىمىزنىڭ «بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل» قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى، يۈكسەك غەيرىتىنى مەدھىيىلىدى. ليۇ بەييۈينىڭ «ئۇلارىسىكىدىن چېچەكخارغىچە» ناملىق نەسرىي ئەسىرى يېڭىدىن قەد كۆتۈرۈۋاتقان سانائەت بازىسىنىڭ تەرەققىياتىنى, ئۇنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونىڭ ئۈچقاندەك تېز ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى-

نى ئەكس ئەتتۈردى. لى روبىڭنىڭ «شىمالىي شەنشى خاتە-رىلىرى» ناملىق نەسرى بولسا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش-نىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان گېئولوگ - چارلىغۇچىلارغا بېغىش-لانغان بولۇپ، بىي يېنىڭ «شىنجاڭ تەنتەنىدە» ناملىق نە-سرى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى گەۋ-دىلەندۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ باھارىغا مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇدى.

بۇ مەزگىلدە نەسر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ - ياشناپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى، مۇھىتىنىڭ ئىجادىيەتكە قۇلايلىق بولغانلىقى، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆككەنلىكى، سوتسىيا-لىستىك قۇرۇلۇش دولقۇنى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگەنلىكى قاتارلىقلاردۇر. بۇ مەزگىلدە يەنە فېلىيەتون ئىجا-دىيىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. «كۋاڭ جوڭنىڭ قە-لىمى» (بارىن)، «بېگىمنىڭ دېگىنىدە خاتا يوق» (يې شىڭتاۋ) قاتارلىق ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ جانلىق شەكلى، روشەن ئوبرازى، ئۆتكۈر تىلى ئارقىلىق تۈرىچىلىكنى، دوگمىچىلىقنى، شەخسى-يەتچىلىكنى، كونسېرۋاتىپلىقنى قاتتىق سۆكۈپ، فېلىيەتونلار-نىڭ جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدى.

50 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەدەبىي ئاخ-باراتلارنىڭ تېمىسى ئاساسەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلاندى.

1949 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخباراتلار «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خەۋەر - ئوچېرىك-

لىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق ئىككى توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 123 پارچە ئەسەر بار. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «يۆيمىن خاتىرىلىرى» (لى جى) ئىگىزلىككە جايلاشقان نېفىت شەھىرى — يۆيمىننىڭ يېڭى قىياپىتىنى، ئۇ يەردىكى قاينام - تاشقىنلىق جۇشقۇن كەيپىياتىنى تەسۋىرلىدى. «شانلىق ئىز» (گۇگۇڭ) بولسا زىيارەت، خاتىرە شەكلى ئارقىلىق شىزاڭغا بارىدىغان تاشيولنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان جەڭ - چى - كوماندىرلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۆجىزە يارىتى - ۋاتقانلىقىغا بارىكاللا ئېيتتى.

بۇ مەزگىلدە يەنە «كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا» (ليۇبىڭيەن)، «گېزىتىمىزنىڭ ئىچكى خەۋىرى» (ليۇبىڭيەن) ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم تۇرمۇشتىكى ناچار خاھىشلارنى قامچىلايدىغان ئەدەبىي ئاخباراتلارمۇ يېزىلدى.

نەسىر ئىجادىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نەتىجە ئىنقىلابىي ئەسلىمىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. ئىنقىلابىي ئەسلىمە دېگىنىمىز ئىنقىلابىي كۈرەشتىكى سەرگۈزەشتىلەرنى يازىدىغان تارىخىي تۈسى قويۇق بولغان ئەدەبىي ماقالە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يەنئەن دەۋرىدىلا باشلانغان ۋە تەشەببۇس قىلىنغان ئىدى. 1958 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۇسى جۇڭگو خەلق ئازاد- لىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ماقالە يېزىشنى ئۇيۇشتۇردى ۋە جۇڭگو ياشلار نەشرىيا- تى بىلەن بىرلىكتە «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» مەجمۇ ئەسىنى نەشر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىۋىي خاراكتېرلىك

ئىنقىلابىي ئەسلىمە يېزىش دولقۇنى قانات يايدى. «ئۇچقۇن- دىن يانغىن چىقىدۇ» توپلىمىدىكى ئەسەرلەر بۇ ئىجادىيەت دولقۇنىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەكىللىك ئىنقىلابىي ئەسلىمەلەر بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى كۆپ ئەسەرلەردە ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، جۇدې، چېن يى، خې لۇڭ، دۇڭ بىۋۇ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ شانلىق ئوبرازى تەسۋىر- لەنگەن. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان.

«ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» توپلىمى ئىنقىلابىي ئېپوس دېيىشكە، يېڭى دەۋردىكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ بىر مۇھىم نەتىجىسى دەپ باھا بېرىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندۇق» (چىڭ چاڭپىڭ)، «فاڭ جىمىننىڭ جەڭگىۋار ھاياتى» (مياۋ- مىن). «يالقۇن ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك ھايات» (لوگۋاڭبىڭ)، «ۋاڭ روفېي تۈرمىدە» (ياڭ جىلىن) قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەس- لىمىلەرمۇ كەڭ ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە ئەدەبىياتى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ جۇشقۇن بىر تۈرى بولۇپ قالدى. خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان «بارلىقىمنى پارتىيىگە بېغىشلايمەن» (ۋۇيۈندۇ)، «ھەقىقىي جەڭچى — دۇڭ سۇنرۇيىنىڭ ھېكايىسى» (دىڭ خۇڭ)، «ليۇخۇلەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (مافېڭ)، «گاۋيۈباۋ» (گاۋيۈباۋ) قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تەزكىرە ئەدە- بىياتىنىڭ زور نەتىجىلىرىنى نامايان قىلالايدۇ.

50 - يىللاردىكى نەسرلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر تاش- لىغىنىمىزدا نەسر ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرسەكمۇ،

بىراق ئاز بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ تېخى سىلىغدالماي، چولتا ھالەتتىلا ئېلان قىلىنغانلىقىنى، گەرچە ئەسەرلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بىراق بەدىئىي جەھەتتىن سۈپەتنىڭ قانائەتلىنەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. بولۇپمۇ 1957 - يىلدىكى ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى، 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى چوڭ سۆزلەش شامىلىنىڭ تەسىرى بىلەن نەسىر ئىجادىيىتىگە سوغۇق سۇ سېپىلدى. تېما دائىرىسى تارىيىپ كەتتى، مەزمۇن تېيىزلاپ قالدى، شەكىل ۋە تۈرلەر كەمىيىپ كەتتى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەسىرلەرنى ئۇچرىتىش تەس بولۇپ قالدى.

نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم گۈللىنىشى 1961 - يىلدىن باشلاندى. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشى، بولۇپمۇ جۇئېنلەي، چېن يىلارنىڭ بىۋاسىتە يولىيورۇق بېرىپ خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈشى بىلەن نەسىر ئىجادىيىتىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا ژانىر ۋە تۈرلىرىگە ئوخشاشلا باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى.

بۇ مەزگىلدە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر لىرىكىلىق نەسىرلەر گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، ياڭ سۇونىڭ «بۇژغۇن چېچەكلىرى»، «چاي گۈلى نەزمىسى»، چىڭ مۇنىڭ «قەدىمىي جەڭگاھتا باھار»، «گۈلزار شەھەر»، ليۇبەييۈينىڭ «چاڭجياڭدا ئۈچ كۈن»، باجىننىڭ «ليەنساڭدىن ئېلىپ كەلگەن سۈرەت»، بىڭ شىننىڭ «نۇرۇز گۈلىگە مەدھىيە»، يۈەن يىڭنىڭ «چۆلدە ئاقتى سۇلار شاقىراپ»، فاڭ جىنىڭ «ھەش - پەش دېگۈچە»،

لى جيەنـﯴﯴنىڭ «يامغۇردا تەيشەن تېغىغا چىقىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەسىر ئىجادىيىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتەردى.
بۇ مەزگىلدە نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىرىك نەسرلەرگە مەركەزلىشىشى ھەرگىز تەسادىپى ئەمەس. ئۈچ يىل ئۇدا داۋاملاشقان تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا نۇرغۇن يازغۇچىلار ئىرىك نەسىر ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇشنى، ئىسىل ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىشنى مەقسەت قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان نەسىرلىرى ئارقىلىق خەلققە ئىلھام بەردى. نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.
بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىسىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. جۇڭگو ياشلىرى ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرلىرى بىرلىكتە يازغان «61 نەپەر سىنىپىي قېرىنداش ئۈچۈن» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى. بۇ ئەسەر سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، 61 نەپەر سىنىپىي قېرىنداشنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى سەپلەردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ۋەقەلىكى دولقۇنسىمان، بۆلەكلىرى تەبىئىي ۋە ئەپلىك باغلانغان بولۇپ، كىشىنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى. موچىڭ قاتارلىقلار يازغان «شىيەنۋېي شۇجىلىرىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى — جياۋيۈيلۇ» ناملىق ئەدەبىي

ئاخبارات ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن مەملىكەتنى زىل - زىلىگە كەل - تۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇ ئەسەر خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولالىغان ياخشى كادىر جياۋيۈيلۇنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

زاۋىن (فىلىيەتون) ئىجادىيىتىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ دەۋردىكى فىلىيەتونلار لۇشۈن فىلىيەتونلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ قەدىم - كىنى سۆزلەش ئارقىلىق بۈگۈنكى رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئىدىيىنى جان - لاندۇردى. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ مەزگىلدىكى دېڭ - تونىڭ «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»، ۋۇنەنشىڭنىڭ «ئۈچ ئائىلىلىك كەنت خاتىرىسى»، شيايەن، ۋۇخەن، لياۋموشا، مىڭ چاۋ، تاڭ تاۋلارنىڭ «ئۇزۇن - قىسقىلار» قاتارلىق توپ - لاملىرى ئەڭ مۇنەۋۋەر فىلىيەتون توپلاملىرىدۇر.

17 يىللىق نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلىغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

‹ 1 › يازغۇچىلار قوشۇنى كېڭەيدى. نەسرچىلەر، پېش - قەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەشكىللىنىپ، تەركىبىدە كەسپىي يازغۇچىلارمۇ، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار يازغۇچىلارمۇ بار بولغان زور قوشۇن بولۇپ شەكىللەندى. كەسپىي نەسر -

چىلەردىن باشقا يازغۇچىلار، شائىرلار، دراماتورگىلار، مۇھەررىرلەر، تارىخشۇناسلار، ئىلغار پىكىرلىك ئىنقىلابىي كادىرلار، ھەر ساھەدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نەسىر ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

﴿ 2 ﴾ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى.
بۇ ئەسەرلەر ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك تەسىر قوزغاش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا بۈگۈنكىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغان.

﴿ 3 ﴾ بىر تۈركۈم نەسرچىلەرنىڭ قەلىمى پىشىپ مۇقىملاشقان بەدىئىي ئۇسلۇبلارنى شەكىللەندۈرۈپ، نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى خىلمۇ-خىللىققا يۈزلەندۈردى.

دەرۋەقە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئون يىلدا نەسىر ئىجادىيىتىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ قالدى. ئاساسەن تاشلىنىپ قالدى. لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. قولايلىق شارائىتتا ئۇ يەنىلا كۆكلەۋېرىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، «يېڭى تارىخىي دەۋر» باشلانغاندىن كېيىن نەسرمۇ باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش يېڭى قىياپەت بىلەن دەۋرگە يۈزلەندى.

بۇ يېڭى باسقۇچتا بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر ئىجات قىلىندى. نۇرغۇنلىغان ھېسسىياتى چىن، مەزمۇنى يېڭى بولغان ئەسلىمە خاراكتېرلىك نەسرلەرنىڭ يېزىلغانلىقى مانا بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى سېغىنىپ يېزىلغان بولسا، بەزىلىرى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن پېشقەدەم كادىرلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئالىملار،

سەنئەتكارلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەسلەپ
يېزىلغان ئىدى. مەسىلەن: «بىز شاۋشەننىڭ دۇجۇەن گۈلىنى
سۆيىمىز» (ماۋئېن چىڭ، شاۋخۇا)، «قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك
ياشاۋاتقان جۇزۇگىلى» (بىڭ شىن)، «بۈيۈك تەيخاڭشەن
تىبغىي» (ليۇبەيپۇي)، «ئاخىر ئېۋەتىلگەن بىر پەرچە خەت»
(تاۋسىلياڭ)، «يۇلتۇز» (خۇاڭ زۇڭيىڭ)، «مەڭگۈلۈك ئەس-
لىمە» (خەنزى) قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردۇر. بۇ-
لارنى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۈستىدىن قىلىنغان
غەزەپلىك شىكايەت دېيىشكىمۇ، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاب-
چىلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە ئوقۇلغان مەدھىيە دېيىش-
كىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئەشۇ كۆلپەتلىك يىللارنىڭ ئەسلىمىسى
ۋە پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن
پورەكلەپ ئېچىلغان ئىجادىيەت گۈللىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

يېڭى باسقۇچتىكى نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكى
ئەسلىمە خاراكتېرلىك نەسىرلەردىن باشقا لىرىك نەسىر،
فىليەتون، كىچىك ھەجىملىك ئوبزور، ئەدەبىي ئاخباراتلار-
نىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادى-
يىتىدە پۈتكۈل ئەدەبىيات سەھنىسىنى زىل - زىلىگە سالىدىغان
نادىر ئەسەرلەر يېزىلدى. پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۆت-
كەلگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى مەدھىيىلەيدىغان: «گولدىباخ
قىياسى» (شۈي چى)، «تۇرنىلار سۆيگۈسى» (خۇاڭ زۇڭيىڭ):
ۋەتەن ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرگەن پەھلىۋانلارنى كۈي-
لەيدىغان: «ئاسىيا چوڭ قورۇقلۇقىنىڭ كۆتىرىلىشى» (خۇاڭ-
گاڭ)، «غەزەپ بىلەن سۇغۇرىمەن زۇلپۇقارىمنى قىنىدىن»

(لى يـۈي)، «كـاپىتان» (كـې يەن): ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قـويـۇپ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان: «ئادەم بىلەن ئالۋاستىلار ئارىسىدا» (ليۇ بىڭيەن) قاتارلىق ئەسەرلەر كـەڭ كىتابخانـلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇيـچى ئۆزىنىڭ «گۈلدىباخ قىياسى» دا يېڭى جۇڭگو تەرىبـ - يىلەپ ئۆستۈرگەن ياش ماتېماتىك چېڭ جىڭرۈننىڭ قانداق قىلىپ ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا چىققانلىقىنى ناھايىتى تەسىر - لىك قىلىپ تەسۋىرلەپ ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى مەد - ھىيىلىدى. خـۇاڭ گاڭ ئـۆزىنىڭ «ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆتىرىلىشى» دە ئىلمىي تەھلىل ئۇسۇلىنى شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇپ، ئالىملىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن جان كـۆيـدۈرۈپ ئىجاد قىلغان، تەر تۆككەن تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

شـۇنىڭ بىلەن بىرگـە خىلـى بىر مـەزگىل سولۇشۇپ قالغان فىلىيەتون، ئىلمىي فانتازىيە، ئىلمىي ئوبزور، ئەدەبىيات - سەنئەت تەسىراتى، شېئىرىي نەسرلەرنىڭ ئىجادىيىتىمۇ قايتـ - دىن جانلاندى. لىرىك نەسرلەردە مۇشـۇ بىرقـانچە يىلنىڭ ئىچىدە قۇرۇلمىسى ئەپچىل، شېئىرىي پۇرىقى تېخىمۇ قـويۇق بولغان ئېسىل ئەسەرلەر يېزىلدى. مەسىلەن: «مىيلىڭ چوق - قىسىدىكـى شېئىرىي تۇيغۇ» (خـەنزى)، «لىن جياڭ راۋىقى» (خې ۋېي)، «ئاسما، قەيەردە سىز؟» (خۇاڭ مېي) قاتارلىقلار. يۇقىرىقىدەك نادىر ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى يېڭى باس - قۇچتىكى بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومومىي يىغىندىن كېيىنكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ گـۈللىنىش مەنزىرىسىنى ياراتتى. بۇنى

يېڭى دەۋردىكى نەسرنىڭ 3 - قېتىملىق گۈللىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، يېڭى دەۋردىكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولى تۈپ - تۈز، ئوڭۇشلۇق بولمىدى. 1957 - يىلى ۋە 1958 - يىللىرى ئەۋج ئالغان «سولچىل» خاھىش بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپتى، ئۇ مەزگىللەردە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرگە بەتنام چاپلاندى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرسىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىلغان ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا دىڭ تو، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنىڭ قىلىپ تونلىرى زەھەرلىك چۆپ، دەپ قارىلىپ ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. دىڭ تو ۋە ۋۇخەنلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. نەسر گۈلزارى دەپسەندە قىلىندى. ئۇ مەزگىللەردە ئاز ساندىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خەۋەرلىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، زىيارەت خاتىرىسى دېگەنلەردىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئىبسىل ئەنئەنىلىرى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغاچقا، ھەممە ئەسەرلەردىن «ئۆچنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «تۇرمۇشتىن يۇقىرى بولۇش» تەلەپ قىلىنغاچقا، ئەينى دەۋردە ئېلان قىلىنغان نەسرلەرمۇ ئاساسەن يالغان سۆزلەيدىغان، قۇرۇق گەپ قىلىدىغان، ھېسسىياتى سۇنئىي بولغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

بىز يۇقىرىدا يېڭى دەۋردىكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەگرى - توقاي بولغان تەرەققىيات

يولىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بىراق نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ھەرگىزمۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. ئازادلىقتىن بۇيانقى نەسىر ئىجادىيىتىدە ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى. ئۆز ۋاقتىدا يۇ دافۇ: «ھازىرقى زامان نەسرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەربىر يازغۇچىنىڭ ھەربىر پارچە نەسرىدە ئىپادىلەنگەن خاسلىق ئىلگىرىكى نەسرلەرنىڭ ھەرقانداقىدىكىدىنمۇ روشەن»① دېگەن ئىدى. باجىننىڭ «مېنىڭ ھەرقانداق بىر نەسرىمنىڭ ئىچىدە ئۆزەم بار.» دېگەن سۆزىمۇ يۇ دافۇنىڭ بەرگەن باھاسىغا ئوخشاش. «4 - ماي» دىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر نەسرلەر يۇقىرىقى پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق يېقىنقى دەۋردىكى نۇرغۇن نەسرلەردە «ئورتاقلىق» نىڭ خاسلىقنى كۆمۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەرنىڭ راست گەپلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ كەتكەنلىكىنى، داۋلى كۆپ، ھېسسىيات كەم ئىكەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس. بۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بىر تەرەپتىن «تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ»، «فېليەتون يېزىش خەتەرلىك» دېگەندەك سەپسەتىلەرنىڭ تارقالغانلىقى، ئوڭدىن ياكى سولدىن سوققان تەتۈر شامالنىڭ كاساپىتى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ بولماسلىقى، تۈر ۋە شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ-خىل بولالماسلىقىدىندۇر. بۇ سەۋەبلەر يازغۇچىلارنىڭ پۈت-قوللىرىنى چۈشەپ قويدى.

① «‹جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات سىستېمىسى. نەسرلەر 2-توپلىمى›غا كىرىش سۆزىدىن

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نەسرلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئوينايدىغان ئاكتىپ رولىغا تەسىر يەتكۈزدى. ساياھەت خاتىرىسى، شېئىرىي نەسر، تەسىرات، فىلىيەتونلارنىڭ سانى ئاز بولۇپلا قالماي مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرمۇ كەمدىن كەم بولدى. ئىجادىيەت تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاتلام ھەممە بۇلۇڭلىرىنى ئەكس ئەتتۇرەلمىدى. نەسرلەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات يېتەرسىز بولدى، ئۇسلۇبلارغا ئىلھام بېرىش كەم بولدى. ياش نەسرچىلەرنىڭ ئۆسۈشىگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىلمىدى. قەدىمىي نەسرلىرىمىزدىن، ھازىرقى زامان نەسرلىرىمىزدىن ۋە چەت ئەلنىڭ نەسرلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش چىڭ تۇتۇلمىدى. نەسر تەتقىقاتى ۋە نەسر تەنقىدىمۇ نەسر ئىجادىيىتىگە ماسلىشالمىدى. ساقلانغان ۋە ساقلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىلەر نەسر ئىجادىيىتىگە توسالغۇ بولدى ۋە بولماقتا. بۇ تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش كېرەك. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا نەسرلەرنىڭ رولىنى ھەققىي تۈردە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئىجادىيەتنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

## 4 - §. ياڭ شۇنىڭ ھاياتى ۋە نەسر ئىجادىيىتى

1 . ياڭ شۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىيەت يولى

ياڭ شۇ (1913 — 1968) ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر نەسر تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە مەشھۇر نەسرچى. ئۇ شېئىر بىلەن نەسرنى بىرلەشتۈرۈپ نەسرنىڭ ئېستېتىك قىممە-

تىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەسىر ئىجادى-
يىتىگە قوشقان تۆھپىسى چوڭ، كۆرسەتكەن تەسىرى كۈچلۈك.
ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ياڭ يۇجىن، يۇرتى شەندۇڭنىڭ
فىڭلەي ناھىيىسى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كې-
يىن، تاغىسىغا ئەگىشىپ ياقا يۇرتلاردا تىرىكچىلىك قىلغان.
خاربىنغا كېلىپ، بىر ئىنگلىز سودىگىرىنىڭ بانكىسىدا ئىش-
لىگەن ۋە شۇ چاغدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلىنى ھەم جۇڭگو
كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە قەدىمىي شەكىلدىكى شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان. بۇ
خىل يېزىقچىلىق مەشىقى ئۇنىڭ كېيىنكى نەسىر ئىجادىيىتىگە
ئوبدان ئاساس ھازىرلىغان. «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن
كېيىن ئۇ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا تى-
رىكچىلىك قىلىشنى خالىماي خاربىندىن شاڭخەيگە كەلگەن
ۋە «شىمال تۈرنىسى» نەشرىياتىنى قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىش-
قان، ياپونغا قارشى كىتابلارنى نەشر قىلغان. ياپونغا قارشى
ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ۋۇخەنگە كەلگەن، ئان-
دىن يەنئەنگە بارغان، ئارقىسىدىن غەربىي شىمالدىكى ھەر-
قايسى جايلارنى چۆگىلەپ چىققاندىن كېيىن، گۇاڭجۇغا كې-
لىپ توختىغان. ئۇنىڭ شىمالىي شەنشىدىن ئىبارەت ئىنقىلاب-
نىڭ تايانچ بازىسىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ
ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇنجى پوۋېستى — «پامىر ئېگىزلىكىنىڭ
تومۇرى» مانا مۇشۇ مەزگىلدە گۇاڭجۇدا يېزىپ تاماملانغان.
بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە بىر قىسىم نەسىرلەرنى يازغان بولۇپ،

بۇلار 1941 - يىلى «يالقۇن نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «تۇڭگۇەنىنىڭ كىچىسى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ياڭ سۇ 1939 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى تەشكىللىگەن يازغۇچىلار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي جۇڭگودىكى تايانچ بازىلارنى زىيارەت قىلغىلى بارغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي جۇڭگودا قېلىپ، 8 - ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە شەنشى، خېبېي قاتارلىق جايلاردا جەڭلەرگە قاتناشقان. تايانچ بازىلاردىكى ئارمىيە، خەلقنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشى ئۇنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن بولغاچقا ئۇ ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1942 - يىلى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن يەنئەنگە قايتىپ كەلگەن.

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۇ كان رايونىغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىپ، ئىشچىلارنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «قىزىل تاشلىق تاغ» ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ چىققان. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە ياڭ سۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئالاھىدە مۇخبىرى بولۇپ، ئارمىيە ئىچىدە ئىشلىگەن ۋە دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنىمۇ ئىشلىگەن. مەشھۇر جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشقان. بۇ چاغلاردا ئۇ «قەھرىمان پويىز»، «قانلىق خەت» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ھېكايە ۋە «نەنشەن تېغىغا نەزەر»، «شىمالىي فرونت» ناملىق ئىككى پوۋېستنى يېزىپ چىققان.

1949 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك تۆمۈر يول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئۇنىڭ تۆمۈر يولچىلارنىڭ جىياڭنەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «گۈزەل تاغ ۋە دەريالار» پوۋېستى مانا مۇشۇ چاغدا يېزىلغان. ئۇ 1950 - يىلى جۇڭگونىڭ تۆمۈر يول ئىشچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە چاۋشيەن فرونتلىرىغا بېرىپ، پۈتۈن ئۇرۇشنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلمىغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە مۇشۇ ئۇلۇغ كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پوۋېست «ئۈچ مىڭ يوللۇق تاغ ۋە دەريالار» نى ۋە «يالۇ جياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا»، «يولداش كاپىتان»، «ئادەتتىكى كىشى»، «مەڭگۈ توزىماس ياشلىق» قاتارلىق نەسرلەرنى يازغان.

ياڭ سۇ 1954 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلارنى زىيارەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «غەربىي شىمال سەپەر خاتىرىلىرى»، «نېفىت شەھىرى» قاتارلىق نەسرلەرنى جۈملىدىن ئەدەبىي ئاخباراتلارنى يازغان. 1956 - يىلىدىن كېيىن ياڭ سۇ ئاساسەن چەت ئەللەرگە چىقىپ، دىپلوماتىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بارغان. بۇ چاغلاردا ئۇ خەلقئارا تېمىلاردا نۇرغۇن نەسرلەرنى يازغان. مەسىلەن: «ئىكۋاتوردا قار»، «پىرامىدا ئۈستىدىكى

ئاي»، «ھايات بولىقى» قاتارلىقلار. ياڭ سۇنىڭ ئىجادىي پا-
ئالىيەتلىرى ئىلگىرى ئاساسەن پروزىنى ئاساس قىلغان بول-
سىمۇ، 1956 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈنلەي نەسىرچىلىككە يۈتكەل-
گەن. ئۇنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەشىر قىلىنغان نەسىرلەر
توپلاملىرى: «ئاسىيادا قۇياشنىڭ كۆتىرىلىشى»، «دېڭىزدىكى
شەھەر»، «ھايات بولىقى» قاتارلىقلار بولۇپ 1978 - يىلى
(ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن) نەشىر قىلىن-
غان «ياڭ سۇ نەسىرلىرىدىن تاللانمىلار» غا ئۇنىڭ 60
پارچە ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

بۇ قەيسەر جەڭچى، ھارماس يازغۇچى 1968 - يىلى
3 - ئاۋغۇستتا زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلىدىن ۋاقىتسىز ئالەمدىن
ئۆتتى.

2. ياڭ سۇ نەسىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىي ۋە بەدىئىي
ئالاھىدىلىكلىرى:

ياڭ سۇ 1944 - يىلى يازغان «قارلىق كېچىدە ئويلىم-
غانلىرىم» دېگەن شېئىرىدا:

«قاپلىدى قارلىق تۈنەك تۆت تەرەپتىن قوزغىلىپ،
قاراڭغۇلۇق يۈتمەي تۇررپ چىللايدۇ خوراز ئويغىنىپ.
ئارمىنىم يوقتۇر مېنىڭ بولسىمۇ جىسمىم توپا - لاي
يانار يەنە مىسلى بىر ئوت شېئىرلىرىمدا ئۇلغىيىپ.»

دېگەن ئىدى. بۇ بىر كۇبلېت شېئىرنىڭ كەينىدىكى ئىككى
مىسراسى شائىرنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا

قالـماي، يەنە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى يە-
غىنچاقلاپ بەرگەن.

ئوتلۇق شېئىرىي ئىلھام بىلەن دەۋرىمىز ۋە خەلقىمىز-
گە مەدھىيە ئوقۇش — ياڭ سۇ نەسىرلىرىنىڭ ئورتاق مەركى-
زىي ئىدىيىسى ۋە ئىدىيىۋىي ئالاھىدىلىكى. ئۇ «دېڭىزدىكى
شەھەر» توپلىمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە «مەن ئەزەلدىن نەسرنى
ياخشى كۆرىمەن، ياخشى يېزىلغان بىر نەسرنى بىر پارچە
شېئىرغا تەڭ دەپ بىلىمەن. نەسرلەر تۇرمۇش دولقۇنى ئىچى-
دىن بىر پىرسوناژ، بىر خىل ئىدىيە، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيەت-
لىك بولغان ئايرىم كۆرۈنۈشلىرى قاتارلىقلارنى يۇلۇۋېلىپ،
دەۋرنىڭ بىر يان كۆرۈنۈشىنى تېزلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرەلەيدۇ، بىر پارچە ئوبدان نەسر دەۋر روھى ۋە كۈرەش-
چانلىق بىلەن تولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن داۋاملىق نە-
سر يېزىشنى ئۆگىنىمەن، بۇ خىل شەكىلنى ئۆگىنىش ئاسا-
سىدا خەلقنىڭ كۈرەشلىرىنى، ئەمگەكلىرىنى ۋە ئىدىيىۋىي ھېس-
سىياتىنى ئىپادىلەيمەن» دەيدۇ، ئۇنىڭ «شىياڭشەن تېغىدىكى
قىزىل بايراقلار»، «دېڭىزدىكى شەھەر»،«لىجى ھەسىلى»، «چاي
گۈلى نەزمىسى»، «بۇژغۇن چېچەكلىرى»، «پېرامىدا ئۈستىدىكى
ئاي»، «چومۆلە تېغى»، «نورۇز گۈلى يامغۇرى»، «ھايات
بۇلىقى»، «ئېكۋاتوردا قار» قاتارلىق ئاجايىپ نەپىس نەسر-
لىرى دەۋر روھىغا شېئىرىي پۇراقنى سىڭدۈرگەن مەشھۇر
ئەسەرلەردىندۇر.

ئاددىي ئەمگەكچىلەر ئوبرازى ياڭ سۇ نەسرلىرىدە مۇ-
ھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن: «پىشقەدەم تەيشەن» («بۇژغۇن

چېچەكلىرى».دە) «يول باشلىغۇچى» («شياڭشەن تېغىدىكى قىزىل ياپراقلار» دا) پۇجىرىن («چاي گۈلى نەزمىسى» دە) لىياڭ جىڭجاڭ («گۈللۈك تاغ» دا) ئۇنىدىن باشقا ئۆزلىرىنىڭ چىۋەر قولىرى بىلەن چۆل-جەزىرىلەردە باھار ياراتقان نى-فىت ئىشچىلىرىنىڭ ئوبرازلىرى («چۆلدىكى باھار» دا) تاغ-لارنى كېسىپ سۇ باشلاپ كەلگەن تاغلىق رايونىدىكى ئاددىي دېھقانلارنىڭ ئوبرازى («دۇلدۇلغا مەدھىيە» دە) ۋە باشقا ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەسەرلەردە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇلار غايەت زور تەسىر كۈچىگە ئىگە، يەنە مەسىلەن: يېقىملىق كۆزلىرىدىن كۈرەش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئۆزى قورۇنۇپ تۇرسىمۇ، قەلبىدە قىزغىن ئارزۇلار ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ياپونلۇق قىز جۈنزى («نورۇز گۈلى يامغۇرى» دا)، پىرامىدانىڭ يېنىدا قىمىرلىماي تۇرىدى-غان تاش شىر سىفىنكىس ۋە ئۆز ئوغلىنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلغان مىسىرلىق بوۋاي («پىرامىدا ئۇستىدىكى ئاي» دا) قاتار-لىق ئوبرازلارمۇ ناھايىتى گۈزەل ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتور ئۆزى: مەن خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدىم، شۇڭا مەن ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، دېگەن ئىدى. ئۇ تولۇپ-تاش-قان قىزغىنلىق بىلەن ئاشۇنداق ئاددىي خەلقنىڭ ئەقىل-پارا-سىتىنى، ئەمگىكىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، كۈرەشلىرىنى، ئىدى-يىسى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

«كونا ۋە يېڭىنىڭ سېلىشتۇرمىسى» مۇ ياڭ شۇ نەسىر-لىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدۇر. ئۇ «بۈگۈنكى» يورۇقلۇقنى كۆرسىتىپ «ئەتىكى» پارلاق كېلەچەككە تەلپۈنىدۇ، جۇمىلىدىن

«تۆنۆگۆنكى» ئىچىنىشلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ياك سۇ كىتابخانلاردىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى «سىلىشتۇرۇش» ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تۆنۆگۆنكى كۈنلەر ئېسىمىزدە بولسىلا بۈگۈنكى كۈنىمىز قەدرىگە يېتىمىز، ئەتىكى كۈننى يارىتالايمىز». ئاپتور ئۆزىنىڭ «جەننەت كەبى فىكلەيدە»، «دېڭىزدىكى شەھەر»، «گۈزەل تاغ ۋە دەريالار»، «شىياڭشەن تېغىدىكى قىزىل ياپراقلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە رىۋايەتلەر بىلەن رېئاللىقنى، ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننى، رەزىللىك ۋە گۈزەللىكنى ئارىلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ روشەن سېلىشتۇرما قىلغان.

ياك سۇ نەسرلىرى، دەۋرىمىزنىڭ ئىنكاسى. ئۇنىڭ بىر پارچە نەسرىدە پەقەت «تۇرمۇش دولقۇنلىرى ئارىسىدىن بىر پېرسوناژ، بىر خىل ئىدىيە، تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش تۇتۇۋېلىنىپ»، پەقەت ئاپتورنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئويلىغان، تەسىرلەنگەنلىرىلا يېزىلغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە «پارچە-پۇرات نەرسىلەر» بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش دولقۇنلىرىنىڭ بۈرژغۇنلىرى. دەۋر سىمفونىيىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئايرىم-ئايرىم تاۋۇشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا دەۋر قىياپىتى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. ياك سۇ نەسرلىرىدە ئىنقىلابىلىق بىلەن لىرىكىلىق ناھايىتى ئوبدان بىرىكتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتى دەۋر روھى بىلەن ناھايىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

## ‹ 2 › شېئىرىي پۇراقنى قوغلىشىش

ياڭ سۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىي نەسرلەر توپلىمى «شەرق شامالى ۋە گۈل» نىڭ كىرىش سۆزىدە: «مەن ھەربىر پارچە نەسرنى خۇددى شېئىر يازغاندەك يازىمەن»، «داۋاملىق شېئىرىي پۇراقنى قوغلىشىمەن» دېگەن ئىدى.

شېئىرىي پىكىرنى قوغلىشىش يېڭى زامان نەسرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىش يولى بولۇپ، نۇرغۇن نەسرچىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشماقتا، ياڭ سۇ كۆرۈنۈشتە بەكلا ئاددىي بولغان ھادىسىلەرنىڭ ئىچىدىن كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان شېئىرىي پىكىرنى تاۋلاپ چىقالايدۇ ۋە بۇ شېئىرىي پىكىرنى ئالاھىدە بىر كۆرۈنۈشكە سىڭدۈرۈپ، دەۋر قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ - ياڭ سۇ نەسرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: «دېڭىز بويىدىكى شەھەر» دە دېڭىز بويىدىكى بازاردىن ئىبارەت ئالاھىدە كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئارالدىكى خەلقنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. «چاي گۈلى نەزمىسى» دە رەڭدار چاي گۈللىرى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ يېپ - يېڭى گۈزەل مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. «شياڭشەن تېغىدىكى قىزىل ياپراقلار» دا قىزىل ياپراقلار ھەر خىل مۈشكۈل سىناقلاردىن ئۆتكەن قېرىغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي روھى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، قىزىل قەلبى ئۆچمىگەن ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلابىلىقىغا سىمۋول قىلىنغان.

ياڭ سۇ نۇرلۇق شەپەق ئاستىغا ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش

ئۇچۇن ئىشلەۋاتقان ئاددىي ئەمگەكچىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈردى. («بوزغون چىچەكلىرى»)؛ ھەتتا خەلقئارادىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەشلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان «نورۇز گۈلى يامغۇرى»؛ «ئىككىۋاتوردا قار»، «ھايات بۇلىقى»، «پىرامىدا ئۈستىدە ئاي»... قاتارلىق نەسىرلەردىمۇ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ داۋاملىق ئاددىي خەلقنىڭ قەلبىدىن دەۋرنىڭ يۈرەك تىۋىشىنى ئاڭلايدۇ، كۈرەش سادانىسىنى تىڭشايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نورۇز گۈلىگە، قار-مۇزلارغا، سۆزلۈك بۇلاققا، ئاي جىلۋىسىگە سىڭدۈرۈلىدۇ.

ئاپتور كىتابخانلارنى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بىر بەدىئىي زېمىنغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان شېئىرىي پىكرىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئۇ «شەرق شامىلى ۋە گۈل» توپلىمىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «شېئىرىي پىكىر دېگەن سۆزنى تار دائىرىدىن چۈشىنىۋالماسلىق لازىم، ئۈزۈك گۈللىگەن چاغدا، باھار يامغۇرى ياققاندا، شېئىرمۇ تەييار بولىدۇ. جەڭلەر ئارا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلىقتا كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان شېئىرىي كۈچ چوقۇم بولىدۇ. كۈرەشتە، ئەمگەكتە تۇرمۇشتا داۋاملىق سېنىڭ يۈرەك تارلىرىڭنى چېكىپ ئۆتىدىغان نەرسىلەر ئۇچرايدۇ، بۇلار سېنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، شاتلاندۇرىدۇ، غەمناك قىلىدۇ، ئويغا سالىدۇ. مانا مۇشۇ نەرسىلەر شېئىر بولماي نىمە؟» دەيدۇ. يۈرەك تارى چېكىلسە، ئىلھام دولقۇنلىسا شېئىر ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، ياڭ سۇ نەسىرلىرىدىكى كۈچلۈك شېئىرىي پىكىر ۋە پۇراق پۈتۈنلەي تۇرمۇشتىن كەلگەن.

ئۇ شېئىرلارنىڭ ھادىسە ۋە نەرسە ئارقىلىق پىكىرنى ئى-
پادىلەش، مەنزىرىگە قاراپ لىرىكا قىلىش ئۇسۇلىدىن ماھى-
لىق بىلەن پايدىلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەنزىرىلەرنى
لىرىكىلاشتۇرۇش بىلەن پېرسوناژلارنى لىرىكىلاشتۇرۇشتىن ئى-
بارەت ئىككى يىپ ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:
«بۇژغۇن چېچەكلىرى» دە بىر تەرەپتىن قورام تاشقا سوقۇ-
لۇۋاتقان بۇژغۇنلارنى يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى تۇر-
مۇشنى يارىتىش ئۈچۈن ئۈن - تۈنسىز ئەجىر قىلىۋاتقان «پېشق-
ەدەم تەيشەن» نىڭ روھىنى يازىدۇ. «لىجى ھەسەلى» دە
بىر تەرەپتىن لىجى ئورمىنى، ھەسەل ھەرىسى دېگەنلەرنى
يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەكچان ھەسەل باققۇچىنى تەس-
ۋىرلەيدۇ. «چاي گۈلى نەزمىسى» دە بىر تەرەپتىن رەڭدار
چاي گۈللىرىنى يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەستايىدىللىق
بىلەن گۈل پەرۋىش قىلغۇچىنى يازىدۇ. دېمەك ئۇنىڭ نە-
سىرلىرىدىكى بۇژغۇن، ھەسەل ھەرىسى، چاي گۈللىرىگە ئېي-
تىلغان بارىكاللا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئاددىي ئەمگەك-
چىلەرگە ئېيتىلغان مەدھىيىگە بىرلىشىپ، ئۆزئارا يورۇتۇپ،
شېئىرىي تۈسنى قويۇقلاشتۇرغان، پىكىرنى كۈچەيتكەن.

شېئىرىي پىكىرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى تېخىمۇ
يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۈچۈن، ياڭ شۇ ئۆز نەسىرلىرىنىڭ كوم-
پوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەپچىل، چاققانلىقىغا ناھايىتى دىققەت
قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە مۇنداق تەلەپ قويىدۇ: «ماقالە يازغاندا، دا-
ۋاملىق شېئىر يازغاندىكىدەك، ماتېرىياللارنى قايتا - قايتا تال-
لاپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۆز ۋە جۈملىلەر

ئۈستىدە باش قاتۇرۇش كېرەك»① ياڭ سۇ ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقىنى ۋە ئېلىمىز-نىڭ جىياڭشەن رايونىدىكى باغچىلارنىڭ «ئەگرى-توقاي ھەم خىلۋەت» لىكىنىڭ سىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭ نە-سىرلىرى ئادەتتە قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزگىچە بولىسىمۇ، ئەمما مۇرەككەپ ئەمەس؛ ھەم ئۇزۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قويۇۋېتىپ يېزىشمۇ، يىغىنچاقلاپ يېزىشمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ نەسىرلىرىدىن ئاپتور قەلىمىنىڭ راۋانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بەدى-ئىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. مە-سىلەن: «لىچى ھەسىلى» نىڭ بېشىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ھېسسىياتىنىڭ يوقلىقىنى يازىدۇ. ئارقىدىنلا ئۆزى-نىڭ خۇاۋىنچۈەندە لىچى ئورمانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ خۇددى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن، «باغچا سەنئىتى» دىكى شەكىللەرگە ئوخشاش كىتابخانلارنى «تاغ ۋە دەريالارنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك» بىر خىل ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ چاغدا ئاپتور قەلەم ئۇچىنى بىر بۇراپلا، لىچى ھەسىلىنى كۆرۈپ، ئاندىن ھەسەل ھەرىسىگە بىر خىل ئامراقلىقى كەلگەنلىكىنى، ئەزەلدىن ئۆچ كۆرىدىغان بۇ جانىۋارنى كۆرگىلى بارغانلىقىنى يازىدۇ. ئەندى ھەسەل ھەرىسى ئاساسىي تەسۋىرلەش ئوبيېك-تىغا ئايلىنىدۇ، قالغانلىرى پەسكويىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئاپتور شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنى يېڭى بىر مەنزىرىگە باشلاپ كىرىدۇ. يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرمۇش ئەمگىكىنى ئۆز

① «شەرق شامىلى ۋە گۈل توپلىمىغا كىرىش سۆز» دىن

كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ھەسەل ھەرىسى باققۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەسەل ھەرىسىنىڭ «باشقىلاردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىسى بېرىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدۇ، تۇرمۇشنىمۇ ياساپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ شېرىن تۇرمۇشنى ياساپ بېرىدۇ»① غانلىقىدەك يۈكسەك روھىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇ نەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ شۇ ئاخشىمى «غەلتە بىر چۈش» كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە ئۆزىنىڭ بىر كىچىك ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى يازىدۇ. دېمەك بۇ ئەسەر دەسلەپتە ھەرىنى ياخشى كۆرمەسلىكتىن باشلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ ئاخىرلىشىدۇ. ئەسەردىكى پىكىر تەدرىجى چوڭقۇرلاپ كىشىنى ئويغا سالىدۇ. بۇ يەردە ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئەسەرنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. كومپوزىتسىيىدە ياڭ سۇ ئادەتتە كلاسسىك شېئىرلاردىكى «ئۆز كۆز قارىشىنى باشتىلا ئاشكارىلاش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دەسلەپتىلا كىشىلەرنى قىزىقتۇرىۋالىدۇ، ئاخىرىدا ئويغا سالىدۇ.

ياڭ سۇ نەسرلىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن تاۋلانغان. ئۇنىڭ ئەپچىل، چاققان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، چوڭقۇر شېئىرىي پىكىرلىرى، ئۇنىڭ تىلى بىلەن قالتىس ماسلىشىپ كەتكەن. ياڭ

---

① ياڭ سۇ: «لىچى ھەسىلى» دىن

سۇنىڭ ئەدەبىيات ئىلمىدىكى بىلىمى چوڭقۇر، ئۇ كىلاسسىك شېئىرلارنى پۇختا بىلىدۇ، خەلق تىلى بىلەن پىششىق تونۇش، يەنە ھەم ئىنگىلىزچىنىمۇ پىششىق ئىگەللىگەن. شۇڭىا ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى راۋان، ھەرقانداق پىكىرنى دەخلىسىز ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى يېڭى، رەڭدار، تاۋلانغان، نەپىس بولۇپ، ئۇ تىل ئىشلىتىشتە ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەتنىڭ تىلىنى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى تىلىنى، ئاغزاكى ۋە يازما تىلىنى بىرگە تاۋلاپ ئىشلىتىدىغان ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى ياراتقان. يازغۇچى ماجىيا ئۆزىنىڭ «تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇچى جەڭچى» دېگەن ماقالىسىدا: ياڭ سۇ خۇددى ئۇستا شاخماتچىلار ئۇرۇقلارنى جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇرغاندەك سۆزلەرنى ئۆز ئورنىغا قويىدۇ، دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە ياڭ سۇغا: «مەسىلىنى ئىككى، ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەنلا ھەل قىلىدۇ، پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى خۇددىي سۈرەتتىكىدەك ئىنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇبقا ئىگە» دەپ باھا بەرگەنىدى. ياڭ سۇ خۇددى قەدىمكى شائىرلار شېئىر يازغاندەك، سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: «بۇ خادا تاش تۆمۈردەك قاتتىق ئىكەن، قانداق قىلىپ بۇنداق قاتتىق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەسلىدىن شۇنداقمۇ ياكى ئۆچكە بىلەن يونىغانمۇ؟ بولمىسا قانداق بولغان؟

— بۈركۈتلار غاجىلاپ شۇنداق قىلىۋەتكەن، دېدى بىرسى كەينىمدىن خۇشال ئاۋاز بىلەن»① بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن«غا-

---

①: ياڭ سۇنىڭ «بۈركۈت چېچەكلىرى» ناملىق نەسىرىدىن

جىلاپ» سۆزى ئىمىدىگەن جانلىق، ئىمىدىگەن ئوبرازلىق. بەزىلەر بۇ سۆزنى پۈتۈن نەسىرنىڭ «كۆزى» دەپ تەرىپلەشىدۇ. يەنە مەسىلەن: «كىشىلىك تۇرمۇشتا بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بۇ قىزىل ياپراقلار ئۆز ھاياتىنىڭ كۆزى يېتىپ كەلگىچە تېخىمۇ قىزىرىپ، ئوماق بولۇپ كېتىشىپتۇ»① بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغىنى ئەمەلىيەتتە ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، «كۆز پەسلى» دېمەي، «ھاياتىنىڭ كۆزى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ياڭ سۇنىڭ سۆزنى ناھايىتى توغرا ۋە جايىدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 5 - §. ۋېي ۋېي ۋە باجىننىڭ نەسىر ئىجادىيىتى

### 1. ۋېي ۋېينىڭ ئىجادىيىتى.

ۋېي ۋېي 1920 - يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭجۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ پارتىيىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەربىي يازغۇچىدۇر. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان ئىدى. 1937 - يىلى 8 - ئارمىيىگە قاتناشقاندىن كېيىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە سەنشى، چاخار، خېبېي رايونىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ چاغلىرىنى ئەسلەپ: «ئاشۇ يىللاردىكى مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرى مېنى ئويقىمدىن ئويغاتتى. مەن

① : ياڭ سۇنىڭ «شىياڭشەن تېغىدىكى قىزىل ياپراقلار» ناملىق نەسىرىدىن.

كانايچى باللارچەلىك (17 ياش — تۆزگۆچىدىن) تۇرۇپلا خەلقنىڭ قويىنغا كىردىم، تۇرمۇشنى باشلىدىم، شېئىر يېزىشنى باشلىدىم»① دەيدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنقىلابىي كۆرەشلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ دۈشمەنگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ، غەلىبىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە خېلى نۇرغۇن قىسقا شېئىرلارنى ۋە «سەھەر مەنزىرىسى» داستانىنى (1942-يىلى) يېزىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جاپالىقلىقىنى، شىددەتلىكلىكىنى ۋە غەلىبىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ قەلەمنى توختاتمىدى. «جاڭجياكوغا خەت»، «فرونتقا بارايلى»، «ئىككى يىل» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەشۇ دەۋردىكى نادىر ئەسەرلىرىدىندۇر. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن گەرچە شېئىرنى كۆپ يازمىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيىتىنى پۈتۈنلەي توختىتىپمۇ قويمىدى. 1963-يىلى ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان شېئىرلىرى ئايرىم توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاھاڭى يۇقىرى، ھېسسىياتى قايناق، تىلى ئېنىق.

ۋېي ۋېي ھەممىگە ماھىر يازغۇچى. ئۇ شېئىردىن باشقا يەنە كۆپ خىل ژانىرلاردا ئەسەرلەر يازغان. ئۇ باش-

① «سەھەر مەنزىرىسى» توپلىمىغا ئاخىرقى سۆز» دىن ئېلىندى، يازغۇچىلار نەشرىياتى 1963-يىلى نەشر قىلغان

قىلار بىلەن بىرلىشىپ «تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرەيلى» ناملىق بەش پەردىلىك درامىنى، «قىزىل بوران» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى يازغان. ئۇ يەنە چوڭ تىپتىكى مۇزىكا، ئۇسسۇللۇق داستان «شەرق قىزاردى» نىڭ چۈشەندۈرۈش سۆزىنى يېزىشقا قاتناشقان. «كونا تۇرخۇن» ھېكايىسىنى، «غەزەپلەنگەن پەلەك» پوۋېستىنى (بۇ پوۋېستىنى بەيئەي بىلەن بىرلىكتە يازغان) يازغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان «شەرق» ناملىق رومانى ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ رومان تۇنجى قېتىملىق ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋېي ۋېي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا دېگۈدەك ئىجاد قىلغان، ئىزدەنگەن يازغۇچى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تۆھپىسى كىچىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەسىرچىلىكتىكى نەتىجىسى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولدى.

ئۇنىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم؟»، «بەخت گۈلى باتۇرلار ئۈچۈن ئېچىلار»، «يازدىكى تەسىراتلار» دېگەندەك نەسىرلەر توپلاملىرى بار. بۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم؟» نىڭ تەسىرى ھەممىدىن چوڭ. بۇ توپلام ئالدى-كەينى بولۇپ 22 قېتىم نەشر قىلىنغان، تىراژى يۈزمىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ چەت ئەللەرگە كەڭ تارقالغان.

نەسىر ئىجادىيىتىدە ۋېي ۋېينىڭ تولاراق يازغىنى ئۈچېرك، «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم؟» ئۈچېركى

ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۇچېركتا سۆزلەنگىنى سۇك گۇفىڭ چوققىسىدىكى جەڭ، مايۇشياڭنىڭ چاۋشيەنلىك بالىلارنى ئوتنىڭ ئىچىدىن قوتۇل-دۇرۇپ چىققانلىقى ۋە پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ جاپانى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچلا ھېكايە بولسىمۇ، لېكىن ماتېرىئال ناھايىتى جايىدا تاللانغان-لىقى، ۋەقە ۋە شەخسلەر تىپىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇچېرك بىر تامچە سۇ ئارقىلىق پۈتۈن بىر دەريانى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ئاپتور ئەسەردە ئوبرازلاشتۇرۇلغان بايانىنى لېرىكىلاشتۇرۇلغان مۇھا-كىمە بىلەن جىسپىلاشتۇرغاچقا، كىشىنى ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرىدۇ ھەم داۋلى ئارقىلىق قايىل قىلىدۇ. كىتاب-خانلارنىڭ ھېسسى تونۇشىنى ئىدراكىي تونۇشنىڭ يۇكسەك-لىكىگە كۆتۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ سەرلەۋھەسىدىن تارتىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلىرىگىچە ھەم تاللانغان ماتېرىئاللىرىغىچە ھەممىسىلا كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ شۇنىڭدەك كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھەم پىكىر قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئاپتورنىڭ ئۇزۇن مۇددەت كۆرۈنتىش، پىكىر قىلىش ۋە پىشىلدۇرۇشلىرى ئارقى-لىق شەكىللەنگەن بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىملاپ جەڭچىلەر ئارىسىغا بارغان، جەڭچىلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن، بىللە جەڭلەرگە قاتناشقان. بۇ يۇكسەك ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ بۇنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى

تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ماقالىنى جەڭچىلىرىمىز، بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزدۇر، دېگەن تېما بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان.

«ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم؟» ئوچېركىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا ۋە زىچ، قاتلاملىرى ئېنىق. پۈتۈن ئەسەر ئۈچ بۆلەكتىن تەشكىللەنگەن. ئاپتور ماقالىنىڭ بېشىدىلا (1 - بۆلەكتە) كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن كىتابخانىلارنى جەلپ قىلىدۇ ۋە ھاياجانلاندۇرىدۇ. ماقالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا (2 - بۆلەكتە) ھېكايە سۆزلەپ، تىپىكلىققا ئىگە شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن قەھرىمانلارنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك باتۇرلۇقلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا (3 - بۆلەكتە) قاتار جۈملىلەر ئارقىلىق بىزنىڭ تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «سىز ئۆزىڭىزنىڭ بەخت ئىچىدە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلامسىز؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىدۇ ۋە ماقالىنىڭ غايىۋى مەزمۇنىنى كۈچەيتىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا مەيلى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ يورۇتۇلۇشى بولسۇن، ياكى پېرسوناژلىرىنىڭ تەسۋىرى بولسۇن؛ مەيلى ئەسەر شەكلى، ياكى لېرىكا، مۇھاكىمە، ۋە بايانىنى بىرلەشتۈرگەن تىلى بولسۇن ھەممىسىدىلا ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، روشەن بەدىئىي ئۇسلۇبى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ؛ ھەممىسىدىلا ئاپتورنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ۋېي ۋېي بىر قىسىم لېرىكىلىق نەرسىلەرنىمۇ يازغان. مەسىلەن: «چوڭقۇر دوستلۇق»، «مېنىڭ ئۇستازىم» قاتارلىقلار.

«چوڭقۇر دوستلۇق» لېرىكىلىق نەسىر بولۇپ، ئۇنى مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نەسىر ھېسسىيات دول-قۇنى ئارقىلىق كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ چاۋشيەندىن قايتىش ۋاقتى-دىكى خوشلىشىش مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھەرگىز دوست-يارانلارنىڭ ئادەتتىكى خوشلىشىشى ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ئۇرۇش ئىچىدە تاۋلىنىپ چىققان چىن دوستلارنىڭ — جۇڭگو، چاۋشيەن خەلقىنىڭ، جۇڭگو، چاۋشيەن قوشۇنلىرىنىڭ خوشلىشىشىدۇر. ئاپتور ئۇرۇش ئوتى پەلەككە يەتكەن جاپالىق مۇھىتتا قەتئىي تەۋ-رەنمەي كۈرەش قىلغان چاۋشيەن خەلقىنى «دۈشمەن سىلەر-نىڭ شەھەر، يېزىلىرىڭلارنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندە سىلەر يىغلىمىغان ئىدىڭلار، دۈشمەن سىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ-لارنى قىرىپ ئۆلتۈرگەندە، سىلەر يىغلىمىغان ئىدىڭلار، دۈشمەن سىلەرنى دەرەخقە باغلاپ قويۇپ كۆيدۈرگەندە، قۇيقىلىغاندا سىلەرنىڭ كۆزىڭلاردىن بىر تامچە ياش تۆكۈلمىگەن ئىدى. سىلەر ھەققەتەن كىرىچى ئۈزۈلمەيدىغان ساداق، كۆيدۈرسە پۇچۇلمايدىغان ئالماسسىلەر! بىراق بۈگۈن، سىلەرنىڭ سەپدى-شىڭلار — جۇڭگولۇق جەڭچىلەر سىلەردىن ئايرىلىۋاتقاندا، سىلەر گويا ئۆمۈرلۈك يىغاڭلارنى مۇشۇ بىر كۈندە يىغلىۋالىدىغان-دەك يىغلاپ كىتىۋاتىسىلەر» دەپ يازىدۇ. جۇڭگو پىدائىسي قىسىم جەڭچىلىرىچۇ؟ ئاپتور ئۇلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. «......

يېغىۋاتقان ياش يامغۇرى ئىچىدە ئۇلارنىڭمۇ يېشى بار. بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما ئۇلار ئىككى چاقىرىممۇ ماڭالمىدى...» ئاپتور ئومۇمىي كۆرۈنۈشنى: «...ئەسكەر بىلەن پۇقرا، ئەر بىلەن ئايال ئارىلىشىپلا كەتتى، بىر-بىرىنى يۆلىگەن، بىر-بىرىنى قولتۇقلىغان هالدا مېڭىشاتتى، سۆزلىشەتتى» دەپ تەسۋىرلەپ هايات-ماماتتا بىللە بولغان سەپداشلارنىڭ خوشلىشىش ئەهۋالىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، لىرىكىلىق نەسىرلەردە هېسسىيات كۈچلۈك ئىپادىلەنمىسە، هېسسىيات ئارقىلىق كىتابخانىلارنى تەسىرلەندۈرەلمىسە ئەسەرنىڭ مەغلۇپ بولغىنى شۇ، يۇقىرىقى نەسىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ مۇشۇ داۋلىنى ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ نەسىرنىڭ يەنە بىر ئالاهىدىلىكى؛ بۇنىڭدا ئومۇمىي كۆرۈنۈشمۇ بار، ئايرىم نۇقتىلارنىڭ تەسۋىرىمۇ بار. يەنى كىنو تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئالاهىدە كۆرۈنۈش» لەر بار. بۇ كۆرۈنۈشلەر كىشىدە كۈچلۈك تەسىرات قوزغاپ، ئۇزۇنغىچە ئەستىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردىكى بايان قاتلاممۇ-قاتلام تەرتىپلىك ئىلگىرىلەيدۇ. مەسىلەن: ئالدى بىلەن چاۋشىيەن خەلقىنىڭ ئايرىلىشقا قىيماسلىق هېسسىياتى يېزىلغان، ئارقىسىدىن جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئايرىلىشقا چىدىماي ۋاتقانلىقى يېزىلغان، ئاخىرىدا ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يازغان — دە، نۇقتىلىق هالدا ئۇزىتىش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن، بۇنىڭ بىلەن ماقالە تەبىئىي هالدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

بۇلاردىن باشقا ۋېي ۋېينىڭ ئەندىلا هەربىي سەپكە قاتناشقان ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈرەش ئىچىدە، جەڭـ

لەر ئارا ئۈسۈپ يېتىلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن «ياشلار، ياش-لىق باھارىڭلار تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن» دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتىمۇ ئەينى يىللاردا كۆچلۈك تەسىر قوزغاپ، ياشلار قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان، ئىخىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلىشىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

ۋېي ۋېينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىجتى-مائىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلىگەنلىكىنى ئۇنىڭدىكى بايان، مۇھاكىمە ۋە ھېسسىياتنىڭ ئورگانىك ھالدا بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەسەرلەردە ئەلۋەتتە بايان بولۇشى كېرەك. لېكىن يازغۇچى ئەسىرىدە ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى سۆزلەپلا قويماي، يەنە ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىشى لازىم. ۋېي ۋېي ئەنە شۇنداق قىلالايدىغان يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە جانلىق مەنزىرە، قايناق ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە زىچ بىرلىشىپ كېلىدۇ. كونكرېت تەسۋىرلەر تەسىر-لىك ۋە قايىل قىلارلىق بولىدۇ، شۇڭا كىتابخان بۇ خىل تەسىرلىك مۇھىت ئىچىدە ئوي-خىيالغا چۆكۈپ، ئەسەردىن بەدىئىي زوق ئالىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نەسىرلىرىنى «ئوتلۇق شېئىرلار» دەپ تەرىپلىگەندىمۇ ئۇنىڭ دەل ئاشۇ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتقان.

2. باجىننىڭ نەسىرلىرى

پېشقەدەم يازغۇچى باجىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى داڭلىق نەسرچىلەرنىڭ بىرسىدۇر. باجىننىڭ ئەسلى ئىسمى

لى سىگەن بولۇپ، ئۇ 1904 - يىلى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چىڭدۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «شىددەتلىك ئېقىن» ترىلوگىيىسى («ئائىلە»، «باھار»، «كۈز» رومانلىرىدىن تەش-كىل تاپقان) بىلەن جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارى-خىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئاتاقلىق يازغۇچى. باجىننىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەسەرلىرى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جۇڭگونىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن. شەرق قىزىرىپ ئازادلىق تېڭى ئاتقاندىن كېيىن، باجىننىڭ قايغۇدىن تولغىنى-دىغان، دۈشمەننى غەزەپ بىلەن سۆكىدىغان قەلىمى تۈنجى قېتىم خۇشاللىقنى خۇشاللىق بىلەن تەسۋىرلەشكە باشلىدى. ئۇ چاۋشيەنگە ئىككى قېتىم زىيارەتكە بېرىپ، «يولداش خۇاڭ ۋېنيۈەن» ناملىق ئوچېرك ۋە نۇرغۇن نەسىرلەرنى يازدى. ئۇ دائىم زاۋۇتلارغا، يېزىلارغا، سۇ ئامبار قۇرۇلۇش ئورۇنى-لىرىغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەندى. ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىلدا ئۇنىڭ «ۋارشاۋانىڭ بايرىمى»، «تىنچلىقنى قوغدى-غۇچى كىشىلەر»، «قەھرىمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن كۈن-لىرىم»، «قالتىس شاتلىنىدىغان كۈن»، «يېڭى سادا توپلىمى»، «قەسىدىلەر توپلىمى»، «ئىزھار قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھېسسىيات» قاتارلىق نەسىرلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭ نەسىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تولاراق ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، قەھرىمان-لارغا مەدھىيە، دوستلۇقنى كۈيلەش، قەدىمكىلارنى ئەسلەش دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئىپادىلەش — باجىننىڭ

نەسىرلىرىدە يورۇتۇلغان مۇھىم بىر تېمىدۇر. «زور بەخت»، «شاڭخەي — بىزنىڭ گۈزەل ماكانىمىز»، «1966 - يىلىدىكى يېڭى يىل تەسىراتى»، «قالتىس شاتلىنىدىغان كۈن»، «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز» قاتارلىق ئەسەرلەردە باجىن ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ ھەم كونا جەمئىيەتكە بولغان نەپرىتىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئۇ: «مەن 18 ياشتىكى ياشلارغا ئوخشىمايمەن. مەن كونا جەمئىيەتتە 40 يىل ياشىغانمەن. شۇڭا مەن بۇ بەختلىك كۈنلەردە دائىم ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ ياش تۆكىمەن...»① دەيدۇ. يازغۇچى بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىدە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە يېڭى تۇرمۇشنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنى مەدھىيىلىگەن ئەسەرلەرمۇ باجىننىڭ نەسىرلىرىنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. «يولداش خۇاڭ ۋېنيۈەن»، «قەيسەر جەڭچى»، «قەھرىمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم» دېگەندەكلەر مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىدىندۇر. «يولداش خۇاڭ ۋېنيۈەن» ناملىق ئوچېركتا ئاپتور چيۇشاۋيۈنچە قەھرىمان خۇاڭ ۋېنيۈەن-نىڭ جەڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىنتىزامغا قەتئىي بويسۇنۇپ مەرتلەرچە قۇربان بولغان ئىش ئىزلىرىنى يېزىپ، «ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان يولداش خۇاڭ ۋېنيۈەن ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. «قەھرىمانلار-

① سىچۈەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىل نەشر قىلىنغان «باجىننىڭ يېقىنقى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابىدىكى باجىننىڭ «بىر پارچە خەت» ناملىق ماقالىسىدىن

نىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم» دە بولسا چىڭ سەن، گۈزەل قاتارلىق بىر تۈركۈم پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىز-نىڭ باتۇرانە ئوبرازىنى تىكلەيدۇ.

باجىننىڭ دوستلۇقنى كۈيلەيدىغان، تارىخىي شەخسلەر-نى ئەسلەيدىغان ئەسەرلىرىگە: «قەھرىمان شەھەر — پىڭراڭ»، «جىڭگاڭشەندە يۇر بەرگەن ۋەقە»، «نىجاتلىق گىياسى»، «لىيەنساڭدىن ئېلىپ كەلگەن سۈرەت»، «لۇشۈن ئەپەندىنى ئەسلەيمەن»، «كۆز كېچىسى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. باجىن «لىيەنساڭدىن ئېلىپ كەلگەن سۈرەت» ناملىق نەسىرىنى ياغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى لىيەنساڭدىن ئېلىپ كەل-گەن سۈرەتلەرنى كۆرگەنلىكىدىن باشلاپ يېزىپ، ئوخشاشلا ياغۇرلۇق بىر كۈنى ياپونىيىلىك يازغۇچى جىيې زوخېزىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئاپتور سۆھبەت جەريانىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، بۇ ياشقىنە ئايال يازغۇچى گۇۋاڭداۋدىكى «ئاتوم كېسەللىكى» گە گىرىپتار بولغۇچىلار ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ «بىر خىللىق ۋە ئىنچىكىلىك» تىن تىترەك ۋە ئۆكسۈنۈشكە ئۆزگەرگەنلىكىنى، چىرايىدىكى جىددىيلىكنىڭ قايغۇلۇق، ئاندىن غەزەپلىك تۈسكە كىرگەنلىكىنى ئىنتايىن تەپسىلى سۈرەتلەيدۇ. سۆھبەت جەر-يانىنى سۆزلەۋېتىپ، ياغۇرنىڭ يېغىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا باش قىسىمدا ئېيتىلغانلارنى قايتا تىلغا ئالىدۇ-دە ئۆزىنىڭ قەلبىگە پاتمايۋاتقان كۈچلۈك ھېسسىياتىنى: «ئەجەبا، مەڭگۈ توختىماي يېغىۋېرىدىغان ياغ-غۇرمۇ بارمىدۇ؟ بوپتۇ، ئۇ راسا يېغىۋالسۇن، بىر كېچە

ياغسۇن، مەيلى ئىككى كېچىمۇ ياغسۇن. بىراق مەن بەربىر ئاسمان سۈزۈلۈپ قۇياش پارلىغان سەھەرنى چوقۇم كۆرە-لەيمەن» دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شېئىرىي تۈس ئالغان بۇ جۈملە ئەسەرنىڭ پىكىرىنى بىراقلا بىر بالداق كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ نەسرنى باجىننىڭ ئۇسلۇبىنى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن ئەسەر، دېيىشكە بولىدۇ.

باجىننىڭ تارىخىي شەخسلەرنى، دوست-يارەنلىرىنى ئەسلەيدىغان نەسرلىرى تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ قالتىس. بۇنداق نەسرلەرنىڭ ئىچىدە «لۇشۈن ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» ناملىق نەسرنىڭ شۆھرىتى چوڭ، ئاپتور بۇ ماقالىدا ئۆزى-نىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىنى قاتلامۇ-قاتلام ئىزھار قىلىدۇ. ئەپەندىم ۋاپات بولغاندا، ئۆزىنىڭ تاۋۇت ئالدىدا تۇرۇپ ئويلىغانلىرىنى، ئۆزىگە «بۇ ۋىجىككىنە بوۋاي» ئۆلمىگەندەك، «ئۇخلاپ قالغاندەك، ھازىرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك» بولۇپ تۇيۇلغانلىقلىرىنى ئەسلەيدۇ. 1926-يىلى ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا بېيجىڭغا ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەندە، بىر پارچە «چوقان» دېگەن كىتابنىڭ ئەشۇ چىدىغۇسىز تەنھالىقتىكى ئاي-كۈنلەرنى ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ بىللە ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن كېيىنكى تەسىرىنى يادىغا ئېلىپ: «تام تۈۋىدىكى بىر تال ئاجىز گىيامۇ قۇياشنىڭ تەپتىگە مۇھتاج، لۇشۈن ئەپەندى گويا ھەممىگە نۇرىنى سېپىدىغان قۇياش ئىدى» دەپ يازىدۇ. ماقالىنىڭ بېشىدا «مەن» نىڭ بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە چىقىۋاتقان بورانىنى تۇيمىغاندەك چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى

يېزىپ، ئايىقىنى: «بوران توختىمىدى. ئەمما كۈننىڭ نۇرى كوچا-رەستىلەرنى ئىسسىتماقتا. مەن خېلى ئارام ئېلىۋالدىم، ئەندى يولۇمغا ماڭاي» دەپ چۈشۈرىدۇ. ئاددى ۋە ئىخچام جۈملىلەرنىڭ تېگىگە ئۇچۇق ئېيتىلمىغان، چوڭقۇر مەنانى يوشۇرىدۇ. ئەسلىدە ئاپتورنىڭ سېغىنىشلىق ھېسسىياتى سۆزلەپ تۈگەتكىلى، يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مول ۋە چوڭقۇر بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور قەلىمىنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرتىۋەرمەي، پىكىرىنى، سۆزىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئىخچام-لىغان، قاتتىق مەركەزلەشتۈرگەن.

كۈچلۈك ھېسسىيات، ئوتلۇق ھېسسىيات — باجىن نەسىر-لىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. باجىن — مۇھەببەت، نەپرىتى ئېنىق، ئىنتايىن سەزگۈر يازغۇچى. ئۇ گوركىنىڭ «ئىزىرگىل موماي» ناملىق ئەسىرىدە يارىتقان ئۆزىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ باشقىلارغا يولنى يورۇتۇپ بېرى-دىغان قەھرىمان دانكودىن بەك سۆيۈنىدۇ. دانكونىڭ قولىدا كۆيۈپ پارلاۋاتقان يۈرەكنى، باجىننىڭ نەسىرلىرىدىكى ئوت ئېلىپ كۆيۈۋاتقان كۈچلۈك ھېسسىياتقا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن باجىن ئۆزىمۇ: «ھېسسىيات بەك مول، بەك كۈچلۈك، بۇنىڭ ھەممىسى بەس-بەس بىلەن قەلىمىمنىڭ ئۇچىغا يىغىلىۋېلىپ، قەلىمىمنى بىراقلا ئېغىرلاشتۇرۇ-ۋېتىدۇ»① دەيدۇ. باجىن ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى

① باجىن «دىشىيەننىيالىڭ كۆۋرىكى بويىدا»غا ئىلاۋە» دىن «يازغۇچىلار نەشرىياتى» 1964-يىل نەشرى

يوشۇرغان ئەمەس. ئۆزىنىڭ قايغۇ ۋە ئازابلىرىنىمۇ، ھەتتا ئاجىزلىقلىرىنىمۇ يوشۇرغان ئەمەس. بەلكى ئۆزىنىڭ قەلبىنى، كۆڭلى كۆكسىنى تامامەن ئاشكارىلاپ، كىتابخانلارغا تاپشۇرۇپلا كەلگەن.

باجىن نەسىرلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىمۇ كۆزگە ئاسان چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ بەزىبىر نەسىرلىرى «ۋەزىپە ئۈچۈن» يېزىلغان بولغاچقا، تاۋلانمىغان، ئانچە قىممىتى يوق. بەزى ئەسەرلىرىدە قىزغىنلىق ھەددىدىن زىيادە-يۇ، تاۋلاش يېتەرسىز. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەر: «خۇددى ئاغزى ئېچىلىپلا كەتسە، گېپى تۈگىمەيدىغان، ھەممىنى دەۋالمىغىچە ئارام تاپمايدىغان كوت-كوت بالىلارغا ئوخشايدۇ»① ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى نەسىر ئىجادىيىتىدە بەزى تۈرلەر بىۋىچە يېڭىلىقلار يارىتىلغان بولسىمۇ (مەسىلەن: ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدە)، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى يازغان «قۇياش»، «ئاي»، «يۇلتۇز» دېگەندەك قىسقا نەسىرلەرنى، «چىراق»، «قۇشلارنىڭ جەننىتى» دېگەندەك نەپىس نەسىرلەرنى، ئاجايىپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئەجدەرھا»، «چۈشۈمنى ئىزدەپ» دېگەندەك نەسرىي شېئىرلارنى يازالمىدى.

---

① باجىن «ئۆزەمنىڭ نەسىرلىرىم ھەققىدە پاراڭ»دىن

## 6 - §. لىۇبەيىۋي ۋە چېڭمۇنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى

1. لىۇبەيىۋنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى.

«سەھەر قۇياشى»، «قىزىل ھېقىق» ناملىق توپلاملار لىۇبەيىۋنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگا ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. «سەھەر قۇياشى» غا 18 پارچە بەدىئىي ئاخبارات كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئىزلاردىكىدىن چېچەكخارغىچە» دېگەن بەدىئىي ئاخباراتى ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن مۇشۇ ژانىر بويىچە يېزىلغان نەمۇنىلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئاجايىپ رەڭدار بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنقىلابىي قىزغىنلىققا تولۇپ تاشقان. ئاپتورنىڭ قەلىمى ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلىرىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى ۋە جۇشقۇن تۇرمۇشىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. رەڭدار، يارقىن ئارقا كۆرۈنۈش ئۈستىدە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان قەھرىمانلارنىڭ پورترېتىنى سىزىپ، ئىگىلىك تىكلەشتىن ئىبارەت دەۋر روھىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئاپتور «تۈمەنلىگەن زەمبىرەكلەر جېنىمىنى تىترەتمەكتە»، «قىزىل ئوكياندىكى ئوت يالقۇنى»، «باتۇر ئارال» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە فۇجيەن ئالدىنقى سېپىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ 1958 - يىلىدىكى دېڭىز مۇداپىئە ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى ۋە يۈكسەك ئىنقىلابىي روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «قىزىل ھېقىق» توپلىمىغا لىرىكىلىق نەسرلەردىن 15 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. ئەگەردە «سەھەر قۇياشى» توپلىمىدىكى ئەسەرلەردە جەڭگىۋار كۆرەشلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان دېيىلسە،

ئۇنداقتا «قىزىل ھېقىق» توپلىمىدىكى لەرنى ئىنقىلابىي جەڭچى- لەرنىڭ چوڭقۇر ۋە يالقۇنلۇق ئوي-پىكىرلىرىنى ئىپادىلىگەن دېيىش مۇمكىن. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەيلى «كۈننىڭ چىقىشى» بولسۇن، ياكى نۇرلۇق چىراقلار بولسۇن، مەيلى كىتاب ئوقۇشتىن تەسىراتلار بولسۇن، ياكى ساياھەت خاتىرى- لىرى بولسۇن، ھەممىسىلا يۈكسەك ۋە ئۇلۇغۋار بىر پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەسىلەن: «چاڭجياڭدا ئۈچ كۈن»، «كۈننىڭ چىقىشى»، «چىراق نۇرى»، «قىزىل ھېقىق»، «قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغ- دىكى ئىلھاملار»، «كۆز پەسلىدە يازغانلىرىم»، «نورۇز گۈلى ھەققىدە» قاتارلىق نەسىرلەرنىڭ ھەممىسى شاقىراتمىدەك ھەي- ۋەت بىلەن شاۋقۇن سېلىۋاتقان قايناق ھېسسىيات بىلەن تول- غان، ئۇلاردا يەنە بۇلاقتەك تىنىق ۋە چوڭقۇر پىكىر يوشۇ- رۇنغان. ئاپتور مەنزىرە تەسۋىرلىرىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قارى- غاچقا، بۇ نەسىرلەردە شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن گۈزەل مەنزىرى- نى بىر بىرىگە يۇغۇرۇۋەتكەن.

ليۇبەيبۈي، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە تاۋلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇرۇش توغرىسىدا كۆپ ئوچېرك يېزىپ قەلە- مى ناھايىتى پىشقان يازغۇچى. ئۇ: «مېنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇش- تىن ئالغان ھاسىلاتىم ناھايىتى كۆپ. ئۇنى ئۆمۈر بويى ياز- ساممۇ تۈگىمەيدۇ»① دەيدۇ. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يازغۇچىنى يالغۇز ئىجادىيەت مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە

①: «چىراق نۇرى» ناملىق نەسىردىن ئېلىندى.

ئۇنى جەگچىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە پەلسەپىسى بىلەنمۇ تونۇش-تۇردى. ئۇ تۇرمۇشنى جەگچىگە خاس نەزەر كۆزى بىلەن كۆزىتەلەيدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشنى ھېس قىلالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا، تۇرمۇشتىكى ئاك-تىپ، ئۇمىدۋارلىق، ئالغا ئىنتىلىشتەك ئېلېمېنتلارنى سەزگۈر-لۈك بىلەن سېزىۋالالىدى: تۇرمۇش دولقۇنلىرىدىن ئۇلۇغۋار شېئىردىي پىكىرلەرنى تاۋلاپ چىقىپ، قەھرىمانلارنىڭ كوللېك-تىپ ئوبرازىنى ياراتالىدى؛ تۇرمۇشنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ لوگىكىسى بويىچە كۆزىتىپ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. لىيۇبەيىۋي بىزنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىمىز جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن قولغا كەلگەن، بىزنىڭ بۈگۈنكى باتۇر قۇرۇلۇشچىلىرى-مىز نامايان قىلىۋاتقان ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەش، كۈرەش قىلىش روھى، خەلقىمىزدە تارىختىن بويان داۋاملى-شىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە دەپ قارايدۇ.

لىيۇبەيىۋيدە پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك ھېسسىيات ۋە چۈ-شەنچە ئۇنىڭ نەسىرلىرىنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيىۋىي ئالا-ھىدىلىككە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشتىن ماتېرى-يال ئالغان ئەسەرلىرى مۇشۇنداق بولۇپ قالماي، بۈگۈنكى تۇرمۇشقا بېغىشلانغان نەسىرلىرىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ خىل نەسىرلىرىدە سوت-سىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بۇ ئادەتتىكى خىزمىتىنى ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ داۋامى، دەپ بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلاردا ئوخشاشلا كۈچلۈك پىداكارلىق روھىنىڭ بارلىقىنى

ئىپادىلەيدۇ. ئاپتور بۇگۈنكى كۈندە نۇر چېچىپ تۇرغان چى-راقلارغا قارىغىنىچە ئەشۇ جاپالىق سەپەرلەر ئۈستىدە ئويلاي-دۇ. قونالغۇلاردا ياققان گۈلخانلارنى ئەسلەيدۇ. تيەنئەنمىن قۇرۇلۇش مەيدانىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ جاپالىق ئۆتمۈشنى، جەڭگىۋار سەپەرلەرنى ئەسكە ئالىدۇ.... ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەتتا تاغ - دەريا ۋە دەل - دەرەخلەرمۇ، ئاي - يۇلتۇز، قار - يامغۇرلارمۇ كۈرەشكە بولغان ئىشتىياق بىلەن سۇغۇرۇل-غان بولىدۇ.

بىزنىڭ ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بې-رىش، قۇرغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى تىكلەپ، كىشى-لەرنى جاپالىق كۈرەشلەرنى ئۇنۇتماسلىققا دالالەت قىلىش، يېڭى تۇرمۇشنى يارىتىش ئۈچۈن ئالغا چامداش — مانا بۇلار ليۇبەييۈينىڭ نەسرلىرىنى باشتىن - ئاياق تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئىدىيىۋى پىكىرلىرىدۇر. ئىنقىلابىي رومانتىزملىق رەڭنىڭ قو-يۇقلۇقىمۇ ليۇبەييۈي ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېساب-لىنىدۇ. ليۇبەييۈي نەسر ۋە بەدىئىي ئاخباراتلارغا ئاپتور-نىڭ ئىنقىلابىي ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈشنى بەك تەكىتلەيدىغان يازغۇچى، ئۇ «ئۇچېرك يېزىش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا: «ئەگەر ئاپتور ئۆز ھېسسىياتىنى ماقالىغا سىڭدۈرەلمىسە، ماقالا قانداق قىلىپ ئوقۇتقۇچىنى قىزغىنلىققا ۋە رەڭدارلىققا ئىگە بو-لالىسۇن؟» دەپ يازىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر خىل ھېسسىيات-نىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاپتورنىڭ قەلىمى توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يۈكسەك تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتى ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلار تەسۋىرى-

گە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن پۈ-
تۈلگەن تەسۋىرلەر بەكمۇ تەسىرلىك ۋە رەڭدار. ئۇنىڭ تە-
سەۋۋۇرى بىپايان ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپە ئۈستىدە قانات
قاقىدۇ. ئۇ ئايرىم - ئايرىم تىپىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىن-
قىلابنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لىيۇبەييۈي
نەسىرلىرىنىڭ تىلى كۈچلۈك ۋە گۈزەل. ئۇ — تەسىرلىك سۆز-
جۈملىلەر ئارقىلىق جەڭگىۋار روھنى ئىپادىلەشكە ماھىر ياز-
غۇچى. ئۇ سۆز - جۈملىلەرنى تاللاشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرى-
دۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتقا باي، پەلسەپىۋى پىكىرلىك
جۈملىلىرىنى كىشىلەر ئادەتتە ھەتتا ئەقلىيە سۆزى قىلىۋا-
لىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ نەسىرلىرىنى «سىياسىي پۈرىقى»
كۈچلۈك دەپ ماختاشلىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. لىيۇبەييۈي
نەسىرلىرىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەس-
رى «چاڭجياڭدا ئۈچ كۈن» دە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادى-
لەنگەن. بۇ نەسىردە ئاپتور «جياڭ جيېڭ» ماركىلىق پاراخوت-
قا ئولتۇرۇپ، چوڭچىڭدىن دەريانىڭ ئېقىشىنى بويلاپ ماڭغان-
لىقىنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ كۆرگەنلىرى ۋە ئالغان تەسىراتى ئىپادىلەنگەن. بۇ
ئەمەلىيەتتە قايناملار ئارا دولقۇن يېرىپ ئالغا كېتىۋاتقان
جەڭچىنىڭ كۆرگەنلىرى ۋە ھېس قىلغانلىرىدۇر. ئاپتور سەن-
شيانىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىمىگەن، سەن-
شياغا تەئەللۇق بولغان رىۋايەتلەر ۋە سەنشيادىكى ئاسارە-
ئەتىقىلەر ئۈستىدىمۇ كۆپ توختالمىغان. ئەسەردە جىمجىتلىقنى
كۆزىتىشكە قارىغاندا قىزغىن تەسەۋۋۇر كۆپ بولۇپ، جۇش

ئۇرۇپ تۇرغان ھېسسىيات دولقۇنلىرى ھەيۋەتلىك ئوبرازنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئەسەردە كېمىنىڭ كېتىۋاتقانلىقى يېزىلغان. كېمە ئالغا ئۈزمەكتە، مەنزىرىلەر ئالماشماقتا ۋە غۇۋالىشىپ، ھېسسىياتقا ئورۇن بوشاتماقتا، پىكىرلەر ئۆركەشلىمەكتە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چاڭجياڭدىكى سەنشيانىڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسى ئاپتورنىڭ قەلبىدىكى جەڭگىۋار ھېسسىيات بىلەن بىرلىشىپ، ئەسەرنى دەۋر روھىغا ئىگە قىلغان، كۆرەشچانلىق ۋە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە قىلغان.

2. چىڭمۇنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى.

چىڭمۇ — بىلىم دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئۆتكۈر يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى لىن جۈفۇ بولۇپ، 1919 - يىلى شياڭگاڭدا تۇغۇلغان. ئۈچ يېشىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن سىنگاپورغا كېتىپ، 1932 - يىلى 13 يېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.

ئۇنىڭ نەسىرلىرىنىڭ تېمىسى كەڭ بولۇپ، ئەسەرلىرى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. كۆز قاراشلىرى ئۆزگىچە. قەلىمى ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك ئۇ: «دەريادىكى بۇژغۇنلار توپلىمىغا مۇقەددىمە» دە: «بۇ توپلامدىكى نەسىرلەر گەرچە خىلمۇ - خىل، رەڭگا - رەڭ بولسىمۇ، ئۇلارنى بىرلا جۈملە سۆز بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يەنى مېنىڭ يازغانلىرىم ئۆزەمنى ھاياجانلاندۇرغان، تەسىرلەندۇرگەن، شاتلاندۇرغان، غەزەپلەندۇرگەن ۋە ئويغا سالغان ئىشلاردۇر. مەن بۇ ئىشلارنىڭ كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرگۈچىلىكى بار دەپ قارىغاچقا، بۇلارنى يازدىم.» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «بۇ توپلامدىكى بەزى

ئەسەرلەردە بىۋاستە مەدھىيىلەش ۋە بىۋاستە سۆكۈشتىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەردە يەر-زېمىن ھەققىدە سۆز ئېچىپ، تاغ-دەريالار، نەرسىلەر ئۈستىدە توختالغان. مانا مۇشۇنداق شە-كىل ئاستىغا كىشىلەرگە بېرىلگەن باھا يوشۇرۇنغان» دەيدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزى «قەدىمكى جەڭ مەيدانىغا باھار كەلدى»، «يەر»، «ئاشىق لىردىكىسى»، «گۈلزار شەھەر»، «تاشقىن ۋە كېمە»، «مۇھەببەت كۆزىدە باقىمەن تامدىكى سۈرەتكە» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە خېلى رازى بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىغا ۋاقىت كۆپ كەتكەن، تەييارلىق باسقۇچىمۇ ئۇزۇن بولغان. ئاپتور بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە كۆپ ئىشلىگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى كەڭ بولۇپ، بۇلار چىڭمۇنىڭ ۋەكىل-لىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چىڭمۇ ئۆز نەسرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكىگە بەك دىققەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن شۇنچە كۆپ تېمى-لارنىڭ مەيلى قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىگەنلىرى بولسۇن ياكى رەزىللىكنى قامچىلىغانلىرى بولسۇن ۋە ياكى ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغانلىرى، تاغ-دەريا مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەي-دىغانلىرى بولسۇن، ھەممىسىگە ناھايىتى روشەن ۋە ئورتاق بىر ئىدىيىۋى پىكىر سىڭدۈرۈلگەن. ئۇ بولسىمۇ، سوتسىيائا-لىزمنىڭ ئۆسۈۋاتقان ئامىللىرىنى ئالقىشلاش ۋە كونا جەمـ-ئىيەتنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدى-لىكى شۇكى: ئۇ يەر ئاسمان ئۈستىدە يازىدۇ. ئادەتتىكى نەرسىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر شەكىلدىن پاي-

دىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مول باسمىگە تايىنىپ، ئۆزگىچە كۆز قا-
راشلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. بەزى كىشىلەرنى مەدھىيىلەپ، بە-
زىلەرنى سۆكىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئۇنىڭ نەسىرلىرىدىكى يوكسەك ھېسسىيات ئەشۇنداق
دەم ئالدۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش شەكلى ئارقىلىق كىشىلەرگە
تەسىر كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇنىڭ نەسىرلىرىنىڭ ئىدى-
يىۋىيلىكى، ئاممىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى ئۈچ بىرلەشكەن، دەپ ئېيى-
تىشقا بولىدۇ.

چىڭمۇنىڭ نەسىرلىرىدىكى ئىلغار ئىدىيە ئاساسەن ئۇنىڭ
مەسىلىلەرگە قارىتا قىلغان چوڭقۇر تەھلىللىرىدە ۋە ئۆزگىچە
كۆز قاراشلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ مول بىلىمى ئۇنىڭ
پىكىرلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتى-
دۇ. ئۇنىڭ بىلىم ئاساسى مول بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەردىكى
تەسەۋۋۇر ۋە لىرىكىلار ئورۇنلۇق ۋە جايىدا بولغان.

ئىدىيىۋىلىك ۋە بىلىم ئاساسىنىڭ بىرلىكى، چىڭمۇنىڭ
نەسىرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: لىرىك نەسىر
«يەر» دە ئاپتور كەڭ زېمىنگە يۈزلىنىپ چوڭقۇر تەسەۋۋۇر
قىلغان. ئۇنىڭدا مول تارىخىي بىلىم ۋە تۇرمۇش بىلىملىرى
ئىخچام ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: فۇجيەنىنىڭ دېڭىز بويى را-
يونلىرىدىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ چېچىنى ئارقىسىغا تۈگۈن قى-
لىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ دانە قىلىچ شەكىللىك كىچىك زىنچى-
نى سانجىۋالىدىغانلىقى، ئۇ يەردە بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەر
ئۆلگەندە يۈزىگە ئاق لاتا ياپىدىغان ئۆرپ ئادەتنىڭ بارلى-
قى، شىن خوي دېگەن جايدا «بىر سۈڭگۈك ئالتۇن كۆۋرۈك»

دەپ ئاتىلىدىغان كۆرۈكنىڭ بارلىقى قاتارلىق بىلىملەرگە
سىڭدۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئاپتورنىڭ چوڭقۇر تەھ-
لىل قىلىشى بىلەن دەرھال جۇلالىنىپ، چاقناپ كېتىدۇ-دە
كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. خەلقنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بول-
غان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەپ، ۋە-
تەننى قوغداش ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئىدىيۋىلىك بىلەن
بىلىم ئاساسىنىڭ بىرلىكىنى ئاپتورنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تەس-
ۋىرلىگەن ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلغان نەسىرلىرىدىن تېخىمۇ
روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «دېڭىز ساھىلىدىن قۇلۇلە
قېپى يىغىش» دېگەن نەسىردە ئاپتور ھەرخىل رەڭلىك، خىل-
مۇ-خىل قۇلۇلە قاپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ تارىخ-
تىكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى رولى ھەم تۆھپىسىنى كۆر-
سىتىپلا قالماي، يەنە ئەشۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى يىغىش ئىشى-
دىن «ھادىسىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان بولىدىغانلىقى»
نى ئەگەر كىشىلەر تۆمەنمىڭ ھادىسىلەرنىڭ زىددىيەتلىك،
مۇرەككەپ، ئالاقىدار، ئۆزگىرىشچان بولىدىغان دېئالېكتىكىلىق
مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇيالمىسا نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرگە
دۇچار بولىدىغانلىقى» نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن بىرگە قۇم دانچىلىرى يىغىلىپ توپلىنىپ دېڭىز ساھىلى-
دىكى قۇملۇقلارنى بەرپا قىلىدىغان، تامچە-تامچە سۇلارنىڭ
قوشۇلۇپ، بىرلىشىپ دېڭىز-ئوكيانلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقى-
دەك ھەقىقەت ئارقىلىق كىشىلەرگە: «ئەگەر سان-ساناقسىز
ئادەتتىكى كىشىلەر بولمىسا ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭمۇ بولمايدىغان-
لىقى، ئەگەر كوللېكتىپتىن ئايرىلسا، ئۇلۇغلارنىڭمۇ ئەرزىمەس

بىر ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى» دەك قانۇنىيەتنى شەرھىي-لەپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ خۇددى نىيوتونغا ئوخشاش ئۆزىنى تېخى سىرلىق بولۇپ تۇرغان ھەقىقەتنىڭ دېڭىزى ئالدىدا گۈزەل ۋە يالتىراق قۇلۇلە قېپى يىغىپ يۈرگەن بالا، دەپ سېزىپ تەكەببۇرلۇق شۇنداقلا ئۇمىتسىزلىكنى دېڭىزغا چۆرۈۋېتىش لازىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

چىڭمۇ نەسىرلىرىنىڭ بەدىئىي تەسىر كۈچى ئاپتورنىڭ مول بىلىمى، ئۆزگىچە كۆز قاراشلىرىدىنلا ئەمەس، يەنە ئۇ-نىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقىدىنمۇ كەلگەن. چىڭمۇ نەسىر ئىجادىيىتىدە ئىدىيە، بىلىم تىلدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئېلې-مېنتنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. چىڭمۇ تىل ئىشلىتىشكە ناھايىتى ئۇستا يازغۇچى. ئۇ جانلىق تىلغا ناھايىتى باي، ئۇنىڭ تىلى ئەسەر مەزمۇنىغا، پېرسوناژ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئۆزگىرەلەيدۇ. يېتىمەن دېگەن دەرىجىگە يېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئادەتتە يېقىملىق، تەسۋىرلىرى جانلىق بولۇپ، يېزىپ ھالقىلىق جايغا كەلگەندە قەلىمىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ، كۈچەيتىدۇ. ئۇ: «كونا دوست-ئاغىنىلەر بىلەن ئورمانلىقتا سەيلە قىلىپ يوگەندەك ياكى چىراق تۈۋىدە ئولتۇرۇپ سىر-دىشىۋاتقاندەك شەكىلنى» ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئاشكارىلاشتىن قورق-قان ئەمەس. ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى تىل ئادىتى بويىچە سۆزلەيدۇ ۋە يازىدۇ. ئۇ ئۆز نەسىرلىرىدە ئاغزاكى تىلدىن ۋە توغرا، دەلمۇ-دەللىكى كۈچلۈك كونا تىلدىن پاي-دىلانغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئىستىلىستىك ۋاستىلارنى ئۇس-

تىلىق بىلەن ئىشلىتەلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەسۋىرلىرى ناھايىتى جانلىق، بايان ۋە لىرىكىلىرى تەسىرلىك، تەھلىل ۋە مۇھاكىمىلىرى مەنىلىك ھەم تەملىك بولالىغان.

## 7- §. بىيىڭ شىن، شۈيچى، خەنزى، خې ۋىي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى

يېڭى دەۋردە نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان نەسىرچىلەر ناھايىتى كۆپ. مەيلى ئۇ شائىر ياكى يازغۇچى بولسۇن، ياكى سىنارىست، دراماتۇرگ بولسۇن ھەممىسىلا نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ باققان. يېڭى دەۋردىكى نەسىر ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئىچىدە «4-ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن بۇيان ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، چوڭ شۆھرەتكە ئىگە باجىن، بىيىڭ شىن قاتارلىق يازغۇچىلار، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلىپ كەلگەن ليۇبەيىيۈي، ياڭ سو، ۋىي ۋىي، چىڭ مۇ قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلار، ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن تونۇلغان شۈچى، يۈەن يىڭ، خې ۋىي، ۋېي گاڭيەن قاتارلىق نەسىرچىلەر، تاۋجۇ، دىڭ تو، لياۋموشا قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى ئىنقىلابىي كادىرلار؛ ۋۇخەن، ۋۇبوشياۋ، ساۋچىڭخۇا قاتارلىق تارىخشۇناسلار، ئالىملار، مائارىپچى ۋە داڭلىق تەرجىمانلار، ھەتتا ئاساسلىق دىققەت نەزەرىنى دراما، پروزا ۋە باشقا

ئەدەبىي ژانىرلارىنىڭ ئىجادىيىتىگە قارىتىپ كەلگەن گومورو، لاۋشې، يې شېڭتاۋ، جوۋ چىڭ قاتارلىق ئاتاغلىق يازغۇچى، دراماتۇرگلار شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان، ئىشتىن سىرتقى نەسىر-چىلەر بار.

بىز تۆۋەندە بۇ چوڭ قوشۇنىنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى بار بىرقانچىلا نەسىرچى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. بىڭ شىننىڭ نەسىر ئىجادىيىتى

بىڭ شىن 1900 - يىلى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ «4 - ماي» يېڭى ئەدەبىيات سەھ-نىسىگە ئەڭ دەسلەپ چىققان ئايال يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان پروزىك ئەسەر-لەرنى، شېئىر ۋە نەسىرلەرنى يازغان. بىراق ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى «كىچىك كىتابخانلارغا»، «تاغ ئارىسىدىكى خاتىرىلەر» دېگەندەك مۇنەۋۋەر نەسىرلىرى بىلەن قولغا كەلگەن.

ئۇ، ئازادلىق تېڭى ئاتقاندىن كېيىن، يەنى 1951 - يىلى كۈزدە ياپونىيىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇندىن باشلاپ ئۆزىنى شەخسىي تۇرمۇشنىڭ «كىچىككىنە زېمىنى» بىلەن چەكلەپ قويماي، خەلق تۇرمۇشىنىڭ رەڭدار ۋە چەك-سىز دېڭىزىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ نەسىر ئىجا-دىيىتىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ «يەنە كىچىك كىتابخانلارغا» ناملىق نەسىرلەرنى يېزىشقا باشلىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ «قايتىپ كەلگەندىن كېيىن»، «بىز باھارنى ئويغىتى-

ۋەتتۇق»، «نورۇز گۈلگە مەدھىيە»، «كىچىككىنە پانۇس» قاتارلىق نەسرلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادكار قەلىمىنى توختاتماي يەنە «كۆتۈش»، «ماۋجۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا»، «دېگەندەك نادىر ئەسەرلەرنى يازدى.

بىيىڭ شىن نەسرلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى ئاياللارغا خاس «ئىنچىكىلىك ۋە نەپىسلىك» لىكى، بالىلارغا خاس «پاك ۋە ساددىلىقى» بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «كىچىككىنە پانۇس» ۋە «نورۇز گۈلگە مەدھىيە» ناملىق نەسرلىرى ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى تولۇق ئىپادىلەپ كۆرسىتەلەيدىغان ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

«كىچىككىنە پانۇس» تا ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يېزىلغان بولۇپ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان كىچىك قىز ـ چاقىنىڭ تەمكىن، باتۇر، ئۇمىتۋارلىقى كىشىنى تەسرلەندۈردۇ بۇ قىزچاق ئەجىر قىلىپ ياسىغان كىچىككىنە پانۇسنىڭ ئاجىز ئەمما قىزىل نۇرى ئەشۇ قاپ ـ قاراڭغۇ كېچىدە ئاپ ـ تورنىڭ يولىنى يورۇتۇپلا قالماي، ھەر بىر كىتابخانىنىڭمۇ قەلبىنى ئىللىتىدۇ. ئەسەردە سۆزلىنىۋاتقىنى ئۆتكەن ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەر ۋەقەلىكى كىشىگە گويا ئەسلىمىلەر تۈگىنىدىن ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چىقىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇ ـ لۇپ بىر خىل سالماقلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسەر چوڭقۇر ۋە تەبىئىي، ھەم نەپىس، ھەم لىرىكىلىق بولۇپ، قىسقا شېئىرغىلا ئوخشايدۇ.

«نورۇز گۈلگە مەدھىيە» ناملىق نەسرى «كىچىككىنە

پانۇس» قا قارىغاندا تېخىمۇ قىزغىن، ئۇنىڭدىكى رەڭ تېخىمۇ قېنىق. بۇ نەسىردە ياپون خەلقىنىڭ كۈرەشچانلىق روھى ۋە جۇڭگو - ياپون خەلقىنىڭ دوستلۇقى مەدھىيىلەنگەن. ئەسەر: «نورۇزگۈلى ياپونىيىنىڭ سىمۋولى، ئۇ خۇددى ئاپپاق قاردىن لىباس كىيگەن فۇشىشەن تېغىغا ئوخشاش ياپونىيىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلمەكتە» دەپ باشلىنىپ، رەڭدار قەلەم بىلەن ياپونىيىدىكى نورۇز گۈلىنىڭ خىلمۇ - خىل تۈرلىرىنى، ياپونىيىلىكلەرنىڭ باھار پەسلىدە نورۇزگۈلىنى تاماشا قىلغاندا ھەددى - ھېسابسىز شاتلىققا چۆمىدىغانلىقلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاندىن ئاپتورنىڭ تۇنجى قېتىم توكيودا نورۇزگۈلىنى تاماشا قىلغان چېغىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەيدۇ. بىراق بۇ سۆزلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ تۈپ پىكرىگە زېمىن ھازىرلاشتىنلا ئىبارەت خالاس. ئەسەرنىڭ جەۋھىرى، ئاپتورنىڭ 1961 - يىلى باھاردا جىنزېلودا نورۇزگۈلىنى تاماشا قىلغان چېغىدىكى كۆرگەنلىرى ۋە ھېس قىلغانلىرى ھەققىدىكى لىرىكىلىق بايانىدۇر:

«جىنزېنىڭ نورۇز گۈلى باشقىچە ئەمەس، ھەممە يەرنىڭ نورۇز گۈللىرى ئوخشاشلا گۈزەل. شوپۇرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ۋە تەسىرلىك سۆزى — ياپون ئەمگەكچى خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر جۈملە سۆزى، مېنىڭ تەسەۋۋۇر كەپتىرىمنى كۆز ئالدىمدىكى تاغنى قاپلىغان نورۇز گۈللىرى دەرھال جۇڭگو - ياپون خەلقىنىڭ دوستلۇقىنىڭ گۈل دېڭىزىغا ئايلانغان، دوستلۇق كارابى سەھەر قۇياشى تامان ئۇچقاندەك ئۈزۈپ كېتىۋاتقان

خىيالى مۇھتقا باشلاپ كەتتى»

ئاپتور بۇ يەردە كۆز ئالدىدا نامايان بولغان خىيالىي كۆرۈنۈشنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىلغان بۇ خىيالى كۆرۈنۈش، ئەمەلىيەتتە ئاپتور ھېسسىياتى ۋە تونۇشىنىڭ يۈكسەكلىككە كۆتىرىلىشىدۇر. بۇ نەسرنىڭ يېزىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئاپتور مەنزىرىلەرنى، نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، قەلەمنى ئايىماي، ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي يازغان، ئەمما بىرەر ئىشنى بايان قىلغاندا بولسا، پۈتۈنلەي «سىدام تەسۋىر» نى ئىشلىتىپ، ئەينەن ۋە پەدازسىز يازغان. بۇئىككىلىق بىلەن ئەسەردىكى رەڭنىڭ (سۈرىتىنىڭ) قويۇق-سۇيۇقلۇقى تەڭشىلىپ كەلگەن شۇنداقلا قەلەمنىڭ ئۆزگىرىشلىرىمۇ ئىپادىلەنگەن.

بىيىڭ شىن — ئۆزگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن يازغۇچى. ئۇ نەسرلىرىدە ئۆزگە خاس ھېسسىياتنى ئۆزگە خاس تىل (قەلەم) ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىلىمىزنىڭ كلاسسىك شېئىرلىرىغا بەك زوقمەن بولغاچقا، ئەسەرلىرىگە تولا-تولا داڭلىق شېئىرلارنىڭ ئايرىم مىسرالىرىنى قىستۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىشكىمۇ ئېتىۋار قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تاگور قاتارلىق چەت ئەلنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىنىڭ تەسىرى بار.

بىڭ شىننىڭ قىسمەن ئەسەرلىرىدە يېڭى پىكىرلەر كەم بولىدىغان، بەدىئىي جەھەتتە سەل قوپالراق چىقىپ قالىدىغان يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭ يەنە بەزى نەسرلىرى سەل قورۇنۇپ قالغاندەك، ئاخىرلاشتۇرۇشقا بەك ئالدىراپ پىكىرنى تولۇق ئېيتىپ بولالمىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

### 2. شۇيېچىنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى

شۇيېچى، 1914 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىيىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 30 - يىللاردىن باشلاپ شېئىر ۋە نەسىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ «20 ياشلىق كىشىلەر»، «ئەڭ كۈچلۈك سادا» دېگەن شېئىر توپلاملىرى، «نەپىس ماقالىلار توپلىمى» دېگەن نەسىرلەر توپلىمى، «شاتلىق كېچىسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلىرى بار. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ يېزا، قىشلاق، شەھەرلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇقتىلىرىنى زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «دەۋرىمىزنىڭ كىشىلىرى»، «غەلىبىنى قۇتلۇقلاش زىياپىتى» ناملىق ئوچېرىكلار توپلىمى، «ئۇرۇش، تىنىچلىق، ئىلگىرىلەش»، «گۈزەل، قالتىس، مول»، «جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ گىمنى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. 1978 - يىلى ئۇنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى «گۈلدىباغ قىياسى» جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1979 - يىلى شۇيېچى نەسىرلىرىدىن تاللانمىلار توپلىمى» نەشر قىلىندى.

شۇيېچى ئىككى دەۋرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە، نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرگە ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، بىلىم ئاساسى چوڭقۇر. بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت بىلىملىرىدە ئاساسى پۇختا. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدە زور نەتىجىگە ئېرىشەلىدى.

ئۇنىڭ داڭلىق ئەدەبىي ئاخباراتلىرى: ھازىرقى زامان يازغۇچىسى جىڭ جىندونىڭ ھاياتىنى يازغان «يالقۇن ئىچىدىكى سۇمرۇق» (1952 - يىلى يېزىلغان)، دۇنخۇاڭ سەنئىتىگە پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان رەسسام، گۈزەل سەنئەت تەتقىقاتچىسى چاڭشۇخۇڭنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان «چىلىيەنشەن تېغى ئېتىكىدە» (1956 - يىلى يېزىلغان، 1962 - يىلى ئېلان قىلىنغان)، ئەنئەنىۋى تىئاتىر ئارتىسلىرى ۋېي زى بىلەن ياۋخۇاڭنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەن «مودەنگۈل» (1965 - يىلى يازغان)، ماتېماتىك چېڭ جىڭرۇننىڭ خاسلىقىغا ئىگە مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە تەتقىقات ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگەن «گولدىباخ قىياسى» (1978 - يىلى يېزىلغان) قاتارلىقلاردۇر.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تېخى ئەدەبىي يوقىتىلغان، زىيالىيلارنى دۈشمەن كۆرىدىغان سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە خەلقنى نادان تۇتۇش سىياسىتى تېخى ئەندىكى پەيپەن قىلىنمىغانىدا، بەزى كىشىلەر زىيالىيلارغا تېخىچە باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغان شارائىتتا، يازغۇچى شۈيچى چوڭ يۈرەكلىك ۋە ئىنقىلابىي يازغۇچىلارغا خاس جاسارەت بىلەن «گولدىباخ قىياسى» ناملىق مەشھۇر ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىپ، ئۆزىنى ۋەتەنگە، ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان زىيالىينىڭ تەسىرلىك پائالىيەتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زىيالىيلارنى مەدھىيىلىمەسلىك دېگەن چەك بىلەن چەكلىنىپ كېلىۋاتقان چەكلەنگەن رايونغا دادىللىق بىلەن بېسىپ كىرىپ، ئەدەبىي ئاخبارات شۇنداقلا پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەت

ئۇچۇن يېگى بىر ساھەنى ئېچىپ بەردى.

چىڭ جىڭرۇن دېگەن كىشىگە قارىتا ئەزەلدىن ھەر خىل باھالار بېرىلىپ كەلگەن بولۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ گۇماشتىلىرى ئۇنى «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» نىڭ تىپى دېسە، باشقا كىشىلەر ئۇنى ماتېماتىكىدىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئوڭلىيالمايدىغان لەقۋا دەپ كۆلۈشەتتى. يەنە بەزىلەر ئۇنى غەلىتە مىجەزى بار، يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىغان ئادەم دېيىشەتتى. ئومۇمەن ئۇ «غەلىتە ئادەم» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇيچى دەل مۇشۇ «غەلىتە» ئىپادىلىنىش شەكلىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ياشىغان تارىخىي مۇھىتى ۋە پۈتكۈل تۇرمۇش تارىخىغا ئېچكىرىلەپ كىردى. بۇ خىل خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سىرلارنى ئىزدەپ تېپىپ، بۇ شەخسنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدىكى ئىچكى گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈردى.

چىڭ جىڭرۇننىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئالاھىدە تۇرمۇش مۇھىتىدا شەكىللەنگەن. غۇربەتچىلىكتە، كەمسىتىلىپ، بالىلىق خۇشاللىقلاردىن لەززەتلىنەلمەي ئۆسكەن كىچىككىنە چىڭ جىنرۇننىڭ گۈدەك قەلبىگە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زەمبىرەك ۋە ئايروپىلانلىرى ۋەھىمە سېلىپ كېتىدۇ. مەكتەپتىكى ھاقارەتلەر ئۇنىڭغا جەمئىيەتنىڭ تەڭسىزلىكىنى تونۇتىدۇ. كۆز يېشى ئىچىگە ئاقىدىغان، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتىدىغان ئەھۋاللار ئۇنى ئاستا-ئاستا توپقا قوشۇلمايدىغان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان قىلىپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا قەتئىي

قايتمايدىغان ئىرادە كۈچىنى، چىدامچانلىقنى يېتىشتۈردۇ. ماتېماتىكا ئالىمىگە تۇنجى دەسسەپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۇقىرىقى خاراكتېرى تەرەققىي قىلىپ، ئۇنى ماتېماتىكا مەستانىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ هايات مۇساپىسىنى تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەندە، ئۇنىڭ ماتېماتىكىنىڭ «ئالتۇن تاجىسىدىكى گۆھەر» نى ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان، ئادەمنىڭ ئەقلى هەيران قالغىدەك زور تىرىشچانلىق ۋە چىدامچانلىقنى ئىنتايىن تەپسىلىي، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىڭ جىڭرۇننىڭ پەللىگە قاراپ تاشلىغان هەر بىر قەدىمىنى دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمي بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلغان. بۇ ياشقىنە ماتېماتىك ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا دۇنياسىغا ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى نېمىلەرگە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئۇنۇتقىنى يوق. ئاپتور ئۇنىڭ ئەشۇ هېسسىياتىنى «ماتېماتىكىنىڭ لوگىكىسى پولاتتەك مۇستەھكەم. كومپارتىيە ياخشى، گومىنداڭ ئەسكى، دېگەن ئاددىي ئۇقۇم ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدا ساقلاقلىق» دەپ ئىپادىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ نام، مەنپەئەت قوغلاشماي تەتقىقاتقا چوڭقۇر چۆككەنلىكى، ماتېماتىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان 10 يىل ئىچىدە دۇنيا ماتېماتىكا ساھەسىدىكى 7 قىيىن مەسىلىنى هەل قىلىشتەك ئاجايىپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ، ۋەتەن ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ شەخسنىڭ ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇشىدا پارلىغان نۇر ئارقىلىق بۇ ماتېماتىكىنىڭ ئۆپچۆرىسىنى چۇلغى-

ۋالغان تۇمانىنى تارقىتىۋېتىپ كىشىلەرگە ئۇنىڭ ھەقىقى قىيا-
پىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتور «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇ ماتېماتىك-
غا ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى سۆزلەپ،
ئۇنىڭ ئەشۇ مۇدھىش يىللاردا ھەر خىل شاماللارغا ئېغىپ
كەتمىگەنلىكىنى، زىيانكەشلىكلەرگە ئاجايىپ زور ئىرادە كۈچى
بىلەن تاقابىل تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ ئىللىق نۇ-
رى بۇ 6 كىۋادرات مېترلىق كىچىككىنە ھۇجرىغا قايتا چۈش-
كەندە، ئۆزىنىڭ ھايات مەشئىلىنى قايتىدىن ياندۇرغان چىڭ-
جىڭرۇن ئۆزىنىڭ ئەشۇ قاباھەتلىك يىللاردا يۈرەك قېنى بى-
لەن يېزىپ چىققان دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە ئىلمىي دوكلاتى-
نى پارتىيىگە تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق چىڭ-
جىڭرۇن ئوبرازىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. ئاپتور چىڭجىڭ-
رۇن ئوبرازى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ۋەتەندە يانغان ئىلىم-
پەن يالقۇنىنى ھېچقانداق قارا كۈچنىڭ ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدىغان-
لىقىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ بىر ئەدەبىي ئاخبارات بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدا
پروزىلىك ئەسەرلەردىكىدەك توقۇلما قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق
ئاپتور بۇ ئەسەردە مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئىچىدىن تى-
پىك ئەھمىيەتكە ئىگە دېتاللارنى يەنى ئۆز پېرسوناژىنىڭ قىسقا
ۋاقىت ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تە-
سىرلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن
ئەسەرنى راست ئىش ۋە ھەقىقىي شەخسلەرنىڭ ئاساسىغا
قويۇپ تۇرۇپ، تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ ۋە ئوبرازچانلىقىنى

كۆچەيتىدۇ.

بۇ ئەسەردىن ئاپتورنىڭ مول تەسەۋۋۇر ۋە كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىياتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاپتور ئىنتايىن ئىخ-چام ۋە جانلىق باياني، لىرىكىلىق مۇھاكىمىلىرى ئارقىلىق ئە-سەرگە چوڭقۇر تۇرمۇش پەلسەپىسىنى سىڭدۈرىدۇ، مەسىلەن: بۇ ئەسەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«خىلمۇ - خىل كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنۈپ ۋە يوقىلىپ چاق-ماق تېزلىكىدە ئالمىشىپ تۇردى. كىشىلەرنىڭ ئۆپكىسىنى تە-تۈر ئۆرۈيدىغان خۇشاللىق، شاتلىق، قايغۇ ۋە غەزەپ شۇن-داقلا ۋىسال شادلىقى، جۇدالىق زارىدىن پۈتۈلگەن رەڭمۇ-رەڭ ئويۇنلار ئوينىلىپ تۇردى. ھەر خىل شەخسلەر سەھ-نىگە چىقتى ۋە چۈشۈپ كەتتى. بەزىلىرى جىنايىتىنىڭ ئېغىر-لىقىدىن پەسكە ئۆلاپ جىسمى لاي - تۇپراققا ئايلاندى. تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ قۇتراشلىرى ئاقىۋەتتە قىزىل راۋاقتىكى شې-رىن چۈشلا بولۇپ چىقتى، خالاس. بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى گۈل چاغلىشىدى، گۈلدەك چاپسان تورۇپ تۈگىدى. يەنە بىر خىل تەقلىدىكى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار قارىغايدەك ياشىدى: دۇرۇس، ئۇلارمۇ ئۆلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ جاسارىتى زېمىن بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تې-غىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەنمەكتە. بۇ دەۋرلاندا بۇنداق مەردا-نىلار بەكمۇ تولا. ئۇلار جەڭگاھلاردا تاۋلانغان، مۇشكۈللۈك ئىچىدە گاڭغا ئايلانغان ئەلنىڭ سەر خىلى، زېمىننىڭ ئەركى-سى ئىدى. تارىخ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يېزىپ ئالدى. چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مۇئەييەنلەشتۈرۈش — ئىنكار قىلىش — ئىنى-

كارنى ئىنكار قىلىش زىممىسىدە ئاخىرى ئاجرىتىلدى. گىرىم قانچە لاتەپەتلىك بولسىمۇ، ھامانەم ئىۋىپ تۈگەيدۇ. زىيان- كەشلىكلەر يۇتىۋەتكەن بىگۇنا جانلارنىڭ روھى جەزمەن ئىنە- مىنلەندۇرۇلىدۇ. ئۇرۇقنى چاچقان ئىكەنسەن، ئورمىنىنىڭ بول- مىقى چوقۇم! نېمىنى تېرىغان بولساڭ، شۇنى ئالمىقىڭ چوقۇم!»

بۇنى نەسىر دېگىلىمۇ، شېئىر دېگىلىمۇ بولىدۇ. ئاپتور يۇقىرى دەرىجىدە تاۋلانغان سۆزلەر ئارقىلىق كۈچلۈك ھېس- سىياتى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ھا- دىسىلەرگە باھا بەرگەن. ئەسەردىكى سىياسىي مۇھاكىمىلەر ۋە پەلسەپىۋىي پىكىرلەر شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى شەكىللەن- دۈرگەن.

3. خەنزى ۋە خې ۋېي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ نەسىرلىرى

خەنزى: 1921 - يىلى تۇغۇلغان. جياڭسۇ ئۆلكىسى- دىن، بۇ ئايال يازغۇچىنىڭ «تىنچلىق مۇزىيى»، «باچكا توپ- لىمى»، «فرونت مەدھىيىسى» قاتارلىق توپلاملىرى بار. يېقىندا يەنە «گۈل توپلىمى» ناملىق توپلىمى نەشر قىلىندى. «مەن شاڭگەنلىڭدىن كەلگەن»، «خۇاڭشەن خاتىرىسى»، «مېيلىڭ- دىكى شېئىرىي ئىلھام» قاتارلىقلار ئۇنىڭ داڭلىق نەسىرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ نەسىرلىرىنىڭ شېئىرىي پۇرىقى كۈچلۈك، ھېسسى- ياتى نازۇك، تىلى يېقىملىق، خەنزى نەسىرلىك تۈزۈمۈش

دىتاللىرىنى تاللاپ ئىشلىتىپ، شۇ ئارقىلىق پەلسەپىۋىي پىكىر-لەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شېئىرىي پىكىرلەرنى يورۇتىدۇ. ئۇ: «تۇرمۇشنىڭ نۇرى ئەمەلىيەتتە شېئىرىي پىكىرنىڭ ئۇرۇقى-دۇر»① دەيدۇ ۋە: «ئادەم تۇرمۇشنىڭ مۇشكۈل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگەندە، ئۇنىڭدا شېئىرىي ھېسسىيات تۇغۇلىدۇ»② دەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ «يازغۇچىنىڭ بايانى» ناملىق ما-قالىسىدا: «مەن ئۆزەمنىڭ ھېكايىلىرىمدا ۋە نەسىرلىرىمدە تو-لۇق سىياسىي مەزمۇن بىلەن بىللە، قويۇق لىرىكىلىق پۇراق ۋە ئاز - تولا ئىنقىلابىي پەلسەپىنىڭمۇ بولۇشىنى، ئەسەرلەرنىڭ بىر خىل شېئىرىي تۈس ئېلىشىنى بەك ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازىدۇ.

خې ۋېي: ئەسلى ئىسمى خې جىڭيې بولۇپ، ئۇ 1922 - يىلى تۇغۇلغان. يۇرتى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ دىڭخەي ناھىيى-سى. ئۇنىڭ «ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھان»، «لەۋھە توپلى-مى» دېگەندەك توپلاملىرى بار. يېقىندا ئۇنىڭ تاللانغان نە-سىرلەر توپلىمى «دېرىزە تۈۋىدە» نەشىر قىلىندى. خەنزى ئۇ-نىڭ نەسىرلىرىنى: «قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تىلى نەپىس، بۇ-لار ئۆزئۆن يىللىق ئەمگەك بىلەن پۈتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمە-لىيەتتە بىر ئولتۇرۇپلا يېزىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياز-غۇچىنىڭ ئاساسىي پۇختا بولغاچقا، يەنى ئۇنىڭ نەزەر دائى-رىسى كەڭ، ئىدىيىسى پاك ۋە سۈزۈك، قەلىمى راۋان بول-غاچقا، ئاشۇ تەسادىپى كەلگەن ئىلھام بىلەن چوڭقۇر ھېسسى

①، ②: خەنزى «شېئىرى پىكىر ۋە ئۇسلۇب تەن»

ياتلىق نەسرلەرنى يېزىپ چىقالىغان. مەسىلەن: «ئىككىنچى قې-
تىملىق ئىمتىھان»، «ئاچا - سىڭىللار»نى ئالساق، بۇلاردا ياز-
غۇچىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ ئۇنى ھاياجانغا سالغان نەرسى-
لەر يېزىلغان. ئاپتور بۇلارغا يۈكسەك ئىدىيىنى سىڭدۈرگەن.
ھەربىر پارچە ئەسەرنى قۇيۇق شېئىرىي پۇراقتا ئىگە سەن-
ئەت بۇيۇمى، دەپ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ»① دەپ تەرىپلىگەن.
خې ۋېينىڭ نەسرلىرى ھەقىقەتەن شۇنداق ئالاھىدىلىككە
ئىگە. ئالايلۇق: ئۇنىڭ «ئاچا - سىڭىللار»، «ئىككىنچى قېتىم-
لىق ئىمتىھان»، «چيەنفۇشەن تېغىدىكى كۆچەت»، «بىر پار-
چە سۈرەت» ۋە يېقىندا ئېلان قىلىنغان «لىن جياڭ راۋىقى
خاتىرىسى» قاتارلىق نەسرلەرنىڭ ھەننىۋاسىنىڭ شېئىرىي پۇ-
رىقى كۈچلۈك. گەرچە ئۇلار دەۋر سىمپونىيىسىدىكى بىر قىس-
تۇرما كۈي بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا دەۋر روھى چاقناپ
تۇرىدۇ.

«شاپتۇل گۈلى قانداق ئېچىلدى؟» دېگەن ئەسەر ۋېي
گاڭيەننىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئاخباراتى. ئۇنىڭدا توقۇمىچى
ئايال ئىشچى جاۋ مىڭتاۋنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى تەس-
ۋىرلەنگەن. ئاپتور پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇپ
بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، لىرىكىلىق قەلەم بىلەن بۇ
ياش ئايال ئىشچىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى قىياپىتىنى تەسۋىر-
لىگەن. ۋېي گاڭيەننىڭ يەنە «كېمىچىلەر كۈيى» ناملىق ئە-
دەبىي ئاخبارات ۋە نەسرلەر توپلىمى بار.

---

①: خەنزى: «بىر ئىككى مىڭ خەتلىك نەسىرگە مەدھىيە»دىن

خۇاڭ گاڭنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى 60 - يىللار-
نىڭ بېشىدا چاۋشيەندە زىيارەتتە بولغاندا يازغان: «چاۋ-
شيەن — سەھىرى راھەتلىك ئەل»، «قىزچاق لىشىنزى»، «ئېخ،
ئادەملەر! سەل توختىساڭلارچۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئۇن-
دىن باشقا يەنە، «ئەتىسىگەن سائەت سەككىزدىكى لاسا» نام-
لىق ئەدەبىي ئاخباراتىمۇ بار. بۇنىڭدا شىزاڭنىڭ سوتسىيالىزم
قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئە-
دەبىي ئاخباراتلىرىنى مۇھاكىمە ۋە شېئىرنىڭ بىرىكمىسى دې-
يىشكە بولىدۇ. ئاپتورنىڭ كۆزىتىشى ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر. ئە-
سەرلىرى پاكىتلىق، تىلى لىرىكىلىق. ئەسەردە كۈچلۈك ھېس-
سىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھە-
دىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1963 - يىلى ماقالىلار ۋە ئەدە-
بىي ئاخباراتلار توپلىمى — «قىزچاق لىشىنزى»نى نەشىر
قىلدۇرغان.

خۇاڭ زۇڭيىڭ 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئەدە-
بىي ئاخبارات يېزىشقا كىرىشكەن. يازغۇچىنىڭ تەسىر قوزغى-
غان ئەسەرلىرىدىن: «قىزچاقنىڭ بايراق كۆتۈرۈشى»، «ئالاھى-
دە قىز» قاتارلىقلار بار.

نەسىر ئىجادىيىتىدە ۋۇ بوشياۋ ۋە ساۋچېڭخۇانىڭ نەتى-
جىسىمۇ خېلى چوڭ. ۋۇ بوشياۋنىڭ «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇز-
لىرى»ناملىق نەسرلەر توپلىمى بار. ساۋ چېڭخۇانىڭ «گۈل»
ناملىق توپلىمى بار. بۇ ئىككىسىنىڭ ئەسلىمە خاراكتېرلىك نە-
سىرلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇلارنىڭ پىكرى چوڭقۇر، ھېس-
سىياتى پاك ۋە سەمىمىي، قەلىمى ئۆتكۈر، تىلى گۈزەل، كۈچ-

لۇك تەسىرچانلىقىغا ئىگە. ۋۇ بوشياۋ ئەسەرلىرىدىن ئەينى يىل-
لاردىكى تۇرمۇشنى تەسۋىرلىگەن: «بىر دانە رەخت توقۇش
ماشىنىسىنى ئەسلەش»، «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزلىرى»، «گەـ
سىدىكى كۆرۈنۈشلەر»، «ناخشا ئاۋازى»، «سەيۋەنزىلىكتىكى
خاتىرە» قاتارلىقلار مەشھۇر ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنـ
كى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئۇۋۇچى»، «ئۆز
ئورنىدا»لارمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان.

ساۋ چىڭخۇانىڭ ئەسلىمە خاراكتېرلىك نەسرىي ئەسىرى
«ئۆتمۇشتە كىيىم كىيىشمۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى»، «تېـ
رىق ھەققىدە ئەسلىمە»لىرى ۋە لۇشۇن، چۇي چيۇبەيلەرنى
ئەسلەيدىغان ئەسەرلىرى ناھايىتى تەسىرلىك نەسىرلىرىدۇر.

شائىر يۈەن يىڭ، يازغۇچى بىي يې، فاڭ جى، جۇن
چىڭلارنىڭمۇ بىرمۇنچە ئوبدان نەسىرلىرى بار. يۈەن يىڭنىڭ
«ئونىنچى باھار»، «يەلكەن»، «ئافرىقا مەشئىلى» ناملىق نەـ
سىرلەر توپلاملىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى، «تاغدىكى بامبۇك
قومۇشلار»، «چۆلدىكى سۇ»، «گۇسۇتەي»، «بېيگو راۋىقى»
قاتارلىقلارنىڭ داڭقى بار. بىي يېنىڭ «تيانشاننىڭ جەنۇبىي
ۋە شىمالىي ياخشى جاي»، «چېگرا رايوننىڭ مەنزىرىسى»،
«چوڭقۇر سۆيگۈ»، «قۇياش كۆلى»، «ۋۇداڭ تېغىدىكى خاتىـ
رە» قاتارلىقلاردا چوڭقۇر پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن. فاڭ جىنىڭ
«ھەش - پەش دېگۈچە»، «چاڭ جياڭ دەرياسىدا سەپەر» دەيـ
دىغان ئىككى پارچە نەسىرلەر توپلامى بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى
«ھەش - پەش دېگۈچە» نەسىرىدە 1945 - يىلى يولداش ماۋـ
زېدۇڭ چۇڭچىڭغا بېرىپ، تەنپەنگە قاتناشقان ۋەقە يېزىلغان.

بۇ ئەسەر ئۆز ۋاقتىدا بىردەك ئالقىشقا سازاۋەر بولغانىدى. جۇن چىڭنىڭ «كۆز نەزمىسى» توپلامى ئىچىدىكى «كۆر نەزمىسى» ياخشى يېزىلغان نەسىر ھېسابلىنىدۇ.

## 8 - §. دىڭ تۇنىڭ «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» ناملىق فېليەتونلىرى

فېليەتون دېگىنىمىز — بىر خىل ئەدەبىي خاراكتېر ئالغان سىياسىي - ئىجتىمائىي ئوبزور. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەسىرنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەپ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىيلىكى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما گېزىت ژۇرناللاردىكى باش ماقالىلارغا ۋە باشقا ئادەتتىكى ماقالىلارغا ئوخشىمايدۇ.

فېليەتوندىن ئىبارەت بۇ شەكىلنىڭ يېڭى ئەدەبىياتتىكى ئورنىغا لۇشۈن ئەپەندى ئاساس سالغان. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ فېليەتونلىرىنى فېليەتون ئىجادىيىتىدىكى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىكنىڭ ئۈلگىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن يازغۇچىلار فېليەتون ئىجادىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى ئەسەرلەرنى يازدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» (دىڭ تو) يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە فېليەتونلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى فېليەتون ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

دىكتو 1912 - يىلى تۇغۇلغان. 1966 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ فۇجيەننىڭ شوخو ناھىيىسىدىن بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە «جىن ساجى گېزىتى» نىڭ ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ جىن ساجى شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن «خەلق گېزىتى»نىڭ باشلىقى، قوشۇمچە باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

«بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»، «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1961 - يىلى باھار پەسلىدىن 1962 - يىلى كۈزگىچە يولغا قويغان مەخسۇس سەھىپىسى ئىدى. بۇ سەھىپىگە دىكتو «مانەنسۇن» دېگەن تەخەللۇس ئاستىدا ماقالىلار يازغانىدى. ئۇ بىر يېرىم يىل ئۆپچۆرىسىدىكى ۋاقىت ئىچىدە 150 نەچچە پارچە فېلىيەتوننى يېزىپ ئېلان قىلىپ كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ فېلىيەتونلار كېيىنچە بەش پارچە توپلام بولۇپ ئېلان قىلىندى. 1963 - يىلى «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»نىڭ ھەممىسى تولۇق بىر توپلام بولۇپ نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭدا 149 پارچە فېلىيەتون بار.

«بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» سەھىپىسى يولغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭ مەقسىتى: كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، بىلىم توپلاش، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىش، روھنى ئۇرغۇتۇش، دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ تۆت جۈملە سۆزنى بۇ فېلىيەتونلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»نىڭ «سۆز بېشى»دا، ئاپتور: «بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەرى سىڭگەن يەنشەن (بېيجىڭ تېغى) رايونىدا ياشاۋاتىمىز.

شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىنى بىر مىنۇت، بىر سىكونتمۇ بوشاشتۇرماسلىقىمىز، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، قەدىمكىلەرگە يۈز كېلەلەيدىغان، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدىمۇ يۈزىمىز يورۇق بولىدىغان بولۇشىمىز لازىم» دەيدۇ. لۇشۈن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كىچىك ئوبزورلارنىڭ بوھرانى» دېگەن ماقالىسىدا، فېلىيەتونلارنى: «ئۇ بىر خەنجەر ياكى نەيزە، ئۇ كىتابخانلار بىلەن بىرلىكتە نىجاتلىق يولى ئاچىدىغان بىر نەرسە، تەبىئىيكى، ئۇ كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلايدۇ. بىراق ئۇ ھەرگىز ‹زىننەت بۇيۇمى›، ئەمەس...» دېگەن ئىدى. بىراق «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»نىڭ يېزىلغان دەۋرى ئوخشمايدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى بۇ فېلىيەتونلار كىتابخانلارغا تېخىمۇ كۆپرەك بىلىم ۋە ئىلھام بېرىدۇ. تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلايدۇ. بەزىبىر ناچار خاھىشلارنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ تۇرۇپ تەنقىد قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ.

«بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»نىڭ ئىچىدىكى بەزىبىر فېلىيەتونلاردا چوڭ سۆزلەش، پو ئېتىش، خام - خىيال قىلىشتەك ناچار كەيپىياتلار قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان. مەسىلەن: «ئۆي روزىغارلىرىنىڭ ھېكايىسى»دا گەپ ئالدى بىلەن «ئۆي روزىغارى» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئېنىقلاشتىن باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇاڭزىنىڭ «تۇخۇمنى كۆرۈپ باي بولۇش» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىر تال تۇخۇممۇ روزىغار بولالايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىنغان. ئارقىدىن «قار دولقۇنى ھېكايىلىرى»دىكى بىر ھېكايە مىسال كەلتۈرۈلگەن:

بىر نامرات ئادەم بىر كۈنى بىر دانە تۇخۇم تېپىۋاپتۇ - دە، خۇشال هالدا ئۆيىگە ئاپىرىپ خوتۇنىغا: «بىزمۇ روزىغارلىق بولۇپ قالدۇق. ئۇن يىلدىن كېيىن ئاجايىپ كۆپ روزىغارغا ئىگە بولىمىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى «باي بولۇش پىلانى» نى تۈزۈپتۇ. ئۇ خىيالىدا: بۇ تۇخۇمنى خوشنامنىڭ مىكىيىنىغا باستۇرۇپ بەرسەم، بىر چۆجە چىقىدۇ. بۇ چۆجە چوڭ بولۇپ تۇخۇم تۇغىدۇ. هەر ئايدا ئاز دېگەندە 15 دانە تۇخۇم تۇغسا، بۇ تۇخۇملارنى باستۇرسام 15 چۆجە چىقىدۇ ۋە ئۇلار 15 بولىدۇ. بۇ توخۇلارمۇ تۇغىدۇ. تۇخۇملار توخۇ بولىدۇ. ئىككى يىلدا 300 توخۇلۇق بولۇپ قالىمەن. بۇ توخۇلارنى 15 دانە مۇزايىغا تېگىشكىلى بولىدۇ. مۇزايلار كالا بولىدۇ، كالىلار مۇزاي تۇغىدۇ. شۇنداق تەكرارلىنىپ ئۈچ يىل بولغاندا 25 كالىغا ئىگە بولىمەن. يەنە ئۈچ يىلدا كالىلىرىم 150 دانە بولىدۇ. بۇ دۆۋە - دۆۋە پۇل دېگەن سۆز. بۇ پۇللارنى قەرز قىلىپ بېرىپ ئۆسۈمىنى يىغسام ئۈچ يىلدا ئالتۇنلىرىم دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى چوڭ روزىغار بولماي نېمە؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئويلاپ - ئويلاپ ئۆز خىيالىدىن مەست بولۇپ كېتىپ: «بۇنچىۋالا دۇنياغا ئېرىشكەندىن كېيىن كىچىك خوتۇندىن بىرنى ئالسام بولىدۇ» دەپتىكەن، بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، ئۇ غەزەپلىنىپ هېلىقى تۇخۇمنى بىر قويۇپ چېقىۋېتىپتۇ.

بۇ فېليەتوندا يۇقىرىقى هېكايە مىسال قىلىنغاندىن كېيىن، باي بولۇشنى ئويلاپ ئەقلىنى يوقاتقان بىر ئادەمنىڭ

پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقى توۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا رېئاللىقنىڭ ئورنىغا قۇرۇق خىيال ۋە ئاساسسىز تەسەۋۋۇر دەسسىتىلگەن. ئىككىنچىدىن، ئالدامچىلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان، شۇڭا مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. فىلىيەتون ئاخىرىدا: «تارىختىن بۇيان ھە-قىقىي ئەمگەكچىلەر دۇنيانىڭ پەقەت ئەمگەك ئارقىلىق يارى-تىلغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر خىل باي بولۇش خى-ياللىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىزم ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن بايلىق يا-رىتىۋاتىدۇ ھەم بايلىق توپلاۋاتىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ فىلىيەتوندا تەنقىدلىگەن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۇب-يېكتىپ خىياللار، بىر تۇخۇم بىلەنلا ئاجايىپ ئىشلارنى قىلى-ۋېتىدىغاندەك قۇرۇق پىلانلار ئەينى دەۋردىلا يوز بېرىپ قال-ماي، بەلكى ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ، ھەتتا كەلگۈسىدە يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇ فىلىيەتون تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە. بۇ فىلىيەتوندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر مەن-لىك، سۆزلەنگەن ھېكايە قىزىقارلىق بولغاچقا كىشىلەرنى قى-زىقتۇرىدۇ ۋە ئويغاي قايىل قىلىدۇ.

«پەم دېگەن ئىشەنچىلىكمۇ؟» دېگەن فىلىيەتوندا ئاپتور «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىكى جۇگېلياڭنىڭ پەمى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، قەدىمكى زامانلاردىكى داڭلىق دا-نىشمەنلەرنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايان-لىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. ئاخىرىدا خۇلاسىلاپ: «بەزى كىشى-لەر ئۆزىنى بىلەرمەن، ئەقىللىق ساناپ، ئاممىنى كۆزگە ئىل-

مايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا مېنىڭ راست دەيدۇ. ئاجايىپ مۆ-
جىزىلەرنى يارىتىشىتىشنى ئويلاپ، ئامىمنىڭ ياخشى پىكىرلىرىگە
قۇلاق سالمايدۇ.» ئۆزىنى بۇنداق ئارتۇقچە مۆلچەرلەيدىغانلار
«ئاخىرىدا چوڭ زىيان تارتماي قالمايدۇ.» دەپ كۆرسىتىدۇ.
فېلىيەتون ئەسكەرتكەن تارىخىي ساۋاقلاردىن ئەلۋەتتە ئىبرەت
ئېلىش كېرەك.
«كۆڭۈل بۆلۈش» ناملىق فېلىيەتوننىڭ بېشىدا مىڭ سۇ-
لالىسىدىكى دۇڭلىن گۇرۇھىنىڭ سەركەردىسى گۇشيەنچىڭنىڭ
«دۇڭلىن كىتابخانىسى» ئۈچۈن يېزىپ، بەرگەن «شامال تىۋۇ-
شى، يامغۇر تاۋۇشى، قىرائەت ساداسى كىرەر قۇلاققا؛ ئۆي
ئىشى، ئەل ئىشى، جاھاننىڭ ئىشى تۇرسۇن كۆڭۈلدە» دېگەن
بېغىشلىمىسى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئاپتور بۇ بېغىشلامىنى نە-
قىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بىر ئادەم بىر تەرەپتىن تىرىشىپ
كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە بىر تەرەپتىن سىيا-
سىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم، دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ فېلىيەتون-
نىڭ رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.
«بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار»نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى،
ئۇنىڭ بەدىئىي ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ فېلىيە-
تونلاردا ئىنسانىيەت تارىخىدىن باشلاپ سۆزلىنىپ، زامانىۋى
سانائەت، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملى-
رىگىچە توختىلىدۇ. كالا بېقىش، پىلە بېقىش، ھەسەل ھەرى-
سى بېقىش، مۈشۈك، ئىشت بېقىشلاردىن، كۆچەت تىكىپ ئور-
مان بىنا قىلىش، پۇرچاق، جىياڭ پىزا تېرىشلارغىچە سۆزلەيدۇ.
بۇنىڭدىن مەقسەت خەلق ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، خەلق تۇر-

مۇشنى ياخشىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ بىلىدىغىنى ئاز بولغاچقا، يىراقنى ئويلىماي كۆپ ئەخمەقلىق قىلغانىدى. ئاپتور قەدىمكى تەجرىبە، ساۋاق-لارنى سۆزلەپ، تارىخىي بىلىملەر ئارقىلىق بۇ يولداشلارنىڭ كۆزىنى ئاچماقچى بولغان. «ئېتىزنى چۆرىدىۋېلىشنىڭ ساۋد-قى»، «تاغ ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەنلەر مانا مۇشۇ خىلدىكى ياخ-شى فېلىيەتونلاردۇر. «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» كىتابخانلار ئۈچۈن بىلىمنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى تو-نۇشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ فېلىيەتونلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم دۇنيا قارىشىنى يېتىلدۈ-رۈش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ياخشى رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنى بەدىئىي زوقلىنىشقا ئىگە قى-لىپ، كۆڭۈلنى خوش قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئارام بېرىدۇ. بۇ فېلىيەتونلارنىڭ بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇلاردىكى چوڭ-قۇر پىكىرلەر ئاددىيلىكى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. بۇ فېلىيەتونلاردا ئاپتور خۇددى ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك سۆزلەيدۇ. بۇ سۆزلەر ئاڭلىماققا ئاددىيلى-كىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. فېلىيەتوندىكى بايان سىلىق ۋە راۋان، پىكىرلەر چوڭقۇر، مېغىزلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈلكە، غەزەپ، كىنايە — ھەممىسى ئۇچرايدۇ. پىكىر ئەسەرنىڭ بېشى-دىلا توغرىدىن-توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يىراقتىن، يېقىن-دىن كۆپ نەقىل كەلتۈرۈلۈپ ئىسپاتلانغان. فېلىيەتونلارنىڭ كۆپىنچىسى بىرنەچچە يۈز خەت بىلەن پۈتىدۇ. ئەڭ كۆپلى-

رىمۇ 1000 خەتتىن ئاشمايدۇ. بىر قىسمىدىلا ئوقۇپ تۈگە-تىۋەتكىلى بولىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى ئۆتكۈر ھەم ئىخچام، قىسمەن سۆزلىرى ۋە بەزى ئاتالغۇلار بىرقانچە ئىككى ئۇچۇر بولۇپ بولمايدۇ. بەزى فىلىيەتونلار تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆپ پايدىلانغان بولغاچقا، ئۇلاردا تۇراقلىق ئىبارىلەر كۆپ، بىراق ئاپتورنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تاللىغانلىقى ۋە تاللاپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولغان. ئۇلار كىشىگە قوپال تۇيۇلمايدۇ. زېرىككۈچىلىك بىلىنمەيدۇ.

## مۇھاكىمە ۋە تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . نەسىر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟ ئۇنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟

2 . يېڭى دەۋر نەسىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرى قايسىلار؟ شۇ مەزگىلدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3 . ياڭ سۇ نەسرلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار. «چاي گۈل نەزمىسى» دە قانداق پىكىر تۇرغۇزۇلغان؟ ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

4 . ۋېي ۋېي نەسرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مىساللار بىلەن ھەرھىلەڭلار، باجىننىڭ نەسىر ئىجادىيىتىگە باھا بېرىڭلار.

5 . لىيۇ بەييۈينىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى «چاڭجىياڭدا ئۈچ كۈن» نەسرىدە قانداق ئىپادىلەنگەن؟

6 . نېمە ئۈچۈن چىڭمۇنىڭ نەسرلىرىنى ئىدىيىۋىلىك،

ئىلمىيلىك ۋە بەدىئىيلىك ئوبدان بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر، دېيىمىز.

7 . بىلىڭ شىن ئەسىرلىرىدە ئەكس ئېتىلگەن ئۇسلۇب ھەققىدە توختىلىڭلار.

8 . «گولدىباخ ھېياسى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟ شۇ يېچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

9 . خەنزى، خې ۋېي، ۋېي گاڭيەن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسىر ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭلار.

10 . «بېيجىڭ تېغىدىكى پاراڭلار» نامىدىكى فېلىيەتونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇلارنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

# 6 - باب. يېڭى دەۋر كىنو ئەدەبىياتى

## 1 - §. كىنو ئەدەبىياتى ھەققىدە ئاددىي ساۋات

كىنو ئەدەبىياتى كىنو پەيدا بولغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى كىنو سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

كىنو پەن - تېخنىكا، سانائەتنىڭ جۈملىدىن خىمىيە، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر سايمانلىرى، رادىئو سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلارنىڭ توك ئىشلەپچىقىرىدىغان بولۇشى، نۇردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان بولۇپ، شەكىللەرنى سۈرەتكە ئالالايدىغان بولۇشى، نۇردىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشى كىنونىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىدى. كىشىلەر پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭى مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى ماددىي ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ فىزولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە (كۆرۈش سېزىمىنىڭ توختۇلۇشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە) ئاساسلىنىپ كىنونى كەشىپ قىلغان.

فرانسىيىلىك ئاكا - ئۇكا رومىېرلارنىڭ 1895 - يىلى پارىژنىڭ كابىسىن كوچىسىدىكى بىر قەھۋەخانىدا قويغان «پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرىشى»، «زاۋۇت دەرۋازىسى» دېگەن

كىنولىرى تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي كۆرۈنۈشلەرنى تۇنجى رەت ئېكراندا كۆرسىتىپ، ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ بۇ كىنولىرى تۇرمۇشتىكى پارچە - پارچە، ئۇلاقسىز كۆرۈنۈشلەر بولۇپ ئۇنى تېخى بەدىئىي فىلىم ھېسابلىغىلى بولمايتتى.

1900 - يىلى فرانسىيە رېژىسسورى مېلىر درامىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كىنودا ئىشلىتىش ئۇچۇن ئىزدەندى. ئۇ ئىشلىگەن: «كۆل ئىچىدىكى قىز». «ئايغا ساياھەت» دېگەندەك فانتازىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك فىلىملار كىنو سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۇنجى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇ كىنو سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا دىققەت قىلمىغاچقا، كىنو يەنىلا ئوبيېكتىپ خاتىرىلەش ۋە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت چەكلىمىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدى.

كىنوغا ئەڭ دەسلەپتە ھېكايە تۈسىنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدا باش قاتۇرغانلار بىر تۈركۈم ئەنگلىيىلىك فوتوگرافلار (رەسىمگە تارتقۇچىلار) بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدىكى ئامېرىكا رېژىسسورى گېرىفىسمۇ بۇ جەھەتتە ئىزدەندى. ئۇلار كومېدىيىلىك مەزمۇننى كىنوغىلا خاس بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەردى. دېمەك كىنو سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي پەقەت شۇ چاغدىلا يارىتىلدى. لېنىن ستالىن دەۋرىدىكى سوۋېت رېژىسسورى ئېيسىنستىن ۋە پۇرۇۋفكىن كىنونىڭ مونتاژ ئۇسۇلىنى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن تولۇقلىدى ھەم تەرەققىي قىلدۇردى.

بىراق ئۇ چاغدىكى كىنو سەنئىتى يەنىلا گۇدەك ھالەتتە

بولۇپ تېخنىكىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كىنو تېخىچە سۆز-لىيەلمەيتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئېلېكتىر سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، را-دىئوفون (رادىئو ئاۋاز تارقىتىش ئەسۋابى)، ۋىتافون (مىك-روفون ئارقىلىق ئاۋاز سىڭدۈرىدىغان موم پەردىلىك پلاستىنكا) كەشىپ قىلىندى. پەن-تېخنىكىنىڭ بۇ كەشپىياتى ئاۋازلىق كىنولارنىڭ پەيدا بولۇشىغا شەرت ھازىرلىدى. 1927- يىلى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇلۇغ گاچا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىنو «سۆزلەيدىغان» بولدى. يەنى «گاچىغا تىل چىقتى». بۇ كىنو سەنئىتىدىكى بىر بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇن-دىن كېيىن كىنو سەنئىتى تەدرىجى ھالدا دراما، رەسىم، مۇزىكا، بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق...... ۋاھاكازالارنىڭ ئى-پادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىۋېرسال سەنئەتكە ئايلاندى.

كىنو سەنئىتى تېخى بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا، كىنو ئەدەبىياتىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا رىژىسسور ئاپپاراتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ نەق مەيداننىڭ ئۇستىدىلا ئىجاد قىلاتتى. پەقەت كىنوچىلىق ئايرىم بىر سەنئەت بولۇپ شەكىل-لىنىپ، چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۆرۈنگەن چاغدىلا كىنو ئەدەبىياتىغا ئېھتىياج تۇغۇلدى. چۈن-كى ئەندى نەق مەيداندىلا ئىجاد قىلغىلى بولمايتتى. ئەت-راپلىق ئويلانغان پىلان ۋە ئالدىن تۈزۈلگەن پروگرامما بول-مىسا خەلقنىڭ يۇقىرىقىدەك تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولمايتتى، دېمەك كىنو ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ

تەلىپىدىن، تۇرمۇشنىڭ تەلىپىدىن دەپ قاراش كېرەك.

ئەڭ دەسلەپكى كىنو سىنارىيىسى ئاساسەن رىژىسسور-لارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەييارلانغان قىسقىچە ۋەقەلىك ياكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاددىغىنا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى ئىدى. ئۇ چاغدا كىنولار تېخى ئاۋازسىز بولغاچقا، دىئالوگلارمۇ مەۋ-جۇت ئەمەس ئىدى. كىنو ئاۋازلىق بولغاندىن كېيىن، كىنو سەنئىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئارزۇسىغا ماسلىشىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلغاندىن كېيىن، كىنو سىنارىيىسى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدىغان بولدى.

كىنو سىنارىيىسىدە سىنارىيىچىلەر ئىشلىمەكچى بولغان كىنونى مەركىزىي ئىدىيە، سۇژىت، پېرسوناژ، دېتال، كومپو-زىتسىيە، دىئالوگ، شەكىل، ئۇسلۇب قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەھرىرلەپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىدۇ. سىنا-رىيىچىلەر مول تۇرمۇش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئىشلەپچىققان پىلان، كىنو سىنارىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. كىنونىڭ رىژىسسۇر-لىرى، كومپوزىتور، ئاكتيور، ئوپېراتور قاتارلىقلارنىڭ ئىجا-دىي پائالىيەتلىرى مانا شۇ كىنو سىنارىيىسى ئاساسىدا بو-لىدۇ. دېمەك سىنارىيە، ئىشلىمەكچى بولغان كىنونىڭ ئىدى-يىۋىي مەزمۇنىنىڭ، شەكىل ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆرنىكى ۋە ئاساسىدۇر.

لېنىن 1907 - يىلىلا كىنو سىنارىيىسىنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «كىنو چاكىنا پۇرسەتپەرەستلەرنىڭ چاڭ-گىلىدا بولسا، ئۇلار مەزمۇنى ياردىماس سىنارىيىلەر بىلەن خەلقنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا كىنونىڭ پايدىسىدىن

زىيىنى كۆپ بولىدۇ. كىنو خەلق ئاممىسىنىڭ قولىدا بولسا يەنى ھەقىقىي سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ قولىدا بولسا ئۇ چاغدا كىنو خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك قۇراللارنىڭ بىرسى بولۇپ قالىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىنو سىنارىيىسى كىنو ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىشلەنمەكچى بولغان كىنو مەيلى ئىنقىلابى بولسۇن ياكى ئەكسىلئىنقىلابى بولسۇن، مەيلى ئىلغار بولسۇن ياكى چىرىك بولسۇن سىنارىيىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆرنەكلىك رولى ئوخشاش بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ كىنو ئىجادىيىتىدىكى رولى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ كىنو ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا، كېيىن پەيدا بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇكەممەل ئەمەس، بەلكى خام ئىدى. 1932 - يىلىغا كەلگەندە، شيا يەن نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان كىنو سىنارىيىسى «تەلۋە ئېقىم» نى يازدى. ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئاپتور ۋە كىتابخانلار كىنو سىنارىيىسىگە كۆپ ئەھمىيەت بەرمەيتتى. بەزىلەر ئۇنى پەقەت كىنونى سۈرەتكە ئېلىشتىكى خام ماتېرىيال، ئۇنى ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ دەپ قارايتتى.

كىنوچىلىقنىڭ تەرەققىياتى كىنو ئەدەبىياتىنى يۈكسەل-

① «پارتىيىنىڭ كىنو توغرىسىدىكى قاراشلىرى» دىن (دەۋر نەشرىياتىنىڭ 5955 – يىلىدىكى نەشرى 24 – بەت).

دۆردى. ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىيات-نىڭ باشقا تۈرلىرىدىن ئاجرىلىپ مۇستەقىللىققا ئىگە بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىنو ئەدەبىياتى بىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولۇپ قالدى.

## 2- §. يېڭى دەۋر كىنو ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئېلىمىز كىنو ئەدەبىياتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئا-ساسى ئاجىز ئىدى.

30- يىللاردا كومپارتىيىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كىنو گۇرۇپپىسى گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا كىنو ئىجادىيىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ھېكايە فىلىم ئىجادىيىتىدىكى پەقەت قىسقىچە ۋەقەلىك بويىچىلا كىنو ئىش-لەيدىغان قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتتى. ئىلغار كىنو سىنارىيە-لىرى ئىجاد قىلىندى. بىراق ئاق تېررورلۇقنىڭ كۈچلۈكلىكى-دىن ۋە كاپىتالىستلارنىڭ ئىستودىيىلەرگە قويغان تۈرلۈك چەكلىرى سەۋەبىدىن كىنوچىلىق كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قى-لىپ كېتەلمىدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن بىر قىسىم كىنو خادىملىرى شائخەي قاتارلىق جايلاردىن ئازاد رايون-لارغا كەلگەن ۋە يەنئەندە كىنو ئۆمىكى قۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى شەرت-شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئازاد رايونلاردىكى كىنو ئىجادىيىتى پەقەت بىر نەچچە پارچە

ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە كىنو ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا شەخسىي ئىگىلىكتىكى بەزىبىر كىنو شىركەتلىرى بىر قىسىم قىممىتى بار كىنو سىنارىيىلەرنى كىنو قىلىپ ئىشلىدى. مەسىلەن: بۇ مەزگىلدە شەرقىي شىمال رايونىدىكى خەلقنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشلىرىنى خېلى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرگەن «سۇڭ خۇاجياڭ دەرياسى بويىدا» (جىن شەن يازغان) جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىپ خەلقنىڭ يورۇقلۇققا بولغان ئىنتىزارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئۇزۇن تارىخ، چەكسىز مۇساپە» (شى دۇڭشەن)، «باھار سۈيى شەرققە قاراپ ئاقتى» (سەي چۇشىڭ، جېن لىجۈن يازغان)، «قاغا بىلەن قۇچقاچ» (چېڭ بەيچىڭ) قاتارلىقلار ئىشلەنگەنىدى.

مانا بۇلار بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى كىنوچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيىمىز ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدىلا كىنوچىلىق خىزمىتىنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، كىنو ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى تېز راۋاجلىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا دائىر خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى كىنو سىنارىيىسى ئىجاد قىلىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچىل بولمىسىلا ئۇنى ئىنكار قىلماسلىق، دەپ كۆرسەتتى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ھارپىسىدا (1949- يىلى 7- ئايدا)

ئىچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللەر قۇ-رۇلتىيىدا گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن ۋە ئازاد رايونىدىن كەلگەن كىنو خادىملىرى ئۇچرىشىپ كىنوچىلىقنىڭ زور قوشۇنىنى تەشكىللىدى. ئۇلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 26 بەدىئىي فىلىم ئىشلەپ چىقتى. 1951- يىلى 3- ئايدا 20 چوڭ شەھەردىكى 60 كۇلوپتا مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى كىنولارنى كۆرگەزمە قىلىش ئېيى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ چاغدا ئىشلەنگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ كۆرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى» (يەن يىيەن يازغان) كىنوسى بەشىنچى قېتىملىق كىنو كۆرىكىدە «خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى مۇكاپاتى»، غا ئېرىشىپ مەملىكىتىمىزنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۇنجى قېتىم شان - شەرەپ كەلتۈردى.

«ئاق چاچلىق قىز» ئوپېراسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «ئاق چاچلىق قىز» سىنارىيىسى كىنو سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق «كونا جەمئىيەتنىڭ ئادەمنى ئالۋاستىغا ئايلاندۇرغان، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئالۋاس-تىنى ئادەمگە ئۆزگەرتكەن» لىكىدەك رېئاللىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ فىلىم 1951- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىنو بايرىمىدا «ئالاھىدە ھۆرمەت مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. «جاۋيىمەن» (يۈمىن يازغان) سىنارىيىسى ياپونغا قارشى كۆ-رەش قەھرىمانى جاۋيىمەننىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقىنى تەس-ۋىرلەپ كەڭ تاماشىبىنلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. «پو-

لاتتەك جەڭچى» (ۋۇ جاۋدى، سۇلى، ۋۇيىنلار يازغان. چەك-يەك ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) سىنارىيىسى دۈشمەننىڭ قىيىن - قىستاقلىرى، ھىلە - نەيرەڭلىرى ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەي دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن باتۇر جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى.

بۇ مەزگىلدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «سۈيگاڭدىكى قىزىل بايراق» (دۇتەن)، «جەنۇپتىن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى» (شېن شىمىن، گۇباۋ جاڭ)، «كۆۋرۈك» (يۈيىمىن) قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىنولار ئىشلىنىپ يېڭى جۇڭگو كىنو ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ كىنولارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىللىرى دۆلەتنىڭ خوجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېكرانغا چىقتى. بۇ كىنولارنىڭ مەزمۇنى ساغلام، ئۈمىدۋارلىق روھى كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

يېڭى جۇڭگونىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېزلىك بىلەن تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىكى توپ سەۋەب ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ناھايىتى چاپسان تەشكىللەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تېز ئۆسكەنلىكىدىدۇر. بۇ قوشۇندا 30- يىللاردىن بېرى كىنو ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شىيايەن، تيەن خەن، ياڭ خەنشېڭ، سەي چۇشېڭ قاتارلىق پېشقەدەم سىنارىيىچىلەر ۋە ئازاد رايونلاردىن كەلگەن يۈيىمىن، شۈي خۇا، سۇن جيەن قاتارلىق تەجرىبىلىك خادىملار بولۇپ، ئالدىنقىلار نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە باي بولسا، كېيىنكىلەر ئىنقىلا-

بىي ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش بىلەن تونۇشلۇق، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي ئىدى. مانا بۇ قوشۇن يېڭىچە ئىلھام بىلەن جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋر كىنوچىلىق ئىشلىرىنى داغدۇغىلىق باشلىۋەتتى.

بىراق دەسلەپكى قەدەم ئوڭۇشلۇق بولۇپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جىددىي ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. كىنودىن ئىبارەت يېڭى شەكىلنى قانداق ئىشلىتىش، كىنودا تۇرمۇشنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ چاغدىكى بەزى ھېكايە فىلىملەرنى ھۆججەتلىك فىلىمدىن ئاجرىتىش قىيىن بولۇپ، ئۇلاردا تۇرمۇشنى يىغىنچاقلاپ، تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە يېتەرسىزلىكلەر ساقلىنىۋاتاتتى. سۇبيېكتىپ ئۇقۇملار ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچرايتتى. سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتىگە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ كىنو ئىشلەشتىكى ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش كەم بولدى. ئوبدان تەجرىبىلەرگە سەل قارالدى.

«ۋۇشۈننىڭ تەرجىمىھالى» كىنو فىلىمى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىتتە ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى مەسىلىلەرنى سىياسىي ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت خاتا ئۇسۇل قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كەسپىي خادىملاردا ئىجادىيەت خەتەرلىك ئىكەن، دېگەن ئەندىشە پەيدا قىلىپ قويۇلدى. ئۇندىن باشقا «سىياسىنى يېزىش»،

«چوڭ تېمىلارنى يېزىش» دېگەندەك رامكىلار ئىجادىيەتچىلەرنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپدە شەكىللەنگەن كىنوچىلىقنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى غازاڭ قىلدى. شۇڭا 1951 - يىلى ھېچبىر سېنارىيە يېزىلمىدى. 1952 - يىلى يېزىلغان سېنارىيىلەر ئاز ھەم سۈپىتى ناچار بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا قارىتا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى كىنو ئىدارىسى 1953 - يىلى 3 - ئايدا بىرىنچى قېتىملىق كىنو ئىجادىيەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا كىنولارنىڭ سانى ئاز سۈپىتى تۆۋەن بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ۋە شۇ يىلى 9 - ئايدا ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئىجادىيەتتە ساقلىنىۋاتقان ئاددىيلاشتۇرۇش، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش خاھىشلىرىغا بېرىلگەن تەنقىدلەر كىنو ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تونۇپ، ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى جىڭۋۇيۈەنى 1953 - يىلى 12 - ئايدا «كىنو سېنارىيىسى ئىجادىيىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» نى چىقىرىپ ئىجادىيەتتىكى كونكرېتنى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئالاھىدە بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كىنونىڭ تېما ۋە ئىپادىلەش شەكلىنى خىلمۇ خىل قىلىش كېرەكلىكىنى، كىنونىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى، بولۇپمۇ ھېكايە فىلىم ئىجادىيىتىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. يۇقىرىقىدەك

تو‌غرا يېتەكچىلىك كىنو ئىجادىيىتىنىڭ ئارقىدا سۆرۈلۈپ قې-لىۋاتقان ھالىتىنى ئۆزگەرتىشتە ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇڭا 1954 - يىلى ۋە 1955 - يىلى ئىككى يىلدا «قاناتلىق خەت» (جاڭ جۇنشياڭ)، «دۇگسۇنرۇي» (دىڭ جۇڭ)، «تۇز-لەڭلىكدىكى پارتىزانلار» (شىڭ يې)، «تاغ ئارىسىدىكى كارۋان» (بەي خۇا) قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىنولار ئىشلەندى. بۇ سىنا-رىيلەر ماتېرىئال تاللاش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئوبراز يارى-تىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ «دۇگسۇنرۇي» سىنارىيىسىنىڭ بۇ جەھەت-تىكى نەتىجىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇ تەرجىمىھال خاراك-تېرلىك ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، سىنارىيىچى تارىخىي چىن-لىققا ھۆرمەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە راست ئادەم، راست ۋەقەنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، دۇگسۇنرۇينى خا-راكتېر ئىنددىۋىدۇئاللىقى روشەن، گۆش ۋە ئۇستىخىنى بولغان، كىشىنى ئىشەندۈرەرلىك بەدىئىي ئوبراز قىلىپ يارىتىپ چى-قالىغان. سىنارىيىچى ئۆز ئەسىرىنىڭ بەدىئىيلىكى ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، كىنو ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ماھارەتكە، كىنو تېخنىكىسىغا سەل قاراشتەك خاھىشتىن خالىي بولغان. ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە يىغىنچاقلاشقا ئەھمىيەت بې-رىپ، كىنونىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئۇ-نۈملۈك پايدىلانغان.

1956 - يىلى ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن

كىنو ئىجادىيىتى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرى بىلەن بىر قاتاردا تېخىمۇ جانلاندى. ئىجاد قىلىنغان سېنارىيىلەر مەيلى سان جەھەتتىن بولسۇن، ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنى ئەشۇ ۋاقىتتا ئىشلەنگەن كىنولاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنى تېما قىلغان «شاڭگەنلىڭ» (لىن شەن) كىنوسى جەڭچىلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھىغا مەدھىيە ناخشىسى ياڭرىتىپ، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ بەردى. «ئانا» (خەي مۇ) كىنوسى ئوبراز يارىتىشتىكى يېڭىلىقى بىلەن كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «لى شىجىن» (جاڭ خۇيجيەن) يېڭى جۇڭگونىڭ كىنو تارىخىدا تۇنجى قېتىم قەدىمكى زاماندىكى ئالىملار ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى تىكلىگەن ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىنودا مىڭ سۇلالىسىدىكى ئۇلۇغ مېدىتسىنا ئالىمى لى شىجىننىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتەك ئېسىل پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

«لىيۇ باۋنىڭ ھېكايىسى» (خۇشيەن) دا ئىدىيىنى يورۇتۇش ۋە ئوبراز يارىتىشتا ئىلگىرىكى قېلىپلار بۆسۈپ تاشلاندى. ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ رامكىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى لى جىن بىلەن يېزا قىزى ئەرمېيزنىڭ پاك مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى ئىنقىلابىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش، كوللېكتىپ مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش، كوللېكتىپمۇ شەخسكە

-غەمخورلۇق قىلىشتەك پىكىر ئالغا سۈرۈلدى.

شىيايەن لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» ھېكايىسىنى چىڭ-شىخې باجىننىڭ «ئائىلە» رومانىنى سىنارىيىلەشتۈرۈپ ئىشلىدى. بۇ مەشھۇر ئەسەرلەرنى سىنارىيىلەشتۈرۈشتىكى سىناق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئاشتى، شۇنىڭدەك ئىجادىيەتنىڭ تېما دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

1957 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جۇت پەسىلىدىكى كىنو ئەدەبىياتىمۇ ئوخشاشلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى كىنو خادىملىرى، سىنارىيىچىلەر، رىژىسسورلار بىگۇنا قارىلاندى. ياخشى ئەسەرلەرگە «ئاق بايراق» دەپ بەتنام چاپلاندى. مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن «تۈن بولماس شەھەر» كىنوسى بۇرژۇئازىيىنى گۈزەللەشتۈرگەن، دەپ پىپەن قىلىندى. «بۇلبۇل قايتا سايرىدى»، «يېڭى جۇيجاڭ كېلىشتىن بۇرۇن» كىنولىرىنى قويۇش چەكلەندى.

بىراق 30 - يىللاردىن باشلاپلا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ كېلىۋاتقان كىنو ئىجادىيىتى ۋە ئۆزىگە مۇستەھكەم ئاساس قۇرۇۋالغان رېئالىستىك ئەنئەنىلەر شۇنىڭ بىلەنلا تۈنجۇقۇپ كەتمىدى. شۇ چاغدا كۆتۈرۈلگەن «سول» چىللىق شامىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكىدەك ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىمىگەچكە، كىنوچىلىق ئىشلىرى ئەگرى - توقايلىقلار ئارىسىدىن يول تېپىپ يەنىلا راۋاجلاندى. دۆلىتىمىز-

نىڭ ئونىنچى يىللىق تويىغا 38 يېڭى ھېكايە فىلمىنىڭ سوۋغا قىلىنىشى مانا بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇ چاغدا ئىجاد قىلىنغان «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ يېڭى قىسسىسى» (لى جۈن)، «لىن زېشۈي» (يې كاڭ)، «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى» (ماۋ دۈننىڭ شۇ ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن، سېنارىيىلەشتۈرگۈچى شىيايەن)، «بېزىمىزنىڭ ياشلىرى» (مافىڭ)، «ياشلىق ناخشىسى» (ياڭ مۇ)، «بەش ئالتۇن گۈل» (جىياڭ، گوڭ پۇ)، «ئى ئېر» (يۈلىن، روڭ يۈ)، «بۈگۈن مەن دەم ئالىمەن» (لى تيەنجى)، «ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق باھارى» (لۇجۇگۇ)، «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» (لياڭ شىن)، «شەرققە يۈرۈش مۇقەددىمىسى» (گۇباۋ جاڭ، سۈنيەنپىڭ)، «لى شۇاڭ شۇاڭ» (لى جۈن)، «جياۋۋ تۇمانلىرى» (شى تويڭ) قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىنولار ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر كىنو ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى.

دەرۋەقە كىنو ئىجادىيىتىدىمۇ خۇددى پروزا ۋە دراممىلارغا ئوخشاش ياخشى ئەسەرلەرنىڭ كۆپى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلىنىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، تارىخىي تېمىلاردا خېلى كەڭ ۋە ئەركىن يازغىلى بولاتتى ۋە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان، تېخى ھەل بولمىغان مەسىلىلەردىن داجىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولاتتى. يەنە بىر سەۋەب، سېنارىيىچىلەر تارىخىي ۋەقە ھېكايىلار ئارقىلىق بەزى پىكىرلەرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ تەجرىبىلىك سېنارىيىچىلەر تارىخىي تېمىلارغا كۈچۈپ مەزمۇنى ۋە بەدىئىلىكى يۇقىرى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

«پارتىيە قىزى» (لىن شەن)، «ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق باھارى»، «خۇيزۇ خەلق قوشۇنى» (لى زۈن) دېگەندەك كىنولار ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىجادىيەت سەۋىيىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى»، «ياشلىق ناخشىسى»، «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «مىڭلىغان تاغ- دەريالار»دا سىنارىيىلەشتۈرگۈچىلەر ئەسلى ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى كىنونىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. «لىن زېشۈي» فىلىمىدە سىنارىيىچى نەزەرىنى تېخىمۇ يىراقراق تارىخ سەھىپىلىرىگە يۆتكۈتۈپ ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەيدانغا چىققان مىللىي قەھرىمان لىن زېشۈينىڭ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بەردى.

كىنوچىلىقنىڭ 1959 - يىلدىكى 2- قېتىملىق گۈللىنىش مەۋسۇمىدە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياخشى ئەسەرلەرمۇ يېزىلدى. (گەرچە بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ) بۇ ئەسەرلەرمۇ خاتا ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئازدۇر كۆپتۇر ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردا ئوخشاش تېمىدىكى تەتۈر شامالغا ئېقىپ كەتكەن يۈزدىن ئارتۇق فىلىمگە ئوخشاش تۇرمۇش بۇرمىلانمىغان. ئۇلار تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. ئۇلار «يېزىمىزنىڭ ياشلىرى»، «بەش ئالتۇن گۈل»، «بۈگۈن مەن دەم ئالىمەن»، «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ يېڭى قىسسىسى» قاتارلىق فىلىملاردىن ئىبارەت.

1959- يىلى يىلنىڭ ئاخىرى باشلانغان ئاتالمىش «سولچىل ئوپپورتونىزم بىلەن كۈرەش قىلىش ھەرىكىتى» ۋە «شيۇجېڭجۇيىلىق ئەدەبىيات- سەنئەتنى پىپەن قىلىش ھەرىكە-

تى» گه ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلار قوشۇلۇپ كىنو تەرەققىياتىنى بۇغدى. گەرچە «قىزىل ئايااللار قوشۇنى»، «داجى ۋە ئۇنىڭ دادىسى» دېگەن ياخشى كىنولار شۇ چاغدا ئىشلەنگەن بولسىمۇ، بۇنداق فىلىملار ناھايىتى ئاز بولدى. كۆپىنچە فىلىملاردا تۇرمۇش بۇرمىلاندى. ئەينى چاغدىكى «چوڭ سۆزلەش» خاھىشلىرى مەدھىيىلەندى.

1961 - يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ھېكايە فىلىملار ئىجادىيەت يىغىنى ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يولداش جۇئېنلەي، چېن يىلارنىڭ يولىيورۇقلىرىدا ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ توغرا يولى كۆرسىتىپ بېرىلدى. ئامىمىدىن ئايرىلىش، تۇرمۇشتىن ئايرىلىش، ئىجادىيەت دېموكراتىيىسىنى بوغۇشتەك خاتا خاھىش ۋاقىتىنچە بولسىمۇ پەسكويغا چۈشتى. نەتىجىدە 1962 - يىلى ۋە 1963 - يىلى كىنو ئىجادىيىتى قايتا جانلىنىپ كىشىنى خۇشاللاندۇرارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ چاغدىكى ئەسەرلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سۈپىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئون يىللىق تويىغا سوۋغا قىلىنغان كىنولارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. كىنونىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق گۈللىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «باش باھار» (شيې تيېلى رۇشىنىڭ شۇ نامىلىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) «كىچىك جەڭچى جاڭ گا» (شۈي گۇاڭباۋ)، «نوۋكىنۇ» (خۇاڭ زۇگجاڭ)، «ئارمىيىمىز شەھەرگە يېقىنلاشقاندا» (بەي رېن)، «قىزىل قۇياش» (چۈي بەيىين، ۋۇچياڭنىڭ شۇ ناملىق رومانىغا ئاساسەن سې-

ناردىلەشتۈرگەن)، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» (ۋۇشىن
قاتارلىقلار دۆلىتىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى كىنو ئىجادىيىتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى. بۇلارنى خەلقئارا
سەۋىيىگە يېقىنلاشتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. دىڭ شىچاڭ («جياۋ
تۇمانلىرى» دىكى)، چياڭ با («نۇڭنۇ» دىكى)، لى شۇاڭ شۇاڭ
(«لى شۇاڭ شۇاڭ»دىكى) شاۋجيەنچيو («باش باھار»دىكى) گازى
«كىچىك جەڭچى جاڭ گا»دىكى لارنىڭ ئوبرازلىرىنى دەۋر روھىنى
يورۇتۇپ بەرگەن تىپىك شارائىتتىكى تىپىك ئوبرازلار، دېيىش-
كە بولىدۇ. جاۋجۈڭفۇ («ئارمىيىمىز شەھەرگە يېقىنلاشقاندا»
دىكى) ئوبرازى ئىجادىيەتتە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوبراز-
لارنىڭ بىر خىللىقىنى بۇزۇپ تاشلىغان خاراكتېرى مۇرەككەپ
ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىپ،
ھەقىقەتكە قايتىپ كېلىش جەريانى كىشىنى ئىشەندۈرىدۇ.
جاڭ لىنفۇ («قىزىل قۇياش» تىكى) ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى
سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا كىنو ئىجادىيىتى-
نى يېڭى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ باسقۇچتا نۇر-
غۇنلىغان ياخشى سىنارىيىلەر يېزىلدى. سىنارىيىچىلەرنىڭ كەس-
پىي سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. كىنو ئەدەبىياتىنىڭ ئىجا-
دىيەت قوشۇنى زورايدى ۋە چېنىقتى. پېشقەدەم ئىجادىيەت-
چىلەرنىڭ سېپىگە خەي مو، چۇي بەيبىن، ئەي مىڭجى،
لى جۇن، بەي خۇادەك يېڭى كۈچلەر قوشۇلۇپ تۇردى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە ئىجادىيەت نەزەرىيىسى، ماھارىتى ھەققىدىكى
تەتقىقات كۈچەيتىلدى. شيا يەندەك تەجرىبىلىك پېشقەدەم سەن-
ئەتكارلار ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىپ ياش كۈچلەرنى تەربىيىلى-
دى. يۇقىرىقى نەتىجىلەر 17 يىللىق كىنو ئەدەبىيات ئىجا-

دىيتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، 17 يىللىق كىنو ئەدەبىياتى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ دولقۇنسىمان ئىلگىرىلىدى. 17 يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى. گەرچە ئىجادىيەت تەرەققىياتى نۇرغۇن توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما گۈللىنىش ۋە ئىلگىرىلەش ئۇنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى بولۇپ كەلدى.

2. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى كىنو ئەدەبىياتى

10 يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» كىنو ئەدەبىياتى ئۈچۈن «مىسلى كۆرۈلمىگەن» جۇدۇن پەسلى بولدى. بۇ 10 يىل ئىچىدە ئاران 20 نەچچە ھېكايە فىلىم ئىشلەندى. بۇ فىلىملار ئاساسەن ئۇقۇم، قېلىپ، رامكىلار بىلەن چۈشەلگەن بولغاچقا تۇرمۇشنى بۇرمىلاپ كۆرسەتتى. بۇ خىل ئەھۋال سىنارىيىلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەردىمۇ كۆرۈلدى. «قۇياش ئىللىنتقان باھار»، «ئىككىنچى باھار»، «چوغدەك يىللار» دېگەن كىنولار شۇ نامدىكى سەھنە ئەسەرلىرى ياكى پروزىك ئەسەرلەرگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇلار «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چېكىدىن ئاشقان «سول» لۇشيەنىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» پىرىنسىپىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەسلى ئەسەرلەردە بار بولغان ياخشى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ تاشلاپ چىنلىقتىن مەھرۇم بولدى.

بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان، بىر قەدەر ياخشى ئەسەرلەردىن «ئىگىلىك تىكلەش» (كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان، جاڭ تىيەنمىن قەلەم تەۋرەتكەن)، «خەيشيا» (ئەسلى ئەسەرلى نۇچىڭنىڭ، شيې تىيەلى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «نۇرلۇق

قىزىل يۇلتۇز» (ئەسلى ئەسەر لى شىنتيەنىنىڭ، كوللىكتىپ ئۆزگەرتكەن، ۋاڭ يۈەن جيەن ۋە لۇجۇگولار رەتلىگەن) لار بار. «ئىگىلىك تىكلەش» ئەسىرى ئېلىمىزنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش سېپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنى تەسۋىرلەپ، يۈكسەك ئىنقىلابىي روھقا مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇيدۇ، شۇنىڭدەك نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ۋە 1 - سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەسىرلىك ئوبرازىنى يارىتىدۇ. «خەيشيا» دا دېڭىز قىرغىقىدىكى ئايال مىلىتسىيەلەرنىڭ ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەم ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىپ ۋەتەننى قوغدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىچىدە تاۋلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىككى فىلىم جۇئېنلەي زۇڭلى ۋە مەركەزدىكى باشقا رەھبىرى كادىرلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجادىيەتتە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قوماندانلىق تايىقىغا بويسۇنمىغان بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەسەرگە ۋە ئەسەر ئىجادىيىتىگە قاتناشقانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز» ئەسىرى ئۇرۇش يىللىرىدىكى بىر بالىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە لۇشيەن كۈرىشىنىمۇ خېلى ياخشى ئەكس ئەتتۈرگەن. بىراق بۇ ئەسەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەشەببۇس قىلغان «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىدا «يۇقىرى كۆتۈرۈش» ئالامەتلىرى بار. ئوبرازىنىڭ «تولۇق، ئېگىز، چوڭ» بولۇشىنى قوغلاشقان.

كىنو ئىجادىيەت ساھەسى بۇ مەزگىلدە ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان رايونلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۆلپەتلىك يىللاردا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گۇرۇھى نۇرغۇنلىغان خادىملارغا زىيانكەشلىك قىلدى. ئۆلۈپ كەتكەن سەنئەتكارلار، ئىجادىيەتچىلەر ئاز بولمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئىشلەنگەن 600 دىن كۆپرەك ھېكايە فىلىم پېچەتلەندى. سەھنىلەردە ئەشۇ بىر نەچچىلا «ئۈلگىلىك تىياتىر» ئوينىلىۋاتقان چاغلاردا ئېكرانلاردىمۇ ئاشۇ بىر قانچىلا فىلىم تەكرار - تەكرار قويۇلۇۋەردى. كىنو ئەدەبىيات ئىشلىرى ئاساسەن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. «قايىنارما زەربە»، «ئادا - جۇدا بولۇش» «ئۇلۇغ بايرام» فىلىملىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان «سۇيقەست ئەدەبىياتى» نىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

### 3. يېڭى باسقۇچتىكى كىنو ئەدەبىياتى

كىنو ئەدەبىياتى يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئويغاندى، جانلاندى، تەرەققىي قىلدى. ئۆزىنىڭ جەزبىدارلىقى، يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن پۈتكۈل ئەدەبىيات تارىخىدىن يېڭى بىر بەت ئاچتى.

كىنو ئەدەبىياتى ساھەسى ئۇ ئون يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان بولغاچقا، ئىجادىيەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ نورمال ئىزىغا چۈشۈشى ئاسانغا توختىمىدى. 1977 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلان قىلىنغان كىنو سېنارىيسى ئاران 13 پارچە بولدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كىنو سېنارىيسىنى ئېلان قىلىدىغان ژۇرنال پەقەت «خەلق كىنوسى» لا بولغاچقا، بەزى ئەسەرلەر ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا (ئېلان قىلغىدەك شارائىت بولمىغاچقا) كىنو

قىلىپ ئىشلەنـدى. بۇ خىل كىنو سىنارىيىلىرى پەقەت كىنو ئىشلەشتىكى بىر ئاساس بولۇپلا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر ئەدەبىي ژانىر بولۇش سۈپىتـى بىلەن كىتابخانىلارغا بەدىئىي زوق بېرىـدىغان ئەھمىيىتىنـى ۋە روللىنى يوقىتىپ قويىدى. «توّت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقۇتۇلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىلدا يېزىلغان كىنـو سىنارىيىلىرى «تـوّت كىشىلىك گـۇرۇھ» نىڭ تەسىرىدىن تولۇق خالى بولۇپ كېتەلمىدى. ئەسەر مەزمۇنىدا ۋە ئىجادىيەت ئۇسـۇلىدا «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ تەسىرى ساقلاندى. بۇ ئەھۋالنى «ئۇمىد»، «تاغدىكى مېيخۇا گۈللىرى»، «ئاساسىي دەرس» دېگەندەك سىنارىيىلەردىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى يىلدا ئېلان قىلىنغان سىنارىيىلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرسى: «چوغلۇق قەلب» (كېيىنكى نامى «قىزىل شەجەرىسى»)، «ئۆكتەبىر بورانلىرى»، «ئۇمىد»، «كۆپ ـ كۆك بوغاز»، «بۇ بىرلا ئادەمـ ـنىڭ ھېكايىسى ئەمەس» دېگەندەك «توّت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ گوماشتىلىرىنى پاش قىلىدىغان، ئەيىپلەيدىغان ئەسەرلەر، يەنە بىر خىلى: «ئېيىق ئىزى»، «قارا ئوچبۇلۇڭ»، «كۆك ئاسماندىكى مۇداپىئە تورى» قاتارلىق ئىشپىيون تۇتىدىـ ـغان، دىلو رازۋېت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر. بىرىنچى خىلدىكى ئەسەرلەر ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، خەلقنىڭ كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. لېكىن بۇ ئەسەرـ ـلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ۋەقەلىكى، پېرسوناژلىرى ئاساسەن ئوخـ ـشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ رامكا ئىچىدىن چىقالمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى ئاساسەن تـۆۋەن. ھەتتا بەزى ئەسەرلەردە خېلىلا

چوڭ يوچۇقلار بار. كىنو ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئەھۋالى بىر تەرەپتىن، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ دىلو رازۋىت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە كۆزىتىش، ھېس قىلىش ۋە پىكىر قىلىشنىڭ كام بولسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇشۇ ئىككى يىلدا ئىجاد قىلىنغان «قىزىل قەلب شەجەرىسى»، «قۇللۇقتىن گېنېراللىققىچە»، «جى خۇڭ - چاڭ»، «ئاۋلبېي يىلەن»، «غەمكىن ئادەمنىڭ كۆلكىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يېڭى باسقۇچتىكى كىنو ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىنمۇ دېرەك بەردى.

كىنو ئەدەبىياتى ئىككى يىللىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش باسقۇچىدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پەقەت 1979 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا 83 پارچە كىنو سېنارىيىسى ئېلان قىلىندى، 65 ھېكايە فىلىم ئىشلەندى. تېما ۋە شەكىللەرمۇ خىلمۇ - خىللىققا يۈزلەندى. «باشەندىكى ياغۇرلۇق كېچە»، «يېڭى كەلگەن ناھىيىلىك پارتكوم سېكرىتارى» (كىنونىڭ نامى «ياش دېغى») ۋە «تۇرمۇش كويى» قاتارلىق ئەسەرلەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش قىلىشتا پەقەت بىرلا ۋەقە ئۈستىدە توختىلىدىغان، پىشقەدەم كادىرلارنى پەقەت بىرلا ئىش ئارقىلىق مەدھىيىلەيدىغان ئاددىيلىقنى ئۆزگەرتىپ ھەر ساھەدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»

بىلەن ئىپىلەپ بارغان مۇرەككەپ كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئەجادىيەت تېما ۋە مەزمۇندىكى «چەكلەنگەن رايون» لارغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرگەندىن كېيىن، مۇھەببەت تەسۋىرىنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن بولغان كۈرەشكە زىچ بىرلەشتۈرىدىغان ۋە مۇھەببەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ئىچىگە ياشلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىدىيە بىلەن قالاق ئىدىيەلەرنىڭ زىددىيەتلىرىنى سىڭدۈرىدىغان، شۇنىڭدەك مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشنى غايىگە ئىنتىلىش، تۇرمۇش يولىنى تاللاش بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ ئىپىلەپ بارىدىغان «توي»، «ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ»، «ئۇلار بىلەن بۇلار» قاتارلىق ئەسەرلەر يېزىلدى.

1980 - يىلىدىن كېيىن كىنو ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى. 1980 - يىلى ئىپلان قىلىنغان سېنارىيىلەر 140 پارچىغا، كىنو قىلىپ ئىشلەنگەنلىرى 82 گە يەتتى؛ 1981 - يىلى ئىپلان قىلىنغان سېنارىيىلەر 200، كىنولار 105؛ 1982 - يىلى ئىپلان قىلىنغان سېنارىيىلەر 270، كىنولار 112 بولۇپ، مەيلى ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيىتى بولسۇن، ياكى كىنو ئىشلەش بولسۇن بارغانسېرى تەرەققى قىلدى.

ئىجادىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى تېما دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ زور تۆھپىلىرى مەدھىيىلەنگەن، ئىنقىلابىي كۈرەش مۇساپىسى ئەسلىنىپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەر خىل كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «شەھەر باشلىقى چېن يى»، «شىئەن ئۆزگىرى-

شى»، «چىشۇي دەرياسىدىن تۆت قېتىم ئۆتۈش»، «مارشالنىڭ ئۆلۈمى»، «شىجياجۇاڭنى ئازاد قىلىش»، «ئۇزۇن يول»، «تۇمانلىق شەھەر» دېگەندەك سىنارىيىلەر ئېلان قىلىندى ۋە كىنو قىلىپ ئىشلەندى. بۇ ئەسەرلەر ياراتقان ئوبرازلارنىڭ يارقىنلىقى بىلەن، تېمىدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى بىلەن يېڭى سەۋىيە ياراتتى.

رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنارىيىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىشى، كىنو ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن - لىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئىجاد قىلىنغان «كىچىك كوچا». «يۈلياڭۋەندىكى كۈلكە ساداسى»، «شۇماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى»، «تۆمۈرچى جاڭنىڭ رومانتىك تارىخى»قاتارلىق كىنو سىنارىيىلىرى ئون يىللىق ئاپەتنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايى - قازالىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى، بىراق «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار»، «قايتىپ كەلگەن تۇرنىلار» قاتارلىق سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ دىققەت نەزەرىنى تېخىمۇ يىراق - يىراق تارىخقا يۆتكەپ ئازاد - لىقتىن كېيىنكى 30 يىللىق تارىخىي جەريان ئىچىدىن چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل لۇشيەنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنبە، سەۋەبلىرىنى قېزىش ئۈچۈن ئىزدەندى. يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى «4 نى زامانىۋىلاش - تۇرۇش» قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى بىزنىڭ سىنارىيىچىلىرىمىزگە ئۆتمۈش تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن

«ئاشخانا سىمپونىيىسى» (كىنونىڭ نامى «قوشنىلار»)، «قالدۇق قار»، «مېنى ئۇنتۇما»، «چياۋچاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» (كىنونىڭ نامى «قۇڭغىراق ساداسى»)، «يېڭى دەۋر ئادىمى»، «ئىسسىق قان ھامان ئۇرغۇيدۇ»، «ئائىلىدىكى ئەمەلدار»، «تۇرمۇشتىكى ھەرخىل كەيپىياتلار»، «چىڭ خۇەنشىڭنىڭ سەرگۈزەشتىسى» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، «4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تىكى يېڭى كىشى، يېڭى ئىشلارنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېڭى باسقۇچتىكى كىنو ئەدەبىياتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. بىراق بۇ مەزگىلدە ئايرىم مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن: بەزى ئەسەرلەر ئابىستراكىت ھالدىكى سىنىپتىن تاشقىرى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسان ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قىزىقىپ كەتتى. پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشلەر ئۇقۇشماسلىق ۋە ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش، قىلىپ تەسۋىرلەندى. بەزى ئەسەرلەر ئېلىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى قايرىپ قويۇپ بۇرژۇئا تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش بىلەن بولۇپ كەتتى. قەھۋەخانىلار، يېرىم يالىڭاچ خوتۇن - قىزلار، ھەر خىل تانسا شەكىللىرىنى كۆپلەپ تەسۋىرلەپ كىتابخان ۋە تاماشىبىنلارنى قىزىقتۇرماقچى بولدى. كىشىنى خۇشال قىلىدى-

غىنى شوكى، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان (1982- يىلىدىن بېرى) تۈزىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. گەرچە بەزىبىر مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئېلىمىز كىنوچىلىقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ كىنو ئىجادىيىتىدىكى ئوبدان ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلىرىنى ئۆگىنىپ ئېلىمىزنىڭ كىنو ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

• • •

بىر باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ نەتىجىلىرى يالغۇز ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى شۇ باسقۇچتىكى يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى ۋە ئۇلار ئىجاد قىلغان ئەسەرلەر سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز يېقىنقى باسقۇچتىكى مۇنەۋۋەر سىنارىستلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىلگىرى مۇنەۋۋەر كىنو سىنارىيىسى «جىياۋۇ بۇلۇتلىرى»نىڭ ئىجادىيىتىگە قاتناشقان سىنارىست يېڭەن مۇشۇ باسقۇچتا «ئاۋلىيې يىلەن»، «باشەن تېغىدىكى يامغۇرلۇق كېچە»، «قوم كۆمۈۋېتەلمەيدىغان ئىز» قاتارلىق سىنارىيىلەرنى يېزىپ چىققى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلاردىكى تەسۋىر ئىنچىكە، پىكىر چوڭقۇر، ھېسسىيات كۈچلۈك. ئۇلاردا بىر خىل شېئىرىي تۈس بار. بولۇپمۇ «باشەن تېغىدىكى يامغۇرلۇق كېچە» سىنارىيىسىدە بۇ ئالاھىدىلىكلەر روشەن

ئەكس ئېتىلگەن. بۇ ئەسەر ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىقلارنى
ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-
قازالارنى تەسۋىرلىگەن سېنارىيىلەرنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى
قاتاردىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئاپتور بۇ سېنارىيىدە «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» دىكى «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش»، «كۆرەش
قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» نىڭ جىددىي كۆرۈنۈش-
لىرىنى ۋە ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل سۈرەتلەپ
بەرمىگەن، بەلكى بىر پاراخوتنىڭ بىر ئېغىز ھوجرىسىدىكى
سەككىز نەپەر يولۇچىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكەت-پائالى-
يەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېغىر بېسىم ئاستىدىكى كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادە ۋە خاراكتېرىنى شۇنىڭ-
داقلا ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاپتور داۋاملىق
ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان «سىدام
تەسۋىر» ئارقىلىق ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە روھىي
ھالىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئاپتور يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقان
شائىر چىيۇشى ۋە چىيۇشىنىڭ سەپەرداشلىرىنىڭ (بىر ھوجرىدى-
كى يولۇچىلار) چىيۇشىنى يالاپ كېتىۋاتقان لىيۇۋنىيىڭغا تەسىر
كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە لىيۇۋنىيىڭنىڭ تەدرىجى ئويغانغانلىقى،
ئاخىرى كۆپچىلىك چىيۇشىنى ئوغرىلىقچە قاچۇرۇۋەتكەنلىكى
توغرىسىدىكى ئېپىزوت ئارقىلىق تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەرى-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچى — خەلق، تارىخنىڭ چاقىنى كەينىگە
قايتۇرماقچى بولغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» چوقۇم بەربات
بولىدۇ، بۇ تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى، دەيدىغان باش تېمىنى
يورۇتۇپ بېرىدۇ. يېنەننىڭ بۇ سېنارىيىسى ئۆزىنىڭ مۇۋە-

پىپەقىيىتىگە مۇناسىپ هالدا ئىلىمىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئالتۇن خوراز كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئەڭ ئىسىل سېنارىيە بولۇپ باھالاندى.

ئون يىللىق ئاپەتنى جانلىق ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، يېتىپ كەلگەن نەۋ باھارنى قۇتلۇقلايدىغان سېنارىيەلەرنىڭ ئىچىدە جاڭ شۇەننىڭ «ئازابلىق يۈرەك»، «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» ناملىق ئەسەرلىرى كەڭ تەسىر قوزغىدى. جاڭ شۇەن 1956 - يىلىلا «قۇرامىغا تولغان ياشلار»، «شاڭخەي قىزى» ناملىق سېنارىيىلىرىنى ئېلان قىلغان ئىدى. يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئۇ بىر تۈركۈم ئۆزگىچىلىكى بار پروزىك ئەسەرلىرى بىلەن پروزا ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغاش بىللە ئۆزىنىڭ «ئازابلىق يۈرەك»، «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» (بۇ ئىككى سېنارىيىنى ئۆزىنىڭ شۇ ناملاردىكى ھېكايىلىرىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «دەسلەپكى باھار» (ۋاڭ مىڭنىڭ «ياشىسۇن ياشلىق» ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) كىنو سېنارىيىلىرى بىلەن مۇنەۋۋەر سېنارىستلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئاپتور «ئازابلىق يۈرەك» سىنارىيىسىدە تىراگېدىيىلىك ۋەقەنى يېزىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ، لوبىڭچىننىڭ ئىگىلمەس، سۇنماس كۈرەشچانلىق روھىنى مەدھىيىلەپ، خەلق چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، ئىلىم - پەن ھامان غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. قەلەمنى پىشقان يازغۇچى جاڭ شۇەن ئۆزىنىڭ ھېكايىچىلىقىدىكى تەجرىبىلىرىنى سېنارىيە ئىجادىيىتىگە تەدبىق-

لاپ، ئۇزۇتمىغا ۋە توغرىسىغا تەسۋىرلەشنى بىرلەشتۈرۈش، تولۇق كۆرۈنۈشنى يورۇتۇش بىلەن نۇقتىنى تەسۋىرلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، كۆرۈنۈشتىن ماھىيەتكە ئۆتۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزى تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە سالمىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇنىڭ «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» سىنارىيەسى مۇھەببەت ۋەقەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋى پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى چوڭ بولدى. بۇ ئەسەرمۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئالتۇن خوراز كىنو مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

پېشقەدەم سىنارىست لۇيەنجۇ 50 - يىللار ۋە 60 - يىللارنىڭ بېشىدا «باھار كەلدى»، «سۇمرۇق ناخشىسى»، «قار بورانلىق دابېيشەن تېغى» (چىڭ دىڭكى بىلەن بىللە ئىجاد قىلغان)، «ئەجدەرھا كۆلى» (چىڭ دىڭكى بىلەن بىللە ئىجاد قىلغان) قاتارلىق كىنو سىنارىيىلىرىنى يازغان ئىدى. يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۆزىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن جامائەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ بۇ مەزگىلدە «دەرەخلەر ياشىرىپ، گۈللەر ئېچىلدى»، (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىجاد قىلغان)، «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» (ئۆزىنىڭ شۇ ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن ئىشلىگەن)، «جىياڭنەندىكى قار» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىجاد قىلغان)، «سادا»، «لياۋجۇڭكەي»، «ئەۋەتىلمەيدىغان خەت» قاتارلىق كىنو سىنارىيىلىرىنى يازدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە بىرىنچى نۆۋەتلىك ئالتۇن خوراز كىنو مۇكاپاتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ھېكايە فىلىم

تۆرى بويىچە مۇكاپاتلانغان «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ زور بولدى.

«تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» سىنارىيىسىگە ئوخشاش چوڭ كومپوزىتسىيە ئارقىلىق نىسبەتەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى يورۇتقان سىنارىيىلەرنىڭ ئىچىدە لى جۇننىڭ يازغۇچى جاڭ شيەنلياڭنىڭ «جان ۋە تەن» ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «يىلقىچى» ناملىق سىنارىيىسىمۇ بار. بۇ ئەسەر شيېي لىنيۈننىڭ «كېتىش ياكى قېلىش» مەسىلىسىدىكى ئىدىيىۋى كۆرەش ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىر زىيالىينىڭ 30 نەچچە يىللىق ئەگرى توقاي ھايات مۇساپىسىنى ۋە ئۆزگىرىشچان تەقدىرىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى سىياسىي جەھەتتە ئۇۋال قىلىنغانلىقىغا قانداق قاراش كېرەك، ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھايات يولىنى قانداق تاللاش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېڭى باسقۇچتىكى مۇنەۋۋەر سىنارىيىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، «خوشنىلار» سىنارىيىسىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئالتۇن خوراز كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ ئەسەرنى مالىن، جۇۋدىن، داجياڭفۇلار بىرلىكتە يېزىپ چىققان. بۇ سىنارىيە تۇرالغۇ ئۆينىڭ يېتىشمەسلىكىنى سۆزلەش ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قالايمىقان قىلىشىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى تارىخىي باسقۇچتا پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقىمىزنىڭ بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىش-

چانلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەر بەزى كادىرلارنىڭ پايدا، مەنپەئەت قوغلىشىپ ئارقا ئىشىكتە مېڭىش، مۇناسىۋەت تورى ئۇيۇشتۇرۇش دېگەندەك ناتوغرا ئىستىللىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىش بىلەن بىرگە، ليۇ لىشېنىڭ ۋەكىللىكىدىكى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ چوڭ ۋەزىيەت ۋە ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ ئامما بىلەن بىللە بولىدىغان، پايدىنى ئالدى بىلەن باشقىلارغا ئۆتۈنىدىغان، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ياردەم بېرىدىغان «يەنئەن روھى»نى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. سېنارىيىدىكى بىر قاتار جانلىق دىتاللار ئەسەر پېرسوناژلىرىدىن بولغان بىر چەت ئەللىك دوستىنىڭ «مەن بۇ يەنئەنلىك پېشقەدەم جەڭچى ۋە ئۇنىڭ يېقىن خوشنىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل روھنى ھېس قىلدىم. ئەينى يىللاردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مۇشۇنداق روھقا يۆلىنىپ، ئاممىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان ياپون جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭنى مەغلۇپ قىلغان ئىدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتىمۇ خۇددى بۇنىدىن 30 نەچچە يىل بۇرۇنقىدەك ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىرات بەردى. جۇڭگو، گەرچە تېخى كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۈمىد چوڭ» دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئەسەر ئادەتتىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تەسۋىرىنى يۈكسەك غايە بىلەن بىرلەشتۈرگەن. كىچىك ئارقىلىق چوڭنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئادەتتىكى كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يۈكسەكلىكنى ئىسپادىلەپ بەرگەن.

لىياڭ شىن ئارمىيە ئىچىدىكى سېنارىست بولۇپ، ئۇ

1960 - يىلى داڭلىق كىنو سېنارىيىسى «قىزىل ئاياللار قو-
شۇنى»نى ئىجاد قىلغان ئىدى. ئۇ شۇ مەزگىللەردە يەنە
«جەنۇبىي دېڭىزدىكى سەددىچىن سېپىلى»، «كۆپ - كۆك دېڭىز-
دىكى سادىق يۈرەك»، «ئالاھىدە ۋەزىپە» دېگەندەك سېنارى-
يىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ مۇشۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپكى يىل-
لىرىدىلا «قۇللۇقتىن گېنېراللىققىچە» سېنارىيىسىنى يېزىپ،
«جۇڭگوچە گېنېرال»نىڭ بەدىئىي تىپىنى ياراتتى. ئاپتور
لو شياۋنىڭ يۈەن شىكەيگە قارشى جەڭگە قاتناشقانلىقىدىن
تارتىپ يېزىپ ئۇنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشى، ئۇزۇن سەپەر-
گە قاتنىششى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش
مەيدانلىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي يېزىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل
ھاياتىدا 20 ئۆلكىگە بېرىپ، جەڭگە قاتنىشىپ، بىر دېموكراتىزم
جەڭچىسىدىن كوممۇنىزم جەڭچىسى بولۇپ چىققانلىقىنى، بىر
قۇلدىن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى بولغانلىقىنى، ھاياتى-
نىڭ ئاخىرىغىچە خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان-
لىقىنى تەسۋىرلىدى. ئەسەردە ئۇزۇن ۋاقىت، كەڭ كۆزىتىش،
نۇرغۇن ئۇرۇش ۋە سىنىپىي كۈرەش، مىللىي زىددىيەت، ئىدى-
يىۋى كۈرەش، لۇشيەن كۈرەشلىرىنىڭ ھەممىۋاسى بىر پېشقە-
دەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار
مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، مۇشكۈللۈكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن
شۇنداقلا ئەسەرنى كەڭلىككە، نۇرغۇن لىنىيىلىك مۇرەككەپ
قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان. ئەسەردىكى كونكرېت دېتاللار بۇ
«جۇڭگوچە گېنېرال» نىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ تەسىرلىك ۋە ئە-
شىنەرلىك قىلىپ چىقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بۇ سېنارىيە

كىنو قىلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن كىشىلەر كىنونىڭ سىنارىيە-
نىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەنلىكىنى يەنى سىنارىيىچىلىك بەدى-
ئىي ئۇنۇم بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. بىز بۇ يەردە كىنو
ھەققىدە (كىنو سەنئىتى ھەققىدە) توختالماي، كىتابخانىلارغا
بەدىئىي زوۇق بېرىدىغان ئەدەبىي ئەسەر — سىنارىيە ئۈستىدە
سۆزلەۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ سىنارىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇ-
قىرى باھا بېرىمىز.

مۇشۇ باسقۇچتىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىنى ۋە
تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىياپىتىنىڭ چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرە-
لىگەن تارىخىي تېمىدىكى كىنو سىنارىيىلىرىنىڭ ئىجادىيىتى
ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن جىن جوۇڭ ۋە چېڭ يىڭ
ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن «شىئەن ئۆزگىرىشى» سىنارىيىسىنى
تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردە پۈتۈن
دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شىئەن ۋەقەسىنى چىنلىق بى-
لەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن پاكىتلارنى يىغىش ئۇسۇ-
لىنى قوللانغان. ئاساسىي قەھرىمانلار ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنى
تەسۋىرلىگەندە، پۇختا ماتېرىيال ئاساسغا يۆلەنگەن. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئاپتور تېپىكلەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تا-
رىخىي ماتېرىياللارغا قارىتا زۆرۈر بولغان پىششىقلاش ۋە تال-
لاش ئېلىپ بېرىپ، جاڭ شۆلياڭنىڭ شىمالىي شەنشىدە «گوڭ-
چەنداڭنى يوقىتىش» ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇچ قېتىملىق
مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشنىڭ ئىككىسىنى قىسقارتىۋېتىپ پەقەت
جىلوجېن جېڭىدىلا گەۋدىلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن جاڭ شۆ-
لياڭنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى تې-

خىمۇ ئوبدان ئىپادىلەپ بەرگەن. تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىـ
ئىي جەھەتتىكى ئىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىر
تەرەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەر ئۆزىنىڭ تەسۋىرلىرىنىڭ
چىنلىقى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىپلا قالماي، يەنە جاڭ شۆـ
لياڭ، ياڭ خۇچېڭ، جياڭ جيېشى قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرـ
نىڭ جانلىق ئوبرازىنى تىكلەپ بېرەلىگەن، ئۇلارنىڭ خاراكـ
تېرىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىگەن. ئەسەر بولۇپمۇ
سەلبىي قەھرىمان جياڭ جيېشىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا بۆـ
سۈش خاراكتېرلىك ئەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىـ
لىكىنى ۋە ئۇنىڭ نائىلاج ھالدا گومىنداڭ بىلەن كومپارتىـ
يىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بىرلىكسەپ تۈزۈشكە يول قويغانلىـ
قىنى، ئۇنىڭ جاھىللىقىنى ۋە زەئىپلىكىنى چىن ۋە جانلىق
ئىپادىلىگەن. ئەسەر ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرلەنـ
گەن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر لىنىيىگە
تىزىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە جۈملىدىن جاڭ شۆلياڭ،
ياڭ خۇچېڭ قاتارلىقلارغا تۇتقان ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىسى،
ئوخشىمايدىغان ئىنكاسى ئارقىلىق ئۇنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى،
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن
خېلى يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سەلبىي قەھرىـ
مانلارنى تەسۋىرلەشتىكى ھەجۋىلەشتۈرۈش كېسەللىكىدىن ساقـ
لانغان. ئەسەردىكى ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق
پارتىيىمىزنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ئوبرازلىرىمۇ
گەرچە ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان بولسىمۇ،
ئەمما ئۇلارنى جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭ، جياڭ جيېشى قاتارـ

ئىقلارنىڭ ئوبرازلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى تازا مۇكەممەل ۋە روشەن، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ — «شىئەن ئۆزگىرىشى»نىڭ يېتەرسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ.

باشقا ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئاساسەن سىنارىيىلەشتۈرۈلگەن كىنو سىنارىيىلىرى مۇشۇ باسقۇچتىكى كىنو ئەدەبىياتىدا خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇ باسقۇچتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە»، «يىللىقچى»، «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» قاتارلىق ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن سىنارىيىلەردىن باشقا يەنە «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە» (شىن روڭ ئۆزىنىڭ شۇ نامدىكى پوۋېستىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «شەھەرنىڭ جەنۇبىدا بولغان ئىشلار» (جۇمىڭ، لىن خەيىيىڭنىڭ شۇ نامدىكى پوۋېستىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «شياڭزى تۆگە» (لاۋشېنىڭ شۇ ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن سىنارىيىلەشتۈرۈلگەن) «ئىسسىق قان ھامان ئۇرغۇيدۇ» (زۇڭ فۇشيەن ئۆزىنىڭ شۇ نامىلق دراممىسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى» (چىڭ بەيچىن لۇشۈننىڭ شۇ نامدىكى ئەسىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن)، «شەھەر باشلىقى چېن يى» (شايېشىن ئۆزىنىڭ شۇ نامىلق دراممىسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) «شۈماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى» (جۇكېچىننىڭ شۇ نامدىكى رومانىغا ئاساسەن ۋاڭ يەن بىر نۇسخا، جۇكېچىن يەن شياۋمۇ بىر نۇسخا قىلىپ سىنارىيىلەشتۈرگەن) «رەڭگا - رەڭ كىشىلىك تۇرمۇش» (لى لىڭشيۇ جياڭ زىلۇڭنىڭ شۇ نامىلق پوۋېستىغا ئا-

ساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن) قاتارلىق كىنو سىنارىيىلىرى زور تەسىر قوزغىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى (ئۆزگەر-تىپ ئىشلىگۈچىلىرى) ئەسلى ئەسەرلەرنى بەدىئىي جەھەتتىن قايتا پىششىقلىدى، يەنى قايتا ئىجاد قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزد-لىرى ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولۇپ، قەغەز يۈزىدىكى ئوب-رازلارنى كۆرۈش سېزىمىدىكى ئوبرازلارغا ئايلاندۇرسا، بەزد-لىرى ئەسلى ئەسەرلەرگە ئاساسىي جەھەتتىن سادىق بولۇش ئاساسىدا خېلى تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ (بەزى نەرسىلەر-نى قىستۇرۇپ ۋە بەزىلەرنى قىسقارتىپ)، پېرسوناژلارنى ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى، مۇكەممەللەشتۈردى. يەنە بەزىلىرى «ئەسلى ئەسەردىن ماتېرىيال ئېلىش» ئۇسۇلى بويىچە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەلۇم باب، پاراگرافلىرىنىلا ساق-لاپ قېلىپ، ئەشۇ تاللىۋالغان بۆلەكلەرنى كېڭەيتتى، چوڭقۇر-لاتتى ۋە ئۇلارغا يېڭى پىكىرلەرنى سىڭدۈردى. بەزى سېنا-رىستلار ئەسلى ئەسەر ئاپتورىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىكى پېرسو-ناژلار ۋە ۋەقەلەرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈ-رۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى، نەتىجىدە ئۆزگەرتىپ ئىشلەن-گەن سىنارىيە ئەسلى ئەسەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇپ چىقتى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆز-گەرتىپ ئىشلەش — سىنارىيە ئىجادىيىتىدىكى بىر يۈزلىنىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سىنارىستلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتى تەدد-رىجى ئۆسۈپ، ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سۈپىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتىرىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپات-

لىدىكى، باشقا ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سېنارىيىلەش تۇرۇش، كىنو ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى شۇنداقلا ئې- لىمىزنىڭ كىنو ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر يولى. بىز پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن سېنارىيىلەرنىڭمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدىغانلى- قىغا ۋە بۇ ئىجادىيەت يولىنىڭ تەدرىجى كېڭىيىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

* * *

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى كىنو ئەدەبىياتىنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەزمۇنىنى بېيىتىپ، كىنو ئەدەبى- ياتىنى روشەن ئىدىيىۋىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆزۈندىن بېرى كىنو ئەدەبىياتىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شەكىل جەھەتتىكى بىر خىللىق ۋە ئۆزگەرمەي بىر ئىزدا تۇرۇۋې- رىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتتى؛ ئېلىمىزنىڭ سېنارىيىچىلىرى ئىجادىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا چەت ئەللەرنىڭ كىنو سەنئىتىدىكى ياخشى ئۇسۇللارنى قوبۇل قى- لىپ داداللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى. يېڭى تارىخىي باس- قۇچتا پارتىيىمىزنىڭ «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجىنى ئەمەلى- لەشتۈرۈلگەچكە كىنو ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىش، بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك كەيپىياتقا ئايلىنىپ ئۇسلۇب، شەكىل ۋە ئۇسۇل- لار خىلمۇ - خىللىششقا يۈزلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەت دەسلەپ- كى قەدەمدە شەكىللەندى.

ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ كىنو ئىجادىيىتىدە ئاساسەن دراما سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىپ كەلگەچكە پىېر-

سوناژلارنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە خاراكتېرىنى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئارقىلىق، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ كېلىنگەن ئىدى. بايان تەرتىپمۇ ئاساسىي ياقتىن ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ ئۆزگىرىش تەرتىپى بويىچە بولاتتى. يېڭى باسقۇچتىكى بىر قىسىم سېنارىيىلەر («قىزىل قەلب شەجەرىسى»، «جى خۇڭچاڭ»، «قۇللۇقتىن گېنېراللىققىچە» قاتارلىقلار) بۇ خىل سەنئەت ئەنئەنىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلدى. «جى خۇڭچاڭ» سېنارىيىسى ۋاقىتنىڭ ئارىلىقى نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولغان بىئوگرافىيىلىك خاراكتېردىكى ئەسەر بولغاچقا ئاپتور چېكلىدى جى خۇڭچاڭ ئوبرازىنى ئىنتايىن كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارىسىغا قويۇپ يارىتىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن: قاچاق ئەسكەرلەرنى ئاتىدىغان ھەلقۇملۇق پەيتتە جى خۇڭچاڭ ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا قاچاق ئەسكەرلەر تۇشمۇ - تۇشتىن: «بىز نېمە ئۈچۈن كومپارتىيە بىلەن سوقۇشىمىز؟»، «بىراق پۇخرالار نېمە ئۈچۈن كومپارتىيەنى ياخشى كۆرىدۇ؟»، «بىز ئىلگىرى مىللىتارىستلار بىلەن جەڭ قىلساقلا غەلىبە قىلاتتۇق، ھازىر كومپارتىيە بىلەن ئۇرۇشساق، نېمە ئۈچۈن ھەر جەڭدىلا مەغلۇپ بولىمىز؟»، «بىز ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ئۇرۇشماي، نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگولۇقلىرى بىلەن جەڭ قىلىمىز؟» دەپ جى خۇڭچاڭغا سوئال قويۇشىدۇ. بۇ تۆت «نېمە ئۈچۈن؟» ئەمەلىيەتتە دەۋرنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، سىنىپنىڭ كەسكىن زىددىيەتلىرىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، دەل جى

خۇڭچاڭ ئويلاپ ـ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان مەسىلىلەر ئىدى. ئاپتور جى خۇڭچاڭنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈر توقۇ-نۇش ئارىسىغا قويۇپ قاچاق ئەسكەرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئارقىلىق ئۇنىڭ كونا ئىدىيىسىگە، ھەربىي مەجبۇرىيىتى ۋە كۆنۈك ئادىتىگە قارشى دەككە بېرىدۇ. جى خۇڭچاڭ ئاخىرى «ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. مانا بۇ چاغدا ئۆزگىرىش ئىلكىدە تۇرغان، ئۆزگىچىلىكى كۈچلۈك بولغان مىل-لىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى چەتئەلنىڭ بولمايدىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتور ئەسەر ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-سەن مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلنى تاللىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

يەنە بىر قىسىم سىنارىيىلەر (مەسىلەن: «شىياۋخۇا»، «نورۇز گۈلى» قاتارلىقلار) ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ تەبىئىي تەرتىپىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئالاھىدە قۇرۇلما شەكلى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىدىن پايدىلانغان. بۇ ئەسەرلەر ھازىرقىنى، ئۆتكەننى، كەلگۈسىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، بەزىدە خىيال، بەزىدە رېئاللىق، بەزىدە تەسەۋۋۇر، يەنە بەزى-دە ئەسلىمىلەر ئارقىلىق ئەسەر قۇرۇلمىسىنى پېرسوناژلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنىڭ ئىچكى ئېقىمى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا بۇنى پىسخىك قۇرۇلمىلىق سىنارىيە دېيىشكە بولىدۇ. بىراق بۇنداق كومپوزىتسىيە ۋە بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى تېخى سىناق باسقۇچىدا بولغاچقا خېلى كۆپ سىنارىستلار ئۇ-نى ئۇنۇملۇك ئىشلىتەلمىدى. بۇ جەھەتتە بەزى يېتەرسىزلىكلەر

كۆرۈلدی. ئەمما ئۇ یېڭی بىر شەكىل ۋە ماھارەت بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى بېيىتتى.
شۇڭا ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

«يۇرت مۇھەببىتى»، «يۆلياڭۋەندىكى كۆلكە»، «كىچىك
كوچا» قاتارلىق تېخىمۇ نۇرغۇن سىنارىيىلەر يۇقىرىقى ئىككى
خىل كومپوزىتسىيە شەكلى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىنى بىرلەش-
تۈرۈپ ئىشلىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار ئەسەرنىڭ
بىر پۈتۈنلۈكى جەھەتتىن قۇرۇلمىنى ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ تەر-
تىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى كومپوزىتسىيە شەك-
لىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئايرىم كۆرۈنۈش ۋە قىسمەن
نۇقتىلاردا تەتۈر بايان، ئەسلىمە، خىيال، خاتا تۇيغۇ قاتار-
لىق ئۇسۇللاردىن پايدىلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئو-
مۇمىي جەھەتتىكى (بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىكى) پۇختىلىقى ۋە
ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر تەرەپتىن
ئەنئەنىۋى كومپوزىتسىيە شەكلىنى بىر خىل جانلىقلىق ۋە
ھەرىكەتچانلىققا ئىگە قىلدى. يۇقىرىقى نادىر ئەسەرلەرنىڭ
ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىدىن ئوبدان پايدى-
لانغاندا، ئېلىمىزنىڭ قۇرۇلمىنى ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ تەر-
تىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتەك كومپوزىتسىيە شەكلىنى ئۆز-
گەرتىپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ بىر خىل يېڭىچە پىسخىكىلىق قۇ-
رۇلما شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈ-
شەندۈردى.

يېڭى باسقۇچتا يەنە نەسىرنىڭ شەكلى تارقاق، پىكىر
يىغىنچاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە ئۇسلۇب قىلغان

سېنارىيىلەرمۇ ئىجاد قىلىندى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرگە «شە-
ھەرنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار»، «شەھەر باشلىقى
چىن يى»، «مۇھەببەت، سىزنىڭ قامىلىڭىز نىمە؟» قاتارلىق-
لارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. «مۇھەببەت، سىزنىڭ قامىلىڭىز نى-
مە؟» ناملىق سېنارىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ناھا-
يىتى روشەن. ئەسەر قىسقىغىنە بىرنەچچە سائەت ۋاقىت ئى-
چىدىكى ساياھەتنى سۆزلەپ يەتتە جۈپ قىز - يىگىتنىڭ مۇ-
ھەببەت تۇرمۇشىدىكى ئوخشىمايدىغان كەچۈرمىشلىرى، ھەر
خىل زىددىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيىلىرىنى
تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇنلىغان
كىچىك ۋەقە ۋە ئىشلاردا ئۆزئارا باغلىنىش يوق بولۇپلا
قالماي، ھەتتا ھەربىر جۈپنىڭ ئارىسىدىمۇ باغلىنىش يوق.
ئاپتور بۇ يەتتە جۈپ ياشنىڭ ئارىسىدىكى بىر جۈپ ياشنى
ئاساسلىق تەسۋىرلىگەن. بارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت-
پائالىيەتلىرىنى ئۆزلۈكسىز چۈشەندۈرگۈچىلىك قىلىپ يۈرگەن
بىر فوتو سۈرەت مۇخبىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئارقىلىق بىر-
بىرىگە ئۇلىغان. ئاپتور ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ تە-
سۋىرلىرى ۋە كۆلكە - چاقچاق ئارقىلىق توغرا تۇرمۇش قارى-
شىغا ھەم مۇھەببەت كۆز قارىشىغا ئىگە كىشىلەرنى مەدھىيى-
لىگەن شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەببەتتىكى چاكىنىلىقنى، فېئو-
داللىق كونا ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلغان. ئەسەرنىڭ مەركىزىي
ئىدىيىسى مانا مۇشۇنداق ئوخشىمايدىغان ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىر-
لىرى زىمىنىدە ھەر تەرەپتىن چوڭقۇرلىغان ۋە يورۇتۇلغان.
«شەھەر باشلىقى چىن يى» سېنارىيىسىنىڭ قۇرۇلمىسى يۇقى-

ردا تىلغا ئېلىنغان سىنارىيىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ سىنارىيە تېخىمۇ نۇرغۇن پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەر ئارقىلىق بىر پېرسوناژنى مەركەزلىك تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ خاراكتېرى مۇشۇنداق قۇرۇلما شەكلىگە ئېھتىياجلىق بولغان.

كىنو سىنارىيىسىگە بىر خىل شېئىرىي تۈس كىرگۈزۈش، ئۇنىڭدا شېئىرىي مۇھىت شەكىللەندۈرۈش — يېڭى باسقۇچتا سىنارىستلارنىڭ ئىزدىنىۋاتقان يېڭى بىر تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. «ئاۋلىپي يىلەن»، «باشەن تېغىدىكى يامغۇرلۇق كېچە»، «يۇرت مۇھەببىتى»، «ئانار گۈلى»، «قۇم كۆمۈۋېتەلمەيدىغان ئىز»، «تۇمان» قاتارلىق سىنارىيىلەر بۇ جەھەتتىكى سىناقنىڭ نەتىجىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى «شېئىرىي كىنو» ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى مۇمكىنچىلىكنى كۆرسىتىپ بەردى. «ئاۋلىپي يىلەن» سىنارىيىسى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخ ۋە كەڭ كۆرۈنۈشلۈكلۈكى؛ تىلىنىڭ دەبدەبىلىك ۋە رىتىمىنىڭ كۈچلۈكلىكى ئارقىلىق ئېپوسلارغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىگەن بولسا، «باشەن تېغىدىكى يامغۇرلۇق كېچە» سىنارىيىسى دىققىتىنى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئەمەس، بەلكى شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن پەلسەپىۋىي پىكىرلەرنى يۇغۇرۇشقا ۋە پېرسوناژلارنىڭ تىلىنى تاۋلاشقا قارىتىپ بىر خىل شېئىرىي مۇھىت ياراتقان. ھەتتا بۇ كىنو سىنارىيىسىنىڭ «باشەن تېغىدىكى يامغۇرلۇق كېچە» دېگەن نامىمۇ قەدىمى شېئىرنىڭ مەشھۇر بىر مىسراسى بولۇپ، بۇمۇ شېئىرىي مۇھىتنى قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

مۇزىكا — كىنو سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرسى.

مۇزىكىنىڭ ئىپادىلەش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ مۇزىكا تۈسى كۈچلۈك، ئاھاڭ روشەن بولغان سىنارىيىلەرنى ئىجاد قىلىشمۇ سىنارىيە ئىجادىيىتىدىكى ئۇسلۇبلارنى خىلمۇ - خىللاشتۇرۇش، تۈرلەرنى كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى سىنارىيە ئىجادىيىتىدە بۇ تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ئىدى. ئادەتتە سىنارىيە پۈتكەندىن كېيىن، كومپوزىتورلار ئۇنىڭغا مۇزىكا ئىشلەپ بېرەتتى. سىنارىستلار بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى دېيىلسە، پەقەت كىنو سىنارىيىسىگە بىر ئىككى كوپلىت ناخشا تېكىستىنى كىرگۈزۈپ قوياتتى، خالاس. ئۇلار مۇزىكىنىڭ رېتىمى ۋە ئاھاڭ گۈزەللىكلىرى ھەققىدە پەقەتلا ئويلانمايتتى. يېڭى تارىخىي باسقۇچتا بۇ ئەھۋال خېلىلا ئۆزگەردى. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى مۇزىكا تۈسى ۋە مۇزىكا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر قىسىم سىنارىيىلەرنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق سىنارىيىلەرنىڭ ئاپتورلىرى مۇزىكىنى ئۆز سىنارىيىلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردى. مەسىلەن: «قەلب كۈيى»، «ئۇچقۇچىلار سىمپونىيىسى» سىنارىيىلىرى بىر ئىسكىرىپكا كۈيى ۋە بىر پىئانىنو مۇزىكىسىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭىنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن سۇژىتىغا تەدبىقلاپ تۇرۇپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «تۇمان» ناملىق سىنارىيىدە بولسا ئاپتور ئەسەر قۇرۇلمىسىنى بىر مۇزىكىنىڭ «شامال، بولاق، تەشنالىق، دېڭىز قىلىش»تىن ئىبارەت تۆت مۇزىكا بابى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان. مۇزىكىنىڭ بۇ تۆت بابى ئەمەلىيەتتە ئەسەرنىڭ تۆت ئېپىزوتىغا تەدبىقلانغان. «تۇرمۇش كۈيى» سى-

ناريىسى دادىللىق بىلەن كىنونى سىمپونىيىلەشتۈرۈش ئۈستىدە
ئىزدەنگەن بولۇپ، سىمپونىيە ۋە سوناتالارنىڭ قۇرۇلما شەك-
لىنى سېنارىيىنىڭ كومپوزىتسىيىسىگە تەدبىقلىغان. بۇ ئارقىلىق
ۋەقەلىك، مۇزىكا ۋە رىتىمنىڭ تەڭ ئىلگىرىلىشىگە ئېرىشكەن.
بىراق شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، ھازىر بىزنىڭ سېنارىستلى-
رىمىزنىڭ مۇزىكا ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، شۇنىڭدەك بۇ بىر
مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ سىناق بولغاچقا، بۇ جەھەتتە يۇقىرى
سەۋىيىلىك سېنارىيىلەر تېخى مەيدانغا چىقمىدى. سېنارىست
بىلەن كومپوزىتورنىڭ ئىش تەقسىماتى يەنىلا ناھايىتى ئې-
نىق ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سېنا-
رىستلىرىمىزغا يەنىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا
كېلىدۇ.

يېڭى تارىخىي باسقۇچتا خىلمۇ-خىل ئۇسلۇب ۋە ئالا-
ھىدىلىكلىرى بار ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. مەسىلەن: تۇرمۇش
چىنلىقىنى تەكىتلەيدىغان، ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش خاراكتېرى-
دىكى «قوشنىلار»، «مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا»، «چېڭ خۇەن-
شىڭنىڭ شەھەرگە كىرىشى» قاتارلىق سېنارىيىلەر، ئوخشىتىش،
مۇبالىغە ۋە رىۋايەتلەردىن دادىللىق بىلەن پايدىلانغان «غەم-
كىن ئادەمنىڭ كۈلكىسى»، «تەسەۋۋۇرنىڭ تەسەۋۋۇرى»، «ئۇ-
چۇپ كەلگەن تۇرنىلار» قاتارلىق سېنارىيىلەر؛ خاتىمىنىڭ
كۆپ خىللىقى جەھەتتە ئىزدىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىگە
بىر خىل خۇلاسە چىقىرىشتىن ساقلىنىدىغان «كىچىك كوچا»
سېنارىيىسى، فانتازىيە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، «تۆتنى زامانى-
ۋىيلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «مارجان كۆلى-

ىدىكى ئەجەل نۇرى» سىنارىيىسى، تراگىېدىيە ۋە كومېدىيىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ «تۆت كې-شىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلمىغان چاغدىكى ۋە ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەر خىل كەچۈرمىشلىرى ۋە تەقدىرىنى يورۇتۇپ بې-رىدىغان يۆلياڭۋەندىكى كۆلكە» ناملىق سىنارىيە، دىئالوگلار-نى كۆپ ئىشلەتكەن، تىلىدا ئۆزگىچىلىكى بار «شىجاۋ كوچى-سى» ناملىق سىنارىيە، دىئالوگلارنى ناھايىتى ئاز ئىشلەتكەن، پېرسوناژلارنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشكە كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن «ناتونۇش دوست» قاتارلىق خىلمۇ-خىل سىنارىيىلەر مەيدانغا چىقىپ، ھەممە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچى-لىشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ كىنو سىنارىيىچى-لىرى ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى، كۆرۈنەرلىك نەتىجى-لىرى ئارقىلىق يېڭى باسقۇچتىكى كىنو ئەدەبىياتىنى ئۇسلۇب، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا يۈزلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى يېڭى دەۋر كىنو ئەدەبىياتىنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

### 3 - §. شىيا يەننىڭ كىنو ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى

شىيا يەن جۇڭگونىڭ ئىلغار كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ باش-لامچىسى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ داڭلىق تەشكىللىگۈچىسى ۋە رەھبىرى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى

كىنوچىلىق ئىشلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

شىيايەننىڭ ئەسلى ئىسمى شىن رۇيشيەن. ئۇ 1900 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدە سۇنغان پومىشىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالغان. نامراتلىق سەۋەبىدىن كىچىك تۇرۇپلا بوياقچىلىق دۇكىنىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن. «4 - ماي» ھەرىكىتىگە قاتناشقان، ئىلغار گېزىت، ژۇرناللارنى ئىشلىگەن. ياپونىيىگە چىقىپ، مانتېيورلۇقنى ئوقۇغان. ياپونىيىدە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ۋە سولقانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ھايدالغان. 1927 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1930 - يىلى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سولقانات يازغۇچىلار بىرلەشمىسى شاڭخەيدە قۇرۇلغاندا، بۇ بىرلەشمىنىڭ ئاكتىپ تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بولۇپ، بېرىلىپ ئىشلىگەن. 1931 - يىلى يانۋاردا قۇرۇلغان سولقانات دراماتۇرگلار بىرلەشمىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولغان، 1932 - يىلى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كىنو گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا كىنو ساھەسىگە يۆتكىلىپ، چولپان شىركىتىنىڭ تەھرىر مەسلىھەتچىسى بولغان.

شىيايەننىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك. ئۇ دەسلەپتە ئىجادىيەتكە ئەدەبىي تەرجىمىدىن كىرىپ كەلگەن. چەت ئەلنىڭ ئىلغار ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. كېگىننىڭ «يېڭى گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» (سوۋېت)، يېپىرنىڭ «ئايالللار ۋە سوتسىيالىزم» (گېرمانىيە)، تىگىسنىجە

چىڭنىڭ «نۇر ۋە زۇلمەت» (ياپون)، گوركىنىڭ «ئانا» (سوۋېت) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرغان. كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ «تەلۋە ئېقىن»، «ئۇپا بازىرى»، «شاڭخەيىنىڭ 24 سائىتى»، «ئايال لار دەستۇرى» دېگەندەك سېنارىيىلەرنى يازغان. ئۇ سېنارىيىدىن باشقا يەنە «چيو جىن تەزكىرىسى»، «شاڭخەيدە»، «فاشىزمنىڭ مىكروپى» قاتارلىق دراممىلارنى يازغان.

ئازادلىقتىن كېيىن يولداش شيايەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئىجادىيەتتىنمۇ توختىماي قويمىدى. «بەخت تىلەش»، «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى»، «ئىنقىلابىي ئائىلە»، «يالقۇن ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك ھايات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆزگەرتىپ سېنارىيىلەشتۇردى. «كىنو سېنارىيىسى يېزىشتىكى بىرقانچە مەسىلە» دېگەندەك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ «شيايەن تاللانما ئەسەرلىرى»، «كىنوچىلىققا دائىر ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، «شيايەن فېلىيەتونلار توپلىمى» دېگەندەك توپلاملىرى بار.

شيايەن جۇڭگو كىنو ئىجادىيىتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ، كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. كىنو نەزەرىيىسىنى بېيىتتى ۋە ئۇنىڭغا يېڭىلىقلارنى كىرگۈزدى. جۇڭگونىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىنى خۇلاسىلىدى. كىنودا ئوبراز يارىتىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كىنو سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزدى. ئۆزىنىڭ ئىجادىي

پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كىنوچىلىقنىڭ ماھارەتلىرىنى ئۆستۈردى ۋە ئۇنى بېيىتتى.

شيايەننىڭ كىنو نەزەرىيىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

ئۇ ئىنقىلابىي رېئالىزمدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ كىنودا دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى، سېنارىيىدە روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، كىنو ئىجادىيىتى كۆچلۈك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئەسەرلەر خەلقنىڭ مەنىۋىي ئوزۇقى بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ، ئۇ «لى شىجىن» دەك تارىخىي تۇرمۇشقا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيىتىنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. كىنونىڭ تاماشىبىنلارغا قارىتا ئوينايدىغان تەربىيىۋىي رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىجادىيەت ماھارىتى ئۈستىدە توختالغاندا، داۋاملىق سېنارىستنىڭ مەيدان، كۆز قاراش ۋە دۇنيا قارىشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ماھارەتنىڭ رولىنى جارى قىلغىلى، ماھارەتنى ئۆز جايىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شيايەن ئىجادىيەتتە تارىخنىڭ كونكرېت بولۇشىنى تەسۋىرنىڭ چىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر دېتال، بىر بۇيۇم (كىنو ئىشلەشتە لازىم بولىدىغان سايمان) بىر ئېغىز سۆز ۋە باشقىلارنىڭ چىن بولۇشىنى، ئادەمنى ئىشەندۈرىدىغان

بولۇشنى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئىسخماتىزم ۋە قېلىپبازلىققا قارشى تۇردى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بولۇپ ئۇقۇمدىن ئۇقۇمغا، ئابستىراكتلىقتىن يەنە ئابستىراكتلىققا ئۆتكەن ئەمەس.

شىيايەن ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇلارنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر تەرەپتىن سېنارىيە ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر سېنارىيىلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆرنەك بولدى.

شىيايەننىڭ سېنارىيە ئىجادىيىتى ئاساسەن ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى سىنارىيىلەشتۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجىرىبىسى ناھايىتى چوڭ. ئۇ ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولۇش، شۇنىڭدەك ئەسلى ئەسەر بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىگە ئېرىشكەن يازغۇچى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزگەرتىپ ئىشلىگۈچىلەر ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولۇشى لازىم. ھەتتا بىرەر دىتالىنى قىستۇرۇش ياكى قىسقارتىشتىمۇ ئەسلى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە، ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىغا زەرەر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ»①، «بىراق شۇنداق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە سېنارىيىنى ئەسلى ئەسەرگە قارىغاندا تېخىمۇ سەۋىيىلىك، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىش

① شىيايەن: «ئۆزگەرتىپ ئىشلەش توغرىسىدا پاراڭلار» دىن، «كىنو توغرىسىدىكى ماقالىلار توپلىمى» غا قارالسۇن

لازىم»①

توۋەندە بىز شيايەننىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلەشتىكى تەجرى-
بىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» دېگەن
ھېكايىسىدا شياڭلىن يەڭگىنىڭ قايتا ياتلىق بولغانلىقى باش-
قىلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتىلىپلا ئۆتۈپ كېتىلىدۇ، شيايەن
ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن سېنارىيىسىدە شياڭلىن يەڭگىنىڭ
قايتا ياتلىق بولغانلىق ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈش بىلەن چەكلىنىپ
قالماي، ساددا، يۇۋاش ئوۋچى خې لاۋليۇنىڭ ئوبرازىنى يا-
راتقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شياڭلىن يەڭگىنىڭ تىراگېدىيى-
لىك تەغدىرىگە ئازغىنە يورۇقلۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى پاجىئەسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە
سېنارىيىنىڭ كومپوزىتسىيە قاتلاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رې-
تىمدارلىقىنى كۈچەيتكەن. خىزمەتكار قىز ئاشياڭ سېنارىيىدىكى
تولۇقلانغان پېرسوناژ بولۇپ، گەرچە ئۇ زىددىيەت توقۇنۇش-
نىڭ ئىچىگە قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شياڭلىن يەڭگە
قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، شاڭلىن يەڭگىنىڭ ئورنىدا نە-
زىرگە قاتناشتۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ تائاملارنى كۆتۈرۈپ، كۆرۈنۈشكە
كىرىشى، يوشۇرۇن بىر پىكىرنى، يەنى شياڭلىن يەڭگىنىڭ
تىراگېدىيىسى يالغۇز ئۇنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئېزىلگەن خو-
تۇن - قىزلارنىڭ ئورتاق قىسمىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە
زور رول ئوينىغان: ئەسەرگە يەنە شياڭلىن يەڭگىنىڭ بۇت-

---

① شيايەن: «ساۋاقلارنى ئۇنۇتمىغاندا، كېيىنكى ئىش ئوڭغا تارتىدۇ» دىن
«كىنو سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 1 - سانىغا قارالسۇن.

خانا بوسوغىسىنى چانىغان ۋەقەسى قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنى كۆچەيتىپ سىنارىيىنى يوقىرى دولقۇنغا كۆتەرگەن. بۇ ۋەقە ئەمەلىيەتتە شياگۈلىن يەڭگە خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتى ۋە تەبىئىي راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك بۇ سىنارىيە ئەسلى ئەسەرگە كېرەكلىك پېرسوناژلارنى ۋە ۋەقەلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئاساسىي قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ئەسەردىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنى تېخىمۇ كۆچەيتكەن، سىنارىيىنى ئەسلى ئەسەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان.

شيايەن يەنە «قىزىل قىيا» رومانىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن ئىدى (شيايەننىڭ سىنارىيىسى بويىچە ئىشلەنگەن كىنونىڭ نامى «يالقۇن ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك ھايات») «قىزىل قىيا» مەزمۇنى مول، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ رومان بولۇپ، شيايەن ئۇنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا سىنارىيىلەشتۈردى. شيايەن ئەسلى ئەسەرنىڭ شاخ، شۇمبىلىرىنى پۇتاپ ئاساسىي غولىنى گەۋدىلەندۈردى، ۋاقىت چەكلىمىسى بار قىسقا سىنارىيىدە شۇي يۈنفېڭ، جياڭ شۈچېڭ، خۇۋازىياڭ قاتارلىق جانلىق ئوبرازلارنى يارىتىپ بەردى. سىنارىيە مۇۋاپپەقىيەتلىك چىققاچقا، ھېچقانداق كىشى كىنونى كۆرۈپ ئەپسۇسلىنىش ھېس قىلىشمىدى.

شيايەننىڭ سىنارىيىلىرىنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ سىنارىيىلىرىنىڭ دراممىلارغا خاس قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «بەخت تىلەش» سىنارىيىسى سوۋېتنىڭ شياگۈلىن يەڭگىنىڭ تىراگېدىيىلىك تەقدىرىنىڭ

تەرەققىياتىدىن ئىبارەت تاق لىنىيىسى بويىچە ئىلگىرىلەپ كې-
لىپ شىياڭلىن يەڭگىنىڭ خې لاۋلىۇ بىلەن بىللە تۇرمۇش
كەچۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دراماتىك قۇرۇلمىنى
بېيىتقان. ئەسلى ئەسەردە شىياڭلىن يەڭگە ئالدىدا ئېرىدىن،
كېيىن ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. سېنارىيە بولسا ئۇنى ئەر-
دىن ۋە بالىدىن تەڭلا ئايرىلغان قىلىپ تەسۋىرلەپ، دراما-
تىك تۈسىنى قويۇقلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەق-
دىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى» ئەسلىدە ماۋدۇننىڭ 1932 -
يىلى يازغان مەشھۇر ھېكايىسى ئىدى. بۇ ھېكايە جياڭنەن-
دىكى بىر كىچىك بازارنىڭ يەنى كونكرېتراق قىلىپ ئېيت-
قاندا بىر كىچىك دۇكاننىڭ خوجايىنىڭ خانىۋەيران بولۇشى
ئارقىلىق گومىنداڭ ئىشخالىيىتىدىكى كونا جۇڭگونىڭ «18 -
سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تۆمۈر
ئاپىنى ئاستىدا قالغانلىقىنى، يېزىلارنىڭ خانىۋەيران بولۇپ،
سودا - سانائەتنىڭ كۆمپەيكۆم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەت-
تۈرىدۇ. ماۋدۇن ئەپەندى بۇ ھېكايىسىدا مىللىي بۇرژۇئازىيىنى
ياپونغا قارشى بىرلىكسەپكە تارتىش ئۈچۈن ھېكايىنى لىن
خوجايىننىڭ ئۈچ چوڭ تاغنىڭ تېگىدە ئېزىلىپ خانىۋەيران
بولغان ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى سۈرەتلەشكە قارىتىپ. كىشى-
لەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولغان ئى-
دى. شىيايەن بۇ ھېكايىنى سېنارىيىلەشتۈرگەندە، 50 - يىللار-
دىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، ئەس-
لى ئەسەرگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا لىن خوجايىننىڭ خا-

راكتېرىگە ئاز-تولا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغانلىقىنى، خارلانغانلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماي، يېڭى دىتاللارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاجىزلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقىنىمۇ تەسۋىرلىدى. يىتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنى، ئاجىز يايمىچىلارنى ئەزگەنلىكى، قاقتى-سوقتى قىلغانلىقىغا دائىر دىتاللارنى قىستۇرۇپ، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان لىن خوجايىنىنىڭ «بۆرىنىڭ ئالدىدا قوي، قويىنىڭ ئالدىدا بىر غالجىر ئىت»① ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى ۋە كونا جەمئىيەتتىكى چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەيدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەردى. بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يەنىمۇ بىر بالداق ئېگىز كۆتەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون ماللىرىنى چەكلىگەنلىكى، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا شاڭخەيدىن كۆچمەنلەرنىڭ كەلگەنلىكى، لوكچەكلەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلغانلىقى قاتارلىق كونكرېت كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنىنىڭ گۈللىنىش ۋە سۇنۇشىنى پۈتكۈل دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن زىچ باغلاپ، ئەسەرنىڭ دەۋر روھىنى كۈچەيتتى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شيايەننىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىدىكى نەتىجىلىرى جۇڭگو كىنوچىلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

① شيايەن «‹لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى› نى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا» دىن. «كىنو ھەققىدىكى ماقالىلار توپلىمى» غا قارالسۇن.

## 4 - §. «لى شۋاڭ شۋاڭ» ۋە «دۇڭ سۇڭرۇي» ناملىق سىنارىيەلەر

1 . لى جۇن ۋە ئۇنىڭ «لى شۋاڭ شۋاڭ» ناملىق سېنارىيىسى

تۆھپىكار يازغۇچى، ئىجاتكار سېنارىست لى جۇن 1928 - يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپنى تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىغىچە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئائىلىدە ئەمگەككە قاتناشقان ۋە بۇۋىسىدىن جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن. لى جۇن ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېزىدا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، يېزا تۇرمۇشى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ چىققان. مانا بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە مۇستەھكەم تۇرمۇش ئاساسى بولغان.

لى جۇن ئىجادىيەتنى 1952 - يىلدىن باشلىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «بۇ يول بىلەن مېڭىپ بولمايدۇ» بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلغان. 1954 - يىلى ئۇ خېنەن ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن 20 نەچچە يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۇ «ئاق تېرەك» «بوۋاي رۇڭ گۋاڭتەي»، «دېھقانچىلىق ئالدىراش بولغان ماي ئېيى»، «لى سى ئەپەندى»، «كۆلرەڭ يەلكەن»، «لى شۋاڭ شۋاڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»، «بىر جۈپ ئورۇق ئات» «بۇلۇتلار خوجىسى»، «قار - مۇزلار

ئېرىپ كەتتى» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلارنى، «خۇاڭخې دەر-ياسى شەرققە قاراپ ئاقماقتا» رومانىنى، «ماشياۋسۇيىنىڭ ھېكايىسى قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلارنى يازدى. لى جۇن-نىڭ بولۇپمۇ سىنارىيە ئىجادىيىتى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك، ئۇ «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ يېڭى قىسسىسى»، «تەبىئەتنىڭ ھۆكۈم-رانى»، «تولپار روھى»، «لى شۇاڭ شۇاڭ»، «چىڭ كې تەز-كىرىسى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە كىنو سىنارىيىسىنى يازغان.

لى جۇن تۇرمۇشتىن دەۋر روھى كۈچلۈك پېرسوناژلار-نى ۋە تېمىلارنى تاۋلاپ ئېلىشقا ماھىر يازغۇچى. ئۇ توغرا جانلىق، شۇنداقلا يۇمۇرلۇق دېتاللار ۋە سۆزلەر ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چوڭ-قۇرلۇقى، راۋانلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ زىچلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. «لى شۇاڭ شۇاڭ» سىنارىيىسىنى لى جۇن ئۆزىنىڭ «لى شۇاڭ شۇاڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» ناملىق ھېكايىسىغا ئا-ساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن.

ئاپتور بۇ سىنارىيىدە ئەسلى ئەسەردىكى لى شۇاڭ شۇاڭ ۋە سۈن شىۋاڭلارنىڭ ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىك-لىرىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەركىزىي ئىدى-يىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەسلى ئەسەردىكى گۇڭ-شېلىشىش مەزگىلىدىكى ئوپچى ئاشخانا قۇرۇشتەك ئاساسىي سۇژىت لىنىيىسىنى پۈتۈنلەي ئىشلەتمىگەن، بەلكى ۋەقەلىكنى نومۇر باھالاشتىن ئىبارەت ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسى ھەم نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇش ۋە بوغۇشقا قارشى تۇرۇشتىن ئى-

بارەت قوشۇمچە لىنىيە ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇم-
نىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان يېڭى ئىدىيىنى مەدھىيىلەپ،
دەۋرنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبا-
رەت مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي
ئىدىيە تېخىمۇ كۈچەيگەن، شۇنىڭدەك پېرسوناژلارنىڭ خاراك-
تېرىمۇ ئەسلى ئەسەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ روشەن يورۇتۇل-
غان. كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە، ئاددىي بىر يېزا ئا-
يالى لى شۇاڭ ئوبرازى يېڭى جۇڭگودا دۆلەتنىڭ ۋە
ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قېلىۋاتقان مىڭلىغان تۈمەنلىگەن
يېزا خوتۇن-قىزلىرىنىڭ تىپىغا ئايلانغان.

لى شۇاڭنىڭ خاراكتېرى يېڭى ئىقتىسادىي مۇ-
ناسىۋەتلەر ۋە يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر زېمىنىدە يورۇ-
تۇلغان ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ بېشىدا ئۇ كى-
تابخانلار (تاماشىبىنلار)نىڭ كۆزىگە دەريا بويىدا كىر يۇيۇۋات-
قان ھالىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋىي ئەخلاق، ئائىلە
كۆز قاراشلىرىغا مۇناسىپ ئاددىي بىر كېلىنچەك بولۇپ كۆ-
رۈنىدۇ. بىراق بۇ كۆرۈنۈشنىڭ كەينىدىكى «كوچىدىكى ماجرا»
ئېپىزوتىدا ئۇنىڭ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىدىغان-
لىقى، تۇرغۇنلۇقى، جۇرئەتچانلىقى ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئاقكۆڭۈللۈكى، سەمىمى،
ئوچۇق-يورۇقلۇقى قاتارلىق ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى
ئۇنىڭ جىن چياۋ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، سۈن يۇ ۋە ئۇنىڭ
خوتۇنى ھەم ئۆز يولدىشى سۈن شۇاڭلار بىلەن بولغان زىددى-
يەت توقۇنۇشلىرىدا، شۇنىڭدەك تۇرمۇشنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرى-

ده بارغانسېرى يۇرۇپ رۇشەنلىشىپ بارىدۇ.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە لى شۇاڭ شۇاڭنىڭ يولىدىشى سۇن شۇاڭنىڭ ئوبرازىنى لى شۇاڭغا يانداشتۇرۇپ ياراتقان. بۇ ئوبرازنىڭ ئەھمىيىتى لى شۇاڭ شۇاڭنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىغا قۇلايلىق ئائىلىۋى مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكىدىلا ئەمەس، مۇھىمى، ئۇنىڭ مۇشۇ زىددىيەتلەر ئارىسىدا بەدىئىي تىپ بولۇپ چىققانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. سۇن شۇاڭ ئاقكۆڭۈل، مۇلايىم، يۇۋاش، ئۆمىدسىزلەنمەيدىغان، دائىم خۇشال يۈرىدىغان، ھەرگىز باشقىلارنىڭ زىيىنىغا تەگمەيدىغان، ئاغىينىدارچىلىقى كۈچلۈك بىر دېھقان. بىز ئۇنىڭ ئوبرازىدىن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى كۆرۈپ ئالالايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يەنىلا فېئودالىزملىق ئەخلاقىي مىزانلار ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كونىلىقىنى ياقلاش ئىدىيىلىرى تەرىپىدىن چۇشۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرىمىز. ئۇ ھەممىگە ياخشىچاق بولۇپ ئۆزىنى قوغدايدۇ ۋە ئەرنىڭ دېگىنىنى ھېساب دەپ ئۇزىنىڭ ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ كونا ئىدىيىلەرنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە يېڭىچە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر بىلەن چىقىشالماسلىقى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ لى شۇاڭ شۇاڭ بىلەن زىددىيەتلىشىدۇ، ئۆزىمۇ مەنىۋى توقۇنۇشلار بىلەن ئازابلىنىدۇ. مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇش ۋە ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىدىكى زىددىيەت لى شۇاڭ شۇاڭنىڭ چېنىقىش ۋە ئۆسۈشىنى شۇنىڭدەك سۇن شۇاڭنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاپتور لى شۇاڭ شۇاڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى جىن چياۋ ۋە سۇن يۇلار بىلەن بولغان زىددىيەت توقۇنۇ- شقا قويغان. بىراق لى شۇاڭ شۇاڭ بىلەن سۈن شۇاڭشىنىڭ زىددىيىتى خاراكتېر توقۇنۇشى، لى شۇاڭ شۇاڭ بىلەن جىن چياۋ ۋە سۇن يۇنىڭ زىددىيىتى ئىدىيىۋى توقۇنۇش بول- غانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئىدىيىۋى توقۇنۇش تېخى مۇكەم- مەل ئوبراز شەكلى بىلەن تەمىن ئېتىلمىگەندە، بەدىئىي تە- سىر كۈچىگە ئىگە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، جىن چياۋ، سۈن يۇ دىن ئىبارەت قوشۇمچە پېرسوناژلار پەقەت ئوقۇمنىڭلا ۋەكىلى بولۇپ قالغان. رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى تىپىك ئوبراز يارىتىش، تىپىك خاراكتېرنى يورۇتۇش. لى شۇاڭ شۇاڭ ئوبرازىنىڭ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى تىپىك خاراكتېرنىڭ ئەهمى- يىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. جىن چياۋ، سۈن يۇ ئوبرازلىرىدىكى يېتەرسىزلىك ئوقۇمنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ سېنارىيە قويۇق كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە. بۇ ئالا- هىدىلىكنى لى شۇاڭلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش كۆرۈ- نۈشلىرىدىن، جۈملىدىن سۈن شۇاڭشىنىڭ ئىككى نۆۋەت تاماق ئەتكەنلىكى، ئىككى قېتىم ئۆينى تاشلاپ چىقىپ، ئىككى قېتىم قايتىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەردىن ئېنىق كۆرگىلى بو- لىدۇ. ئاپتور ئەسەرنى مۇشۇنداق يېزىش ئارقىلىق كەڭ ئەم- گەكچى خەلقنىڭ بولۇپمۇ دېهقانلار ئاممىسىنىڭ زوقلىنىش

ئادەتلىرىگە ماسلاشقان. ئەسەر تىلىنىڭ ئوبرازلىق، ئاممىباپ بولۇشى، بولۇپمۇ تىلىنىڭ تۇرمۇشتىن كەلگەنلىكى ئەسەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ھېسابلىنىدۇ. لى شۇاڭ شۇاڭ، سۇن شۇاڭ ئوبرازلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقىنى ئەسەر تىلىنىڭ ئوينىغان رولىدىن ئاجرىتىپ قاراشقا بولمايدۇ.

## 2. كىنو سېنارىيەسى «دۇڭ سۇنرۇي»

«دۇڭ سۇنرۇي» سېنارىيەسىنى دىڭ خۇڭ، دۇڭ شاۋخۇا، جاۋ خۇەنلەر بىرلىكتە يازغان. بۇ ئەسەر 1956 - يىلى ئېلان قىلىنىپ، بىزنىڭ كىنو ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى سەۋىيەسىنى نامايان قىلدى. بۇ راست ۋەقە، راست ئادەمگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ ئىجاد قىلىنغان مۇنەۋۋەر سېنارىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىسى دۇڭ سۇنرۇينىڭ شانلىق ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، ئاددىي بىر يېزا بالىسىنىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ تەربىيەسىدە، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ جەڭلىرى ئىچىدە تاۋلىنىش ئارقىلىق كۆرەش قەھرىمانى بولۇپ يېتىشكەنلىك جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ئەسەر ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرى ۋە ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىنى، يەنى جۇڭگو خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، «ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەت بىلەن ئېلىپ بارغان ئازادلىق ئۇرۇشنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، دۇڭ سۇنرۇينىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرى-

مانلىقىنى ئەنە شۇ دەۋرى شارائىت ئاستىدا ئىپادىلەپ بەرگەن.

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى ئەسەرنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا فورمۇلا ۋە رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي رېئالىستىك ئىجادىيەت مېتودىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوبراز ياردىتىشتا ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجە بولۇپمۇ دۇڭ سۈنرۈينىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇش ۋە قەھرىمانغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىغا ئېرىشىش جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاپتورى دىڭ خۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «چوقۇم يولداش دۇڭ سۈنرۈينىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ چىنلىققا ئاددى بولۇشقا ئېرىشىش كېرەككى، قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈشكە ۋە كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە پايدىلىق بولغان، شۇنىڭدەك بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا باشتىن كەچۈرگەن ۋە ھېس قىلغان ماتېرىياللارنى تاللىۋېلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ماتېرىيال ھەتتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە بەك تەسىرلەندۈرىدىغان بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ،»①، «ھەممە نەرسە قەھرىماننى دەۋر قىلىش، ئەسەر سۇژېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشىمۇ قەھرىماننىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.»② سىنارىيىنىڭ ئاپتورلىرى

---

①،②: دىڭ خۇڭ «بىز ‹دۇڭ سۈنرۈي› سىنارىيىسىنى قانداق ئىجاد قىلدۇق؟» تىن «ئائەمۇدي كىنو» ژۇرنىلىنىڭ 1956 - يىللىق 5 - سانىغا قاراڭ.

ئاشۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇش چىنلىقى بويىچە دۇك سۇنرۇيىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتالىغان.

سىنارىيىدىكى دۇك سۇنرۇي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان، روشەن خاسلىققا ئىگە، شۇنىڭدەك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان جانلىق ئوبراز. ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز، مۇھەببەت-نەپرىتى ئايدىڭ، قەيسەر. (بالىلىق تەرسالىقى تېخى كەتمىگەن)، قەلبى گويا كىرىستالدەك سۈزۈك ۋە پاك. ئۇ تېخى يېتەرلىك چېنىقمىغان، تەجرىبىسى كەم. ئۇ ئىنقىلابقا ئۆزىنىڭ ساددا كۆڭلى بىلەن بېرىلگەن چاغلىرىدا ئۇنداق ياكى بۇنداق كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلىدۇ. (بۇنداق بولۇشى تەبىئىي) دۇك سۇگرۇي ئۆزىنىڭ هايات ماماتى بىلەن هېسابلاشماي كىچىك قىزچاقنى ئوت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقى، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى بىلەن كىشىنىڭ هۆرمىتىنى قوزغايدۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز يېشىنى يوشۇرۇپ ئەسكەر بولماقچى بولغانلىقى، باشلىقلارنىڭ ئوقىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قوسىقى كۆپكەنلىكى ۋە شۇ سەۋەبتىن لىيەنجاڭ بىلەن دەۋالاشماق بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئون پاي ئوقتىن توققۇزىنى ئېتىپ قويغانلىقى ۋە باشلىقلارنىڭ نۇرغۇن ئولجا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ هېچنەرسە قىلالمىغانلىقىغا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ كەتكەنلىكى، پارتىيە ئەزاسى ئەمەس تۇرۇپ جىداۋيۈەنگە پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى تاپشۇرماق بولغانلىقلىرى ئارقىلىقمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ ئوبرازىنى باشتىن-ئاياق ئەمەلىي تۇرمۇش ئاساسىغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن

بولۇپ، بۇ ئاددىي جەڭچىنىڭ قانداق قىلىپ پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئۆسۈپ يېتىلـ-گەنلىكىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئوبرازىدا كۆپتۈرۈش، پەدازلاش يوق. ئاپتور ئۇنى كەمچىلىكى يوق، كەم-كۈتىسىز قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىمىگەن.

ئەسەردە دۇڭ سۇنرۇي ئوبرازىدىن باشقا يەنە دۇڭ سۇنرۇينىڭ سەپدىشى جى جىڭباڭ، رايونلۇق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ پىڭلارنىڭ ئوبرازىمۇ تەسىرلىك، جانلىق قىلىپ يارىتىلغان. ئاپتور ئوبراز يارىتىشتا ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىگە يەتكەن.

قۇرۇلما جەھەتتە ئاپتور قۇرۇلمىنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە دراماتىك توقۇنۇش ھاسىل قىلالايدىغان دېتاللارنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلغان. ئاپتور دۇڭ سۇنرۇينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سېنارىيىسىدە «ئوت ئۆچۈرۈش»، «ئەسكەر بولۇش»، «ۋاڭ پىڭنىڭ قۇربان بولۇشى»، «ئوق مەسلىسى» ۋە «جەڭ-گە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىش» ئاخىرىدا «ئىستىھكامنى پارت-لىتىپ قۇربان بولۇش» قاتارلىق جانلىق، تەسىرلىك دې-تاللارنى ئۇيۇشتۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا دۇڭ سۇنرۇينىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن دۇڭ سۇن-رۇينىڭ پالۋان نىيۇيۇخې بىلەن چېلىشقانلىقى، جاۋلىيەنجاڭ-نىڭ دۇڭ سۇنرۇينى تەنقىدلەپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقا لۆڭگە بەرگەنلىكى دېگەندەك ئىشلارنى قىستۇر-غان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى

بولغان. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «دۇك سۇنزۇي» سىنارىيىسى ئېلىمىز كىنو ئەدەبىياتىدا ئوبراز يارىتىشتا تۈنجى قېتىم بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

### 5 - §. لۇيەنجۇ ۋە ئۇنىڭ «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» ناملىق كىنو سىنارىيىسى

لۇيەنجۇ 1928 - يىلى تۇغۇلغان. ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن. ئۇ 1948 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن، خۇادۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىمالىي تارماق مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1950 - يىلىدىن كېيىن ئەنخۇي ئۆلكىلىك مەمۇرى مەھكىمە-نىڭ مائارىپ باشقارمىسى ۋە ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت-چىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن. 1957 - يىلىدىن باشلاپ مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ھەر خىل ژانىرلاردا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ «قايتىپ كېلىش»، «چۈش»، «ئالتۇنرەڭ سەھەر قۇياشى»، «شەرق شامىلى ئاستىدىكى كىشىلەر»، «ۋاڭ چىنـ-فىڭ» قاتارلىق درامىلارنى، «خۇەيبېي پاراگلىرى»، «باغنىڭ ئىچىدە باھار»، «شاپتول چېچەكلەشتىن بۇرۇن»، «لۇيەنجۇ ھېكايە ۋە نەسرلىرى توپلىمى» شۇنىڭدەك يەنە «قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش» دېگەندەك پوۋېستلارنى يازغان.

لۇيەنجۇ گەرچە ھەر خىل ژانىرلاردا ئەسەرلەر يېزىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىنارىيە ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك.

لويەنجۇ — ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر كىنو ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە داڭلىق سىنارىست. ئۇ ئىجاد قىلغان سىنارىيەلەرنىڭ سانى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى ھەم تەسىرى كۈچلۈك، ئۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ 1 - باسقۇچىدا (17 يىلدا) «باھار كەلدى»، «سۇمرۇق ناخشىسى»، «ئەجدىھا كۆلى» قاتارلىق سىنارىيەلەرنى، 3 - باسقۇچتا (يېڭى تارىخىي باسقۇچ) «دەرەخلەر ياشىرىپ، گۈللەر ئېچىلدى» (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىجاد قىلغان)، «جياڭنەندىكى قار»، «سادا»، «لياۋ جۇڭكەي»، «ئەۋەتىلمەيدىغان خەت»، «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» قاتارلىق سىنارىيەلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تېمىدىكى رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە موللىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن شۆھرەت قازاندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ چوڭ. ئۇ تۆنجى قېتىملىق ئالتۇن خوراز كىنو مۇكاپاتى ۋە بارچە گۈللەر كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئەڭ ئېسىل ھېكايە فىلىم بولۇپ باھالاندى. بۇ ئەسەر جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ زور بولغانلىقىنى ئەسەر ئاپتورى لۇيەنجۇ ۋە رېژىسسور شيې جىن تاپشۇرۇۋالغان تاماشىبىنلار (كىتابخانلار) نىڭ خەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئازادلىقتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىلغىچە

ھېچقانداق سېنارىست بۇنچىۋالا ئىۇرغۇن خەت تاپشۇرۇۋالغان ئەمەس. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى لوچۇننىڭ ئەگرى-توقاي تۇرمۇش يولىنىڭ كىنابىخانلار (تاماشىبىنلار) قەلبىدە قوزغىغان ئەكس ساداسىدىن، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرىدىن ئىزدەش كېرەك.

بۇ سېنارىيىنى لۇيەنجۇ ئۆزىنىڭ شۇ نامدىكى پوۋېست-تىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىر زىيالىينىڭ خاتا بىر-تەرەپ قىلىنغان ئەنزىسىنىڭ ئوڭشۇلۇپ، مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، لوچۇن ۋە فەن چىڭخىڭنىڭ «سول» چىل لۇشيەن باش كۆتەرگەن ئاشۇ كۆلپەتلىك يىللاردا نامايان قىلغان ئۇلۇغۋار غايىسى گۈزەل قەلبى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىنى مەد-ھىيىلىگەن.

ئەسلى ئەسەر لوچۇننىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇڭ خۇيىنى 1-شەخس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە مونولوگلىرىدىن شەكىللەنگەن ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن سېنارىيە بولسا، ئۈچ ئايالنىڭ كۆزىتىش ۋە ھەرىكەتلىرىنى بىر نۇقتىغا يەنى لو-چۇنغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مول ئىجتىمائىي مەزمۇننى يورۇتۇپ بەردى. ئەسەرنىڭ بۇنداق ئۆزگەرتىلىشى لو چۇننىڭ ئۆز-گىچە تەقدىرىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپلا قالماي، يۇقىرقى

ئۈچ ئايالنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىدىيۋى قىياپىتىنى ۋە خا-راكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

سۈك خۇي ئوبرازى ئەسەردە جانلىق ۋە مۇكەممەل قىلىپ يارىتىلغان. سۈك خۇي لۇ چۈننىڭ تۇنجى سۆيگۈنى. ئۇ دەسلەپتە ساددا، گۆدەكلىكى بار قىز بولغاچقا، ئۆز سۆي-گۈنىنىڭ «دۈشمەن» بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئېغىر سىيا-سىي بېسىم ئاستىدا مۇھەببىتىنى ئۈزىدۇ ۋە كېيىنچە، ئۆزى ئەزەلدىن ئۈچ كۆرىدىغان ۋۇ ياۋ بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن سىنارىيە «تىمتاس» لىق ئاستىدىكى «داۋالغۇش» (ھەرىكەت) نى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېغىر مەنىۋى ئازابىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئەسلى ئەسەردىكى يازما تەسۋىردىكىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان. مەسىلەن: سىنارىيىدە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بار. ۋۇياۋ ئۇنى بىر كاچات ئۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا تىزلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ. بۇ چاغدا سۈك خۇي ئۈندىمەيدۇ، قېتىپ قالغان ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي تۇرىدۇيرىدۇ، پەقەت ئايەغى ئاستىدىكى ۋۇ ياۋغا ئازابلىق ۋە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئېغىزىدىن ئاققان قان پەسكە سىرغىيدۇ. بۇ كۆ-رۈنۈشنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە سۈك خۇينىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇن نەچچە يىللىق مۇھەببەتسىز تۇرمۇش ۋە ھەر خىل داۋالغۇشلار ئاخىرى سۈك خۇينى غەپلەت ئۇيۇ-قۇسىدىن ئويغىتىدۇ. سۈك خۇي «ئورۇندىن دەس تۇرۇپ ئىشقا كىرىشىش» ئىرادىسىگە كېلىدۇ. سۈك خۇي خاراكتېرىنىڭ

مەنتىقىلىق تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىلىۋاتقان كىتابخانلار (تاماشىبىنلار) ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ساددىلىقلىرىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

فىن چىڭفىنىڭ ئوبرازى ئەسەردە بىر خىل گۈزەل روھقا سىمۋول قىلىنغان. ئۇنىڭ تۇرمۇشقا ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى سۇڭ خۇيغا قارىغاندا چوڭقۇر. لىو چۈن «ئوڭچى» قالپىقى كىيىپ، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا سۇڭ خۇينىڭ دوستى بولغان فىن چىڭفىنىڭ لو چۈنگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ لىو چۈننى «خۇددى كىرىستالدەك پاك»، «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەللىككە ئىگە» دەپ قارايدۇ. ئاپتور بۇ يەردە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، جىڭ ئالتۇن لايىغا بۇل- غانغان ئاشۇ كۈنلەردە لو چۈننىڭ «پاك» ۋە «گۈزەل» لىكىنى يالغۇز فىن چىڭفىنىڭلا كۆرەلىگەنلىكى ئارقىلىق فىن چىڭ- فىنىڭنىڭ تېخىمۇ «پاك» ۋە تېخىمۇ «گۈزەل» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسەردىكى فىن چىڭفىنىڭ قار- بوراندا ئېغىر كېسەل بولغان لوچۈننى چانا بىلەن سۆرەپ كېتىۋاتقان كۆ- رۈنۈشى ئىنتايىن تەسىرلىك. قارلىق دالا، ئاچچىق شىۋىرغان، ئېغىر چانا، تىركىشىپ - تىرمىشىپ چانا سۆرەۋاتقان فىن چىڭفىڭ ۋە چاننىڭ ئارقىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىز... بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈش بىلەن شېئىرىي تۇيغۇنىڭ بىرلىك- مىسىنى ھاسىل قىلىپ، فىن چىڭفىڭ ئوبرازىنى لىرىكىلاشتۇرغان. مانا مۇشۇنداق يۈكسەك پەزىلەتنىڭ ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھايات- لىق شامى بىلەن باشقىلارنى يورۇتۇپ، ئۆزى ئۆچۈپ تۈ-

گەيدۇ. سەكرات چۈشككىدە ياتقان فىن چىگفىنىڭ لىو چۈنىنىڭ «مەسىلىسى» نىڭ ھەل بولغىنىنى ئاڭلىغاندا، بەختىيارلىق تەبەس-سۇمى ئىچىدە كۆزىنى يۇمىدۇ. مانا مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئاپتور بىر كۆرۈنۈشنى قىستۇرغان بولۇپ، فىن چىگفىنىڭ ئۆچىسىدىن چۈشۈرمەي 20 نەچچە يىل كىيگەن كونا كۆينىكى، ئاشنا ختىيدىكى توغرىلىپ بولۇنمىغان تۇزلۇق سەيلەرنى سۇ-رەتلەپ كىتابخانلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. ئاپتور مۇشۇ كۆرۈنۈش ئارقىلىق فىن چىگفىنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بولىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئىنتايىن باي، دېگەن پىكرىنى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تاپشۇرىدۇ.

جۇيۇيىمېن — تۇرگۇن، سۆزلەشتىمۇ، ھەرىكەتتىمۇ دادىل بىر قىز. ئۇنىڭ ئېغىزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك. كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدۇ ۋە شۇنى قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەت قامچىسى بىلەن پەسكەشلىكلەرنى قامچىلايدۇ. ئۇ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، ئاپتور ئۇنى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ۋۇ ياۋ ئۇبرازى ئەسلى ئەسەردىمۇ ئوبدان يارىتىلغان. سىنارىيىدە بولسا تېخىمۇ پىششىقلىنىپ، مۇكەممەللەشتۇرۇلگەن. ئۇ تۆرىچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، جاھىللىق شەخسى-يەتچىلىك ۋە ئىدىيىدىكى قاتماللىق ئۇنىڭ خاراكتېر ئالا-ھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر ئۇنى مۇبالىغىلاشتۇرمىغان، بەلكى تۇرمۇش چىنلىقى بويىچە سۆرەتلىگەن. 1957 - يىلى لو چۈننى ئوكچى قىلىپ قويۇشتا ئۇنىڭمۇ قولى بار. ئۇ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بەدىلىگە يوقىرىغا ئۆرلەيدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇمۇ «4 كىشىلىك گورۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. بىراق مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، «4 كىشىلىك گورۇھ» نىڭ باشقىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان ئۇسۇللىرى بويىچە باشقىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ. شۇڭا لو چۈنگە قارىتا سىياسەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈشتە پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ. سۆڭ خۇينىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشى، ئەمەلىيەتتە، «سول» چىل كىسەللىكىنىڭ مىكروپلىرىدىن چەك ئاجىراتقانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ سىنارىيە مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا قەلبى گۈزەل، پەزىلەتلىك فىن چىڭفىڭ، سىياسىي جەھەتتىكى گوۋدەكلىكى سەۋدۇيدىن ئالدانغان، لېكىن ئاخىرى ئويغىنىپ ئۆز يولىنى تاپقان سۆڭ خوي، ئۆزىنىڭ ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلىقى بىلەن ھېساپلاشماي باشتىن ئاخىر پارتىيە ۋە ۋەتەنگە سادىق بولۇپ كەلگەن لوچۈن، ئىدىيىسى قاتمال، پەزىلەتسىز ۋۇ ياۋ، تېخى بالىلىقى يوتمىگەن، ئەمما پىكىرقىلىشقا ئامراق، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك جۇ يۈيمېن قاتارلىقلارنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەن. بۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوبرازلار ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن سېلىشتۇرغاندا، لوچۈننىڭ ئوبرازى تازا پۇختا ۋە مۇكەممەل ئەمەس. سېنارىيە ئۇنىڭ مەنىۋى ئازاب، ئىدىيىۋى توقۇنۇشلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن. بۇنى سىنارىيىنىڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

سېنارىيىنىڭ قۇرۇلمىسى: سېنارىيە ناھايىتى ئەپچىل

بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە. ئەسەردىكى پۈتۈن ۋەقەلىك ئۈچ نەپەر ئايالنىڭ كۆزىتىشلىرى ۋە پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تال سۈژىت لىنىيىسى بويىچە تەرەققى قىلغان. جۇ يۈيجىننىڭ ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق لو چۈن ۋە فىن چىڭفىڭنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشى تونۇشتۇرۇلغان، سۇڭ خۇينىڭ ئەسلىمىسى ئارقىلىق ئۇكچىلارغا قارشى ھەرىكەت جەريانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر كۆرسىتىلگەن. فىن چىڭفىڭنىڭ خېتى بولسا ئۇنىڭ ۋە لوچۈننىڭ ئۇكچىلارغا قارشى ھەرىكەتتىكى تۇرمۇشى ۋە پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن.

سىنارىيىنىڭ تراگېدىيىلىك پۇرىقى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن كىتابخان (تاماشىبىن) ئۇنىڭدىن ئۈمۈتسىزلىك ھېس قىلمايدۇ. بەلكى سىنارىيىدىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ گۈزەل روھىي قىياپىتىدىن، يۈكسەك پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئىلھاملىنىدۇ.

## 6 - § . «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» ۋە «يەلقۇچى» سىنارىيىلىرى

### 1 . «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» سىنارىيىسى

«مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» سىنارىيىسىنى جاڭ شۈەن ئۆزىنىڭ شۇ ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن.

ئاپتور ئۆز سىنارىيىسىدە بىر پۇفايكىدىن ئەپلىك پايدىلىنىپ لىڭ خۇا ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى (سۇۋنى، خۇامېي) نىڭ ئوخشىمايدىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى (ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارغا ئۇيۇشۇش مەزگىلى، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق، يېڭى تارىخىي باسقۇچ) مۇھەببەت سەرگۈزەشـ

تىلىرىنى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ، بۇ ۋاقەلەرنى ئۆز سالمىقى بويىچە رەتكە تىزىپ، قايىل قىلارلىق سېلىشتۇرما ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇزغۇنچىلىق-لىرىنى قاتتىق پىپەن قىلىدۇ ۋە پارتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى لۇشيەننى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ، يېزىلاردا يېڭى سىياسەت ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن پەيدا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاپتور مۇھەب-بەتنى نوقۇل ھالدا مۇھەببەتنى يېزىش ئۈچۈنلا يازمىغان، بەلكى بىر ئانا ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزىنىڭ مۇھەببەت تۇر-مۇشىنى ئۇلارنىڭ سىياسىي ھاياتى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ ئۇلارنىڭ ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەر خىل روھىي قىياپەتلىرىنى ئەكس ئەت-تۈرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋىي مەدەنىيەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەر-گەن، ھەقىقىي سوتسىيالىزم بىلەن يالغان سوتسىيالىزمنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەسەر مۇشۇنداق مول مەزمۇن ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋىي پىكىرنى يورۇتۇپ بەرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. بۇ سىنارى-يە ئۆزىنىڭ مۇۋاپىپەقىيەتكە مۇناسىپ ھالدا بەشىنچى قېتىملىق بارچە گۈللەر كىنو مۇكاپاتى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئالتۇن خوراز كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئەڭ ئېسىل سىنارىيە بو-لۇپ باھالاندى.

سىنارىيىدە تەسۋىرلەنگەن ۋاقەنى ئاپتور چەت بىر جايدىكى كاۋشەنجۇاڭ دەيدىغان تاغلىق كەنتكە ئورۇنلاش-

تۇرغان. كاۋشەنجۇاڭدىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت «بۇلۇڭ»① دا تۇرغۇزۇلغان ياشلار پويىزنى كۆرۈپ باقمىغان، باللار جويىزە دىگەننىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق نامرات، مۇنداق قالاق جايدا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قۇلايلىق مۇھىت تاپالماسلىقى تۇرغان گەپ. بۇ يەردە يىگىت-قىزلار ئەركىن مۇھەببەتلىشەلمەيدۇ، شۇڭا شياۋ باۋزى بىلەن سۈن نىنىڭ مۇھەببىتى تىراگېدىيە بىلەن ئاياقلىشىدۇ. سۈن نى جامائەت ئىچىدىكى سۆز-چۆچەككە ۋە ئېغىر بېسىمغا چىدىماي، ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبكارى دەپ قارىلىپ تۈرمىگە يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان شياۋ باۋزى ھەسرەتلىك پىغان چېكىدۇ. بۇ ۋەقە ئەينى دەۋردىكى تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ چىنلىقىنى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، مەنىۋي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ موھىملىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

سىنارىيەدە 3-ئومۇمىي يىغىندىن ئىبارەت باھار شامىلى بۇ «مۇھەببەتتىن خالى بۇلۇڭ»② غا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاغلىق يېزىنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگۆرۈدۇ. شۇڭا ئاپتور سىنارىيىنىڭ ئاخىرىغا كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان: «ئىللىق باھار يېتىپ كەلگەن چاغدا، گۈزەل مۇھەببەت يەنە يىراقتا قالارمۇ؟» دېگەن ئېكران سىرتىدىكى سۆزنى

①،② بۇ سىنارىيەنىڭ ئەسلى نامى «مۇھەببەتتىن خالى بۇلۇڭ»، بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچىغا «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ يەردە ماكاننى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئەسەر نامى ئەينەن ئېلىندى — تۈزگۈچىدىن.

ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ سۆز سۈن ئىلەرنىڭ مۇھەببەت تراگېـ-
دىيىسىدەك پاجىئەلەرنىڭ ئەندى ھەرگىز تەكرارلانمايدىغانـ-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، سۈن ئىنىڭ سىڭلىسى خۇاڭمېي
بىلەن زۇك شۇنىڭ مۇھەببەت غۇنچىسىنىڭ چوقۇم ھۆپپىدە
ئېچىلىدىغانلىقىنى دېرەكلەيدۇ.

ئەسلى ئەسەردىكى سۈن نى بىلەن شياۋ باۋزىنىڭ ئاردـ-
سىدا ئاشلىق ئامبىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى سىنارىيىگە
كىرگۈزۈش، كىرگۈزمەسلىك مەسىلىسىدە ئاپتور جاڭ شۈەن
ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ كۆرۈنۈشنى سىنارىيىدە ساقـ-
لاپ قالدى. بۇنداق قىلىش زۆرۈر ۋە ئورۇنلۇق. چۈنكى
بۇ ۋەقە كاۋشەنجۇاڭ كەنتىنىڭ مۇھەببەتسىز «بۇلۇڭ»
بولۇپ قېلىشىدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەرنى كۆرسىـ-
تىش بىلەنلا قالماي، بۇ «بۇلۇڭ» دىكى ياشلارنىڭ ماددىي
گادايلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى نامراتچىلىقىنى
چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىتابخانلار (تاماشىبىنلار) بۇ
ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغانلىقى، بىلمەيدىغانـ-
لىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت گۈلىنىڭ ياخـ-
شى مۇھىت، قولايلىق ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمەي، ۋاقىتسىز
خازاڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك مۇـ-
ھەببىتىگە ئېچىنىدۇ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.

2. «يىلقىچى» سىنارىيىسى

يېقىنقى يىللاردا پروزا ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە
ئەگىشىپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى سىنارىيىلەشتۈرۈش خىزمىتىمۇ

كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

«تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە»، «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار»، «شۇ ماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى»، «فۇرۇك بازىرى»، «يىلقىچى» «ئاQ نىڭ تەرجىمھالى»، «شياڭزى تۆگە» قا- تارلىق سىنارىيىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۆزگەرتىپ ئىشلەشتىكى زور نەتىجىلەرنى تولۇق نامايان قىلدى.

سىنارىستلار ئەسلى ئەسەرلەر ئاساسىدا قايتا ئىجاد قىلىپ، خۇددى ئەسلى ئەسەرگە ئوخشاشلا زور بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. تۆۋەندە بىز يازغۇچى جاڭ شيەنلياڭنىڭ «جان ۋە تەن» ناملىق ھېكايىسىغا ئاساسەن لى جۈن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «يىلقىچى» سىنارىيىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ سىنارىيەمۇ خۇددى «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» گە ئوخشاش زىيالىيلارنىڭ «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ دەستى- دىن تارتقان جەۋرى- جاپالىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، لېكىن پاش قىلىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىگەن. خۇددى پېشقەدەم سىنارىست لۇيەنجو ئېيتقاندەك: «سەنئەت چىن بولۇشى، پېر- سوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى چوڭقۇر قېزىلىش كېرەك. بىراق چوڭقۇر بولۇش دېگەنلىك، ئىجتىمائىي ئازاب ئوقۇبەتلەرنى ئۆز پېتى ئەكس ئەتتۈرۈپ قويسىلا بولدى كۇبايە دېگەن گەپ ئەمەس. سەنئەت ئۆزى گۈزەل بولغاچقا، ئۇ چوقۇم كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىشى، كىشىلەرنى ئۆز تۇرمۇشىنى ئەھمىيەتلىك ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم»، «يىلقىچى» سىنارىيىسى ئەنە شۇنداق قىلغان بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشنى قاپ- قاراڭغۇ جاڭگال قىلىپ تەسۋىرلىمىگەن،

ئىستىقبالىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن، بەلكى دۆلەت، پارتىيە، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-قازالارنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى قېزىپ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئەشۇ ئاپەتلىك كۈنلەردە ئىپادىلىگەن تەۋرەنمەس ئىرادە، تولۇق ئىشەنچ ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن.

دەرۋەقە سېنارىيىنىڭ باش قەھرىمانى شىيې لىنيۈننىڭ بېشىغا ئاز بالالار كەلمەيدۇ. ئۇ 1957-يىلى خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق ئېغىر بوپنى يودىگىنىچە چىلىيەنشەن تېغى ئېتىكىگە كېلىپ يالىقچى بولىدۇ. ئېغىر بېسىم، چىدىغۇسىز ئازاب دەستىدىن ئۇ ھەتتا تۇرمۇش-تىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆلۈپ تۈگەشمەكچىمۇ بولىدۇ. سېنارىيە-مۇشۇنداق رېئاللىقتىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمىگەن، لېكىن ئۆز پېرسوناژىنى ھەسرەت چېكىپ، نىدا قىلىپلا يۈرۈيدىغان، پۈتۈن-لەي ئۆزىنىڭ كۆلپەتلىك ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلىمىلىرى بىلەن ياشايدىغان شەخسى قىلىپمۇ تەسۋىرلىمىگەن، بەلكى ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئۆز بەختىنى تېپە-ۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭدا تۇرمۇشقا قارىتا ئىشەنچ پەيدا بولۇپ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنىڭ نېمىلىكىنى تونۇپ ئالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ «ھاياتلىق يىلتىزى»نى ۋەتەن خەلقىنىڭ ئارىسىغا كۆمۈش، «دۆڭگە ۋەتەن بىلەن بىللە ياشىمىش» قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن. سېنارىيە كونكرېت ۋە تەسىرلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ يېڭى تونۇشىنى، ئىدىيە ۋە خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تولۇق ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلار

سىنارىيە غەزەپ - نەپرەتنىلا كۆرۈپ، مۇھەببەتنى كۆرمەيدىغان، رەزىللىكنىلا كۆرۈپ، گۈزەللىكنى كۆرمەيدىغان، بۇلۇتنىلا كۆرۈپ، قۇياش نۇرىنى كۆرمەيدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى ۋەتەندىن شەكلىنىدىغان خاھىشلاردىن قەتئىي ساقلانغان بولۇپ، باش قەھرىمان ئوبرازىدا ئەكس ئېتىلگەن ئىراگېدىيىلىك تۇيغۇنى يۈكسەك گۈزەللىك ئارقىلىق كىشىلەرنى «سول» چىللىقنىڭ كەلتۈرگەن كۈلپەتلەرگە قارىتا توغرا تونۇشتا بولۇشقا، باھارنىڭ قەدرىگە يېتىشكە ۋە ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلەشكە دەۋەت قىلغان شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرگە ۋاقىتلىق ۋە ئايرىم ھالەتتىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنىڭ چوقۇم ھەل بولىدىغانلىقى، يورۇقلۇق ھامان قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى شەرھلەپ بەرگەن.

بۇ سىنارىيەنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىزگە ھەقىقىي رېئالىزم ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پاسسىپ ھالدا ئاشكارىلاپ قويۇش ۋە قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«يىلقىچى» سىنارىيىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك. تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور. شۇڭا بۇ ئەسەر ئالتىنچى قېتىملىق بارچە گۈللەر كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

* * *

مۇھاكىمە ۋە تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئېلىمىز كىنو ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار.

2 . 17 يىلدىكى (1 - باسقۇچتىكى) كىنو ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرى قايسىلار؟ شۇ چاغلاردىكى ۋەكىللىك سېنارىيىلەر قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى كىملەر؟

3 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى كىنو ئەدەبىياتىغا قانداق باھا بېرىسىز؟

4 . يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى كىنو ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە بەدىئىي ئىزدىنىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار.

5 . سىلەر شىيايەننىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا ئائىت نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئۇنىڭ سېنارىيىلەشتۈرۈشتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ سۆزلەڭلار.

6 . «لى شۇاڭ شۇاڭ» ۋە «دۇڭ سۈنرۈي» سېنارىيىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ؟ كونكرېت قىلىپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

7 . «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» سىنارىيىسى قۇرۇلما جەھەتتە ئەسلى ئەسەرگە قانداق تۈزۈتۈش كىرگۈزدى؟ بۇنىڭ قانداق ئەۋزەللىكى بار؟ سېنارىيىدىكى ئۈچ ئايالنىڭ ئوبرازىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭلار.

8 . «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» سېنارىيىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن نېمە؟

9 . «يىلقىچى» سېنارىيىسىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭلار.

10 . «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» ۋە «يىلقىچى» سىنارىيىلىرى پاش قىلىش بىلەن مەدھىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىنغان؟

ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى كاپىتالىست دادىسىنىڭ مىراسخورى بولۇشنى رەت قىلىپ يايلاقتا، ئاشۇ ئاددىي-ساددا ئەمگەك-چىلەر ئارىسىدا قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن سۈنئىيلىك ھېس قىلمايدۇ.

سىنارىيە شىيې لىنيۈننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يورۇتۇش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى چوڭقۇر قازغان. ئەسەرگە ئەتەي تراگېدىيىلىك پۇراق بېرىشكە ئۇرۇنمىغان.

高等学校教材

# 中国当代文学

（维吾尔文）

2


شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1168 × 850، 1/32: باسما تاۋاق: 9.37

1987 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

1987 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1-3.000

بىرلەشمە نومۇرى: 7129·1873 MK

باھاسى: 1.03 يۈەن

بىرلەشمە نومۇرى: MK 7129 · 1873
باھاسى: 1·00 يۈەن